
«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION



2

ISSN 1008-6498

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى
# 新疆文化



تونۇلغان يازغۇچى، ژۇرنالىست ئايشەم ئەخمەت خانىم تەۋەللۇتىنىڭ 60 يىللىقىنى مۇبارەكلەيمىز

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(51-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2002-يىل 2-سان
(ئومۇمىي 254-سان)



ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى
مۇدىر:
لۇجيا چۇەن
زۇنۇن قۇتلۇق

مۇئاۋىن مۇدىرلار:
ئابلجان ھېيت
لۇشىنخۇا
خەن زىيوڭ

ھەيئەتلەر:
شىڭ چۇنشۇ
مايىڭشىڭ
جۇجۇفاڭ
ھاۋاقىز باھاۋۇدۇن
لى يىڭمىن
بەي جېنياۋ
جىن مىن
قۇربان ماموت
ياڭ فىڭ
فەن ياۋجىڭ
جاڭ تىڭۋېي
رىسالەت مۇھەممەت


●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

## بۇ ساندا

### مەخسۇس سەھىپە


ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشى بويىچە قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى .................... جاۋ يۈ 2


### ئىستىپاقلىق كۈچ


يۈننەن تەسىراتلىرى. . . (شېئىر) ............ تۆمۈر داۋامەت 5


### تەپەككۇر كۆزى


نامراتلىقنىڭ يىلتىزى نەدە؟ ............... ئا. بەرقىي 6
تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر ··· ق. ئىسمائىل قاتارلىقلار 15
ئەبجەش پارچىلار ...................... قۇربان ئەلى 19


### ئىبرەتلىك پارچىلار


ئۇنىۋېرسال مۇلاھىزىلەر ............ ت. ئارتىشى تەرجىمىسى 23


### ئالەمدىن ئۇچۇر


ئىسلام ۋە غەرب ............. ساموئېل خۇنتىڭتون 47
قانىتى بوغۇلغان تىنچلىق كەپتىرى ··· ئابدۇرېھىم دۆلەت 55
ئۇرۇش ۋە تىنچلىق .............. ئادىل ئابدۇقادىر 67


### ئوقۇرمەنلەر ساداسى


مۇھەررىرلىك ھوقۇق ئەمەس ............... ئادىل ئەكبەر 74


### ژۇرنىلىمىزنىڭ شان-شەرىپى


ژۇرنىلىمىز «جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى» دىن ئورۇن ئالدى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۈچ تۈردە ژۇرنالچىلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ................. رىسالەت مۇھەممەت 79


مۇقاۋىدا: تالانتلىق يازغۇچى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى خالىدە ئىسرائىل خانىم.
مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدە: چوڭ تىپتىكى زامانىۋى ئۇسسۇل «كروران گۈزىلى» نى ئورۇنداپ ياپونىيە سەھنىسىنى زىلزىلىگە سالغان تالانتلىق ياش ئۇسسۇلچى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇسسۇل فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئاينۇر قاسىمىي، رەسسام: ماموت ئەھمەت. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت


باش مۇھەررىر: قۇربان ماموت(ئالىي مۇھەررىر)
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



## مەخسۇس خەۋەر

# ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 2002-يىل 31-يانۋار چۈشتىن بۇرۇن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا سەپەرۋەرلىك قىلدى ھەم خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ۋەزىيەتنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۇ قېتىمقى قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ، ھەرمىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بۇ قېتىمقى قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى پۇختا، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تۈرلۈك بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە كۈچلۈك زەربە بېرىپ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە قوغداشنى تەلەپ قىلدى.

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى جۇشېڭتاۋ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئىسمائىل تىلىۋالدى رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئەسقەت كېرىمباي، خۇجيايەن، ۋاڭ جىنشياڭ، چېن دېمىن، ۋۇدۇنفۇ، جاڭ چىڭلى، جۇيۈەن، نۇربەكرى، ئەركىن ئىمىرباقى، فۇچياڭلار قاتناشتى.

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر، زوراۋان تېررورچىلار، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئىدېئولوگىيە خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ ساھەدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتى ھېلىھەم ناھايىتى كەسكىن بولۇۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە كۆپ يىلدىن بۇيان قولغا

## مەخسۇس سەھىپە

كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، كۈچ ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە بىر قېتىملىق قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى.

ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەسلەپ ئۆتۈپ، ھازىرقى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتنى ئانالىز قىلىپ، نۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تونۇشىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بۇ قېتىمقى قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى ھەقىقىي، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ۋاڭ لېچۈەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىچكى-تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش جەھەتتىكى تۈرلۈك ئىپادىلىرىنى تەپسىلىي كۆرسىتىپ ئۆتتى: 1. ئۇلار ھەرخىل ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقاتتى؛ 2. ژۇرنال، ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە سەنئەت نومۇرلىرىدىن پايدىلىنىپ گەپتىن گەپ چىقىرىپ، كىنايىلىك ئۇخشىتىش ئارقىلىق نارازىلىق كەيپىياتىنى ھەم بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقاتتى؛ 3. بۆلگۈنچىلىك تەرغىب قىلىنغان كىتاب ۋە ژۇرناللارنى قانۇنسىز نەشر قىلىپ، ئەكسىيەتچىل مەزمۇندىكى تەشۋىق ۋەرەقىلىرى، خەت-چەكلەر ۋە لوزۇنكىلارنى ئەۋەتىپ، چاپلاپ، تارقىتىپ، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى؛ 4. ئۈن - سىن لېنتىسى، VCD پلاستىنكىسى قاتارلىق ئېلېكترونلۇق ئۈن-سىن بويۇملىرىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي ئەسەبىيلەرنى قۇترىتىپ، «غازات قىلىش»نى تەرغىب قىلدى؛ 5. چەتئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دۈشمەن كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ رادىئو، ئىنتېرنېت تورى قاتارلىق ۋاسىتىلاردىن پايدىلىنىپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ باردى ھەم ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشنى تېزلەتتى؛ 6. خەلق ئارىسىدىكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ۋاستە قىلىپ، بىر قىسىم ئاممىنى ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتىنى قوبۇل قىلىشقا جەلپ قىلىپ، بىز بىلەن ئاساسلىق ئاممىنى تالاشتى. ۋاڭ لېچۈەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىدېئولوگىيە ساھەسى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى مۇھىم ساھە. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ـ خەلقنىڭ رايىنى، ئاممىنى، ئىستىھكامنى قولغا كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى ئاساسنى مۇستەھكەملەش جەھەتتىكى مۇھىم سىياسىي كۈرەش، ئۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق كۆرسەتتىكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى «ئىس-تۈتەكسىز» مۇھىم جەڭ مەيدانى بوپكەلدى، كۈرەش ئىنتايىن كەسكىن، مۇرەككەپ بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا جايلار، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار بۇنى چوڭقۇر سەگەكلىك بىلەن تونۇشى كېرەك. سىياسىي نۇقتىئىنەزەرنى كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە باشتىن ئاخىر مۇستەھكەم بولۇشى كېرەك. مەيلى ئىدېئولوگىيە خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان يولداشلار بولسۇن، ياكى ئىدېئولوگىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار بولسۇن، ئىدىيە جەھەتتە مۇستەھكەم بولۇشنى چوقۇم ئۆزىگە بىرىنچى تەلەپ قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك، قەتئىي بولۇشى كېرەك. شىنجاڭدا ئەڭ رېئال، ئەڭ مۇھىم ئىش شۇكى، مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز پائالىيەت قىلىشقا بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇش، ئىستىھكام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ «زېمىننى قوغداشتا جاۋابكار بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىتخانىلار، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى، ژۇرناللار تەھرىراتلىرى، نەشرىياتلار ۋە باشقا مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم ئىستىھكام. ھەردەرىجىلىك پارتكوملار ئىستىھكام ئىگىنى، رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىلمىي نەزەرىيە، ئىلغار مەدەنىيەت، گۈزەل قەلب ئارقىلىق بارلىق ئىدىيە ـ مەدەنىيەت ئىستىھكامىنى ئىگىلەش كېرەك. ھەرمىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا يۈزتۇرانە تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش سالمىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. بۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تەسىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، ھەرمىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە، ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇش مۇداپىئە لىنىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، خەلق رايىنى مايىل قىلىپ، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك خاتا ئىدىيىلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، دۈشمەننى يوقىتىدىغان ۋە پارچىلايدىغان كۈچلۈك قورال، شۇنداقلا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى چىڭ ئىگىلىۋېلىشىمىزدىكى مۇھىم بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە. شۇڭا چوقۇم ئىشنى ياخشى، پۇختا ئىشلىشىمىز كېرەك. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز ھەم بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. ۋاڭ لېچۈەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئەزەلدىن مەكتەپ تەربىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە سىڭىپ كىرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ كەلدى. ئۇلار ئەۋلادلىرىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بار ئامالنى قىلىپ باقتى.

بۇ قېتىمقى قايتا تەربىيە پائالىيىتىدە ھەرمىللەت ياشلىرى ۋە ئۆسمۈرلىرىگە تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ چىڭ تۇتۇشىمىز، ياخشى ئىشلىشىمىز، مەكتەپلەرنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەيدىغان قۇدرەتلىك ئىستىھكامغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم، ئاتېئىزم تەشۋىقاتى ۋە بۇ ھەقتىكى تەربىيىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، ھەرمىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ تۈرلۈك ئىدېئالىزم، فېئودال خۇراپاتلىق ۋە ساختا ئىلىمنى پەرقلەندۈرۈش ھەم ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز پائالىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئاڭلىق تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىشىمىز كېرەك.

ۋاڭ لېچۈەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇ قېتىم ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش - ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نۆۋەتتىكى ئىچكى-تاشقى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدە پەيدا بولغان بىرقىسىم يېڭى يۈزلىنىشلەرنى، بولۇپمۇ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى ھەقىقىي قوغداش ئۈچۈن قوللانغان مۇھىم تەدبىرى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ يىل بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش جەھەتتىكى مۇھىم ۋەزىپە. ھەردەرىجىلىك رەھبەرلەر بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، قايتا تەربىيە پائالىيىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆزقىلىپ مۇنداق دېدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ قالدۇق.

ھازىر خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتىدۇ، ئۆتكۈرلىشىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز «ئۈچ خىل كۈچ»كە باشتىن ئاخىر قاقشاتقۇچ زەربە بېرىش، قاتتىق بېسىم ئىشلىتىش ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە چوقۇم يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ھەردەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار شىنجاڭدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئەزەلدىن توختاپ قالمىغانلىقىنى ئېنىق تونۇشى كېرەك؛ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىكنىڭ خەۋپى ۋە بۇ ساھەدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتونوم رايونىمىز ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ تولىمۇ مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى كۆرۈشىمىز كېرەك. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئۆگىنىش ۋە تەربىيىنى كۈچەيتىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى ، كادىرلار بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىنى، كادىرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كادىرلار ۋە ئاممىغا شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ۋە دىن تەرەققىيات تارىخىنى توغرا تونۇتۇشىمىز، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتىنىڭ توغرىلىقىنى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق ۋە ئىناق ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ، دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قوللاۋاتقانلىقىنى ھەم قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاڭلىق ھىمايە قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئاڭلىق قوغدايدىغان قىلىشىمىز كېرەك.

ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە ئىدىيە ساھەسى بىز بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە دۈشمەن كۈچلەر بىلەن ئۆزلۈكسىز تالىشىپ كېلىۋاتقان مۇھىم ساھە. شۇڭا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئىدىيە-مەدەنىيەت ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. بۇ قېتىمقى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە پائالىيىتىگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە خىزمىتى تارماقلىرىدىكىلەر، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بارلىق كادىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى قاتنىشىدۇ، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ۋە كەسپىي تايانچلار مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ. نەشرىياتلار، گېزىتخانىلار، ژۇرناللار تەھرىراتلىرى، ئۈن-سىن، تورخانا، ئەدەبىيات-سەنئەت ئورۇنلىرى ۋە مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بارلىق خادىملارغىمۇ «كىم باشقۇرسا، شۇ مەسئۇل بولۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن تەربىيە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ قېتىمقى قايتا تەربىيە پائالىيىتى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش، مەسىلە تېپىش، تۈزىتىش تەدبىرى بېكىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچقا بۆلىنىدۇ. 31-يانۋاردىن ئاپرېلنىڭ ئاخىرىغىچە مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش، ئىشلەپچىقىرىش -قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارە، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر ۋە مەركەزنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات -تەربىيە سېپىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە ئۆگىنىش كۈرسىنىڭ كۇرسانتلىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە تەشكىلات خىزمىتى يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان بارلىق ۋەكىللەر قاتناشتى.

- جاۋيۇ



# يۇننەن تەسراتلىرى


**تۆمۈر داۋامەت**
(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)


## ئىناقلىق ئۈلگىسى

گۈل باھار پەسلىدە① باھار شەھرىدە
«مىللەتلەر كەنتى» نى كۆردۈمەن خۇشھال.
ئېپكەلدى گۈللەرنىڭ مەستخۇش ھىدىنى،
خۇش ھىدقا تويۇنغان ئويناق - شوخ شامال.

رەڭگا رەڭ گۈل بىلەن بەسلىشىپ گويا،
رەڭگا رەڭ كىيىنگەن بۇندا قىز-چوكان.
رەڭگا رەڭ گۈل ھۆسنى كۆچكەن كەمزۇللەر
يىگىتلەر بەستىگە خويما ياراشقان.

بۇندا كۆپ گۈزەللىك تارتتى زوقۇمنى،
ئالەمچە ھاياجان قوزغىدى دىلدا.
ئويلىسام ھەممىدىن گۈزەل - ئېسىلى
ئىناقلىق ئىكەنغۇ،
داستان ھەر تىلدا.

ھەرخىل گۈل باغدا تەڭ پورەكلىگەندەك،
بۇيەردە ھەر مىللەت ئۆتەركەن ئىناق.
يوق ئىكەن كەمسىتىش، ئېگىز - تۆۋەنلىك،
يوق ئىكەن تېخىمۇ ھاقارەت-قالپاق.

چىقىرىپ ھەممەيلەن بىر ياقىدىن باش،
مۇشكۈللەر ئالدىنى بىللە توراپتۇ.
ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇپ تەرتۆكۈپ،
يۇرتىنى رەڭگارەڭ گۈلگە ئوراپتۇ.

ئىناقلىق، تەڭلىكنىڭ ئۈلگىسى بۇ كەنت،
تاپقۇسى ئۈملۈكتە تېخىمۇ روناق.
قۇياشتەك كۈلمەسمۇ نى ئۇلۇغ غايە،
ھەرمىللەت مۇشۇنداق ئۆتسە ئەپ-ئىناق!

2001-يىل ئاپرېل، كۇنمىڭ

## سۇ چېچىش بايرىمى خىسلەتلىك بايرام

كەلگەندە قويىنۇڭغا ئەي سىرلىق ماكان②
ئۈلگۈرۈپ كەپتىمەن خاسىيەتلىك كۈن -
سۇ چېچىش بايرىمى -
قۇتلۇق ئايەمگە.
ياغاركەن شۇنچە كۆپ ئامەت، قۇت-بەخت،
قانچە كۆپ چېچىلسا پاك سۇ ئادەمگە.
بىلمىدىم ئامەتلىك كىشى ئۆزۈممۇ،
ئەزايىم چۆپ-چۆپ بوپ چۆمدى زەمزەمگە.

شوخ قىزلار سۇ چېچىپ قاچسا يىراقلاپ،
يىگىتلەر چېھرىدە بالقاركەن شادلىق.
چىلەكلەپ تۆكۈلسە قىزلارغا سۇ ھەم،
بۇلاقتەك ۋىلىقلاپ كۈلەركەن تاتلىق.
بايرامدا ھېچ كىشى تېرىكمەيدىكەن،
چاقچاقلار ھەرقانچە قىلىنسا قاتتىق.

غەيرەتتە چىلەكلەپ سۇ چاچتىم مەنمۇ،
يىگىتلىك دەۋرىگە قايتقاندەك بولۇپ.
يالتىراپ ئاپتاپتا پاك سۇ ئۈنچىسى،
قىزلارنىڭ قويىنىغا تۆكۈلدى تولۇپ.
ئەتراپنى زىلزىلىگە سالدى شوخ كۈلكە،
سىغمىدى تومۇرغا قېنىم جۇش ئۇرۇپ.

يەنە بىر رەت سۈردۈم شادلىق پەيزىنى،
شىجائەت - غەيرىتىم ئۇرغىدى تەندە.
شادلىقنى ئەۋجىگە كۆتۈرگەن بايرام
ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى مەندە.
تىلىدىم بايرامدەك ئۆتسۇن ھەربىر كۈن،
گۈللىنىپ ھەر مىللەت ئۇلۇغ ۋەتەندە.

2001-يىل ئاپرېل، يۇننەن شىشۇاڭبەننا(M2)

---

① كۇنمىڭ - باھار شەھرى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر.
② شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



# نامراتلىقنىڭ يىلتىزى نەدە؟

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

**1**

نامراتلىق جىنايەتتۇر.
ـ بىر ئۇلۇغنىڭ سۆزى

نامراتلىق ۋە بايلىق بىر مەڭگۈلۈك تېما. بايلىققا ئىنتىلىش، ئىنسانىيەت ئۈچۈن بايلىق يارىتىشنى گۈزەل ئەخلاق سۈپىتىدە تەرىپلەش ئىنسان خاراكتېرىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىك.مۇنداق ئېيتقاندا، ھەرقانچە پەردازلاشقا ئۇرۇنساقمۇ، ھەرخىل ناملاردا ئاتاپ باقساقمۇ ئىنسانىيەت تارىخىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇۋاتقان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بايلىق ۋە نامراتلىق زىددىيىتى، بايلىقلارنى قانداق تەقسىم قىلىش، ئۇنىڭغا قانداق، قانچىلىك ئىگىدارچىلىق قىلىش مەسىلىسىدۇر. تارىخنى ۋاراقلىساق، تارىخقا تەسىر كۆرسەتكەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كەينىدە بايلىق ۋە نامراتلىق ھەققىدىكى ھەرخىل سۇيىئىستېمال روھى بىلەن تولغان قاراشلارنى چېلىقتۇرۇش مۇمكىن.

ئەينەك كۆزى

كىشىلەر نۇرغۇن جايلاردا بايلىق زىددىيىتىنى مىللىي زىددىيەت، سىنىپىي زىددىيەت سۈپىتىدە پەردازلاشقان. ھەتتا بايلىقنى كۆزگە ئىلماسلىق روھى ئىنساننىڭ بىر پەزىلىتى سۈپىتىدە مەدھىيىلەنگەن. جۇڭگودا سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىن، بىر مەزگىلگىچە بايلارغا زەربە بېرىلىپ، نامراتلارغا ئىلھام بېرىلدى. بۇ خىل تەتۈرلۈك قارىماققا ئىقتىساد ۋە تارىخ قانۇنىيىتىگە، ئىنساننىڭ بايلىقنى ئۇلۇغلاش خاراكتېرىگە زىت بولسىمۇ، ماھىيەتتە يەنە بىر خىل شەكىلدىكى ، پۇقرالارنى ئىدېئولوگىيە ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ سىياسىي غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بايلىقنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ خەزىنىسىگە قوشۇۋېتىشكە ئىلھام بېرىدىغان سىياسىي تەدبىردۇر. 1978-يىلدىن كېيىن بۇ خىل سىياسىي ئويۇنغا خاتىمە بېرىلدى. جۇڭگولۇقلار دېڭ شياۋپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇ خىل خاراكتېر بۇرمىلاش يولىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. ماركسنىڭ ئىقتىساد ھەققىدىكى بەزى كۆز قاراشلىرى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تەڭ تەقسىماتچىلىق قارىشىمۇ ئىنسانلارنىڭ بايلىق ھەققىدىكى ساددا ئارزۇسىدىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرىغا تاشلانغان سىياسىي شوئاردۇر. بۇ شوئارنىڭ كەينىدىمۇ ئاسان بايقىغىلى بولمايدىغان قاقباشلارنىڭ تەرتۆكمەي پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلغان قويمىچىلىقى مەۋجۇد. جۇڭگونىڭ

1992-يىلدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتتا بازار ئىگىلىكىگە قەدەم تاشلاشتەك دەۋر بۆلگۈچ قارارى ماركسىزمدىكى يۇقىرىقى ۋاقتى ئۆتكەن تەلىماتنىڭ ماھىيىتىنى تونۇغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان دادىل سىناقتۇر.

بايلارنىڭ بايلىقنى ئۇلۇغلىغان تەرىپلىرى قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، يوقسۇللارنىڭ بايلىققا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ئۆزىگە تەسەللىي بېرىش مەقسىتىدە نامراتلىقنى تەرىپلىگەن مەدھىيىلىرىمۇ،نامراتلىق ھەققىدىكى ئۆزىنى ئاقلاشلارمۇ قارىماققا شۇنچە تەسىرلىك ۋە لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇبدان ئويلىنىپ باقسا تولىمۇ بىچارە. ئىنسانلارنىڭ بايلىق ۋە نامراتلىق ھەققىدىكى چوڭقۇر ئىزدىنىشىنى بۇ ھېكمەتلىك ھېكايە-رىۋايەت،ماقال-تەمسىللەردىن باشقا ماددىي بايلىق، مەنىۋى بايلىق، ماددىي نامراتلىق، مەنىۋى نامراتلىق دېگەن كاتېگورىيىلەرگە ئايرىشتىن ئېنىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. مەيلى پەيلاسوپلار نېمە دېسۇن، ھەرقانداق ئىنساندا بايلىققا ئىنتىلىش تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ تۇيغۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ پىشاڭى، مەنىۋى بايلىق ماھىيەتتە يەنىلا ماددىي بايلىقنىڭ روھىيەتتىكى بېڭى تۇغۇندىسى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپى ئىنسانىيەتنىڭ بايلىق ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. پۈتكۈل دۇنيا، دۇنياۋەزىيىتىدە ھەربىي كۈچلەر دەۋرىنىڭ كۈچتىن قېلىپ، ئىقتىسادىي كۈچلەر، ئىقتىسادىي كۈچلۈكلۈك دەۋرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلدى. دېمەك، ئەمدى بىر دۆلەت ھەربىي كۈچىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ زورلۇقىدىن ھەقىقىي كۈچلۈك سانىلىدىغان بولدى. ھاسىلى كالام: ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ شىپالىق دورىسىدۇر.

## 2

گاچا بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن.
- ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

نەچچە يىل ئىلگىرى «شىنجاڭلىقلار ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرۈۋالغان تىلەمچىلەر» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم.شۇ چاغدا بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلىپ تەقدىرگە تەن بەرگەن بولسامىمۇ، قانداقتۇر بىر خىل ئازاب قەلبىمنى خېلى مەزگىلگىچە قىيىنىغانىدى. شۇ چاغدىلا كاللامدا بايلىق ۋە نامراتلىق ھەققىدە ئىزدىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولغان. خەلقىمىزنىڭ بايلىق ۋە نامراتلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ سىياسىي قويۇنلار تۈپەيلىدىن نەقەدەر ئاددىيلىشىپ كەتكەنلىكىدىن چۆچۈگەنىدىم.

خەلقىمىزنىڭ باشقىلار نەزىرىدىكى يۇقىرىقى بىچارە تەسۋىرىدىن بىر نەچچە مەسىلىنى سېزىۋېلىش مۇمكىن: بىرىنچىدىن، ئىنسانىيەتنىڭ بايلىق چۈشەنچىسى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئىلگىرى پۇلى(مەيلى بۇ پۇلغا قانداق ئېرىشسۇن) ،قىممەت باھالىق گۆھەر - جاۋاھىراتلىرى، مال-مۈلۈك، يەر-زېمىنى بار، توققۇزى تەل كىشىلەر باي ھېسابلىناتتى. ئەمما يۇقىرىقى گەپتىن قارىغاندا، ھازىر بۇنداقلار باي ئەمەس، مىسالى خەلقىمىز قولىدا ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرۈۋالغان، لېكىن قورسىقى تويماي تىلەۋاتقان تىلەمچى.مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزىدە بار بايلىقنى ئۆزى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇشنى بىلمەيدىغان،مىليونلاپ پۇلى تۇرۇپ تېپىنغا زار ئىقتىسادىي جەھەتتىكى كورلار.شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەر ئاستى - يەر ئۈستى بايلىقى ئىنتايىن مول گۆھەر زېمىن. بۇيەردە ياشاۋاتقان كىشىلەر تەقدىر ئاتا قىلغان تەييار بايلىقلارنى تونۇش يەنى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان تېخنىكا كۈچى، بۇ بايلىقلارنى ئۆز تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇدىغان، ئۆزىنى بۇ بايلىقلارنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىگە ئايلاندۇرۇدىغان ئەقلىنىڭ ۋاستىچىلىقىدىكى سىياسىي ئىقتىسادىي كۈچتىن مەھرۇم كورلار،بىچارىلەر،يەنى ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرۈۋالغان تىلەمچىلەردۇر. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھازىر پۇلۇڭ بولسىلا باي ئەمەسسەن. شۇ پۇلنى يانچۇقۇڭدا ساقلاپ قالغۇدەك ئەقلىڭ، ئەقىل ئارقىلىق ئېرىشكەن ھوقۇقۇڭ بولمىسا، بۇ پۇل ماھىيەتتە سەندىن ئەقىللىقلارنىڭ،سەندىن ھوقۇقلۇقلار ياكى ھوقۇقنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئىشلىتىشنى بىلىدىغانلارنىڭ پۇلى.

ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە دۇنيادىكى ئىقتىسادىي كۈچى ئەڭ زور ئىككى دۆلەت. بۇ ئىككىسىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى بىر قىلساق، پۈتكۈل دۇنيا ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ نەق يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن بۇ ئىككى دۆلەت ئىچىدە ياپونىيە زېمىنىدا خەلقنى چوڭ سۆزلەتكۈدەك بىرەر ئالاھىدە قېزىلما بايلىقى، ھەتتا تىلغا ئالغۇدەك يەر ئاستى - يەر ئۈستى بايلىقى يوق دۆلەت. لېكىن بۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ زور بايلىقى ئۇنىڭ پۇقرالىرىنىڭ ئەقلىي كۈچى، شۇنداقلا بۇ ئەقلىي كۈچنى ھەردائىم زەرەتلەپ تۇرۇدىغان دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە مائارىپ سىستېمىسىنىڭ كۈچىدۇر. ئۇلارنىڭ ئەقلى ھەرقاچان ئىقتىسادىي قىممەتكە ئايلىنىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ تەقدىر ئاتا قىلغان بايلىقلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئەرزان باھالىق خام ئەشياسى، خالاس. ئامېرىكا بولسا تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولسىمۇ، ئۇنى زاپاس سۈپىتىدە كۆرۈپ ئىشلەتمىگەن، پۈتكۈل دۇنيادا قەيەرگە قول سۇنسا شۇ يەرگە قولى يېتىدىغان ،يىقىلسىمۇ پۇلنىڭ ئۈستىگە يىقىلىدىغان دۆلەت. مەسىلەن،2001-يىلى يۈز بەرگەن«11-سېنتەبىر» ۋەقەسى ئامېرىكا خەلقى ئۈچۈن بىر غايەت زور تراگېدىيە بولدى، نەچچە مىڭ ئادەم ئۆلدى. لېكىن ئامېرىكىنىڭ دۆلەت كۈچى، ئەقلىي كۈچى بۇ زىياننى دەل ۋاقتىدا پايدىغا ئايلاندۇردى. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى ئايرودروملارنىڭ بىخەتەرلىك سىستېمىسىنى كۈچەيتىدىغان يۇقىرى پەن-تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سالدى. تېررورىزمدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن پۈتكۈل دۇنيا 11-سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئايرودروملىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. ئامېرىكا شىركەتلىرى بىخەتەرلىك ئۈسكۈنىسى سېتىپ نۇرغۇن پايدا ئالدى. بەلكى مۇشۇ پايدا 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدە ئامېرىكا تارتقان زىياننىڭ ئومۇمىي سوممىسىدىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە قازايى قەدەر ئەڭ ئېغىر زىيان، ئۇنى پۇل بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس.ئۇنىڭدىن باشقا ھولليۋودتىكى كىنو شىركەتلىرى 11-سېنتەبىر ۋەقەسى ھەققىدە كىنو ئىشلەشكە كىرىشىپ

بولدى.كىنوچىلىق مۇشۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن يېڭى ھاياتىي كۈچ،يېڭى جەلپكار تېمىغا ئېرىشتى.

سىياسىي جەھەتتە ئامېرىكا ئالغان پايدىنى مۆلچەرلەش تېخىمۇ قىيىن. ئامېرىكا 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن پايدىلىنىپ، بىرىنچىدىن، پۈتكۈل دۇنيادىكى ئامېرىكىنى مەنسىتمەيدىغان، تېررورىزىمغا ۋاستىلىق ياكى بىۋاستە ئالاقىدار دۆلەتلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش،ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇش مەقسىتىگە يەتتى. بۇ جەرياندا دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر دۆلەت«ياق »دېيىشكە،باشقا پىكىردە بولۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. دۇنيا ئامېرىكىنىڭ قۇدرىتىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق ھېس قىلدى. دىپلوماتىيە جەھەتتە تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان زور ئۇتۇققا ئېرىشتى.ئىككىنچىدىن، ئاسىيا-ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدىغان،ھەربىي ئالىملار تەرىپىدىن كىم ئىگىلىسە شۇ دۇنياغا خوجا بولىدۇ،دەپ قارالغان ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىش،ئەسكەر تۇرغۇزۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئامېرىكا بۇ پۇرسەت ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاسپىي دېڭىزىنىڭ مول نېفت بايلىقىدىن پايدىلىنىش،ئامېرىكىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان، ئامېرىكا بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇدىغان رۇسىيە،جۇڭگو،ئىراننىڭ ارقا ھويلىسىغا كىرىپ ئەسكەر تۇرغۇزۇش ھوقۇقىغا رىشتى. جۇڭگو تۇنجى قېتىمئامېرىكا ھەربىي بازا قۇرغان ر نەچچە دۆلەت بىلەن قۇرۇقلۇق ئارقىلىق بىۋاستە چېگرىلىنىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ئامېرىكا بۇ ئۈچ دۆلەتنى ئارقا ھويلىسىدا تۇرۇپ چەكلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

تارىخىي تەرەققىيات بايلىق دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنىمۇ ئۆزگەرتىپ، مەڭگۈلۈك بايلىق - بىرسى تارتىۋالالمايدىغان بايلىق، ۋاقىتلىق بايلىق - كىم كۈچلۈك بولسا شۇ ئىگە بولالايدىغان بايلىق دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈندى.مەسىلەن، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى نۇرغۇن ئىقتىسادىي ھادىسىلەر، سىياسىي ئويۇنلار كىشىلەردە شۇ ئوينى پەيدا قىلدى. مەسىلەن، 1991-يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندا ئامېرىكا دوللىرىدىن قىممەت بولغان رۇبلى بىر كېچىدىلا تولىمۇ پاخال پۇلغا ئايلىنىپ كەتتى. نۇرغۇن مىليونېرلار بىر كېچىدىلا نامراتقا ئايلىنىپ قالدى. ئۇيغۇر رايونىنىڭ 1949-يىلدىن ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار پېشقەدەملەرگە بۇنداق ئىقتىسادىي ھادىسە سىرئەمەس.شۇ چاغدا كىشىلەر بىر تاغار پۇل كۆتۈرۈپ بېرىپ بىر قاپ سەرەڭگە ئالىدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشقان. جۇڭگونىڭ 1980-، 1990-يىللاردىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆزىتىپ باققان كىشىلەرمۇ بۇ نۇقتىنى ئېنىق ھېس قىلالايدۇ.1980-يىلى بىر قاپ سەرەڭگە ئىككى پۇڭ ئىدى،1990-يىلى بىر موچەنگە چىقتى. ئارىدا بەش ھەسسە ئۆرلىدى. قىسقىسى مائاشىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن پۇلمۇ پاخاللىشىپ،مال باھاسى ئەڭ ئاز دېگەندە بەش ھەسسەئۆرلىدى.ئەقەللىيسى بىر قاپ سەرەڭگىنىڭ باھاسىدا جۇڭگودىكى بىرخىل ئاسمان-زېمىن ئۆزگىرىش بەكمۇ تولۇق ئەكس ئەتتى. بۇ جەرياندا زىيان تارتقۇچىلار سەرەڭگە ئىككى پۇڭ زامانىدا مائاشى 100يۈەنگە يەتمەيدىغان، لېكىن ئىزچىل بانكىدا پۇل قويغان كىشىلەر بولدى.1990-يىللاردىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھەرئايدا ئىنتايىن جاپالىق ھالدا 20 - 30يۈەندىن يىغقان پۇلى 2000-يىلغا كەلگەندە ئىنتايىن ئاز پۇلغا ئايلىنىپ قالدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رۇبلىسىدا يۈز بەرگەن ئەھۋال بىر تىپىك مىسال.لېكىن بۇنداق ھادىسە ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ ھەرخىل شەكىلدە دۇنيانىڭ ئۇ-بۇجايلىرىدا يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. دېمەك، پۇل ماھىيەتتە بىر ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىتىگە،ئىقتىسادىي كۈچىگە،مۇقىملىقىغا باغلىق بولغان بىر ۋاستە، ئۇنىڭ قىممىتى مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەس ئەمەس. بانكىدىكى پۇل بىر بەلگە، پاسسىپ ھالەتتىكى مەبلەغ سېلىش، خالاس. يانچۇقتىكى پۇل بولسا، تېخىمۇ پاسسىپ ھالدىكى ساقلاپ قويۇش ياكى پۇلنىڭ قىممىتىنىڭ يىللار توزانىدا كونىراپ،ئاجىزلاپ كېتىشىنى كۈتۈش، خالاس. بىزگە ئېشىپ قالغىنى خەجلەش. ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، پۇلدىن پايدىلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۈنۈملۈك مەبلەغ سېلىش. دېمەك شۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن: تەبىئىي بايلىق،پۇل ۋاقىتلىق، كىم كۈچلۈك بولسا ئىگە بولالايدىغان بايلىق.ئۇ، توختىماي ئۇياقتىن بۇياققا،ئۇيانچۇقتىن بۇ يانچۇققا يۆتكىلىپ تۇرۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.ھەتتا سىياسىي ئۆزگىرىش، ھۆكۈمەت قارارىدىكى ئۆزگىرىش بۇ بايلىقنى باشقا مەنىلەرگە، قىممەتسىزلىككە ئىگە قىلالايدۇ. مەن«ئىقتىسادىي ئاڭ ۋە تەرەققىيات» دېگەن ماقالەمدە تەكىتلىگەندەك: شېڭ شىسەيگە ئوخشاش فاشىستلار بۇ پۇلنى روزىغارىڭىزدىن مۇسادىرە قىلىش، قەتلىئام قىلىپ بايلىقىڭىزنى ھۆكۈمەت خەزىنىسىگە ئېلىش يولى بىلەن تارتىۋالالايدۇ.1937-يىلى يۈز بەرگەن، شېڭ شىسەي قولىغا ئېلىپ پۇل-بايلىقنى مۇسادىرە قىلغاندا ئامبىرىدىن كىرسىن تۇڭىدا17تۇڭدا ئالتۇن چىققان يېڭىسارلىق بىر باي بىلەن، 1908-يىللىرى ئەتراپىدا گېرمانىيىدىن نەچچە توننا ئالتۇن خەجلەپ،ماشىنا-ئۈسكۈنە ئەكېلىپ،زامانىۋى تېرە زاۋۇتى قۇرغان،بايلىقى بىلەن چەت ئەللىك بايلارنىمۇ ھەيران قالدۇرغان مۇسابايوفلارنىڭ جەمەتى ئەڭ تىپىك مىسال. مانا ھازىر ھەرخىل سىياسىي بوران-چاپقۇنلار تۈپەيلىدىن توزۇپ كەتكەن، ئالتۇننى تونىلاپ خەجلىگەن مۇسابايوفلار جەمەتى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە بىر شېرىن چۈش، خالاس. بۇ مىساللارنى ئوبدان ئويلاپ باقساق، ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدەك كۈچلۈك ئىبرەتلىك مەنىگە ئىگە. ھەربىر كونا-يېڭى بايلاربۇ ئىبرەتلىك تارىخىي ساۋاقنى ئۆزىگە تەدبىقلىسا يېڭىچە تەپەككۇرغا ئىگە بولۇپ، ئاچچىق خىياللارغا پېتىشى تەھقىق.

يەھۇدىيلار ئۆز مىللىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنى ۋاراقلاپ،ئىلمىي يەكۈن چىقارغاندا شۇنداق خۇلاسىگە كەلگەن: ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ مەنبەسى دەل - بايلىق،يەھۇدىي پەلسەپىسىدىكى بايلىق روھى. يەھۇدىيلاردىكى پۇل تېپىشقا ماھىرلىق تارىختىن بۇيان باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىغان. يەھۇدىيلارنىڭ بايلىقى باشقىلارنىڭ شۆلگىيىنى ئاقتۇرۇدىغان تەييار مەززىلىك غىزابوپقالغان. شۇ تۈپەيلىدىن يەھۇدىيلار قىرغىن قىلىنغان،قوغلانغان. بەزى دۆلەتلەردە يەھۇدىيلار بېدىگە ئوخشاپ قالغان. ئۇلار ھالىلانغاندا ھاكىمىيەت خەزىنىسىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن قەرەللىك تۈردە «ئورۇلۇپ» تۇرۇلغان. بايلىرىنىڭ پۇل-ماللىرى ھەرخىل ياخشى -يامان ناملار بىلەن مۇسادىرە قىلىنىپ تۇرغان. يەھۇدىيلاردىن باشقا زېمىندىكى خەلقلەردىنمۇ بايلىق ئۆزىگە دۈشمەن بولۇپ،

قولغا ئايلانغان قەۋم-ئەللەر ھەم ئاز ئەمەس.

يەھۇدىيلار ئۆز بەختسىزلىكىنىڭ مەنبەسىنى تونۇغاندىن كېيىن تاللاشقا دۇچ كەلگەن. بايلىقتىن، يەھۇدىيلارنىڭ بايلىق كۆز قارىشىدىن ۋاز كېچىش كېرەكمۇ ياكى باشقىچە چىقىش يولى بارمۇ؟ بىلىم، ئىزدىنىش ھەممىگە جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يەھۇدىي زىيالىيلىرى بۇ ھەقتە ئىزدىنىشكە كىرىشتى. ئەڭ ئاخىرى ئۇلار بۇ ھەقتە ئەڭ يېڭى نەتىجىگە ئېرىشتى. مەسىلەن، يەھۇدىي ماركس ئىقتىساد ھەققىدە ئىزدىنىپ،دۇنيانىڭ كېيىنكى يۈز نەچچە يىللىق تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن «كاپىتال» دېگەن كىتابنى يازدى.يەھۇدىيلارنىڭ بايلىق ھەققىدىكى ئىزدىنىشى ماركسنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ماركس يەھۇدىيلارنىڭ بايلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان بەختسىزلىكنى بەختكە ئايلاندۇرۇشنىڭ يولى سوتسىيالىزم دەپ قاراپ، ھەممە ئادەم باراۋەر ياشايدىغان ، ھەممە كىشى قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەيدىغان، قىلغان ئىشىغا يارىشا ھەق ئالىدىغان تەقسىمات پرىنسىپىنى تەشەببۇس قىلىپ، باشقىلار كۆپ ئىشلىگەنلەرنىڭ كۆپ ئېلىشىغا ھەسەت قىلمايدىغان، بايلىق ھەققىدىكى يېڭىچە كۆز قاراشلارنىڭ مۇجەسسىمى بولغان ماركسىزمنى ياراتتى.لېكىن 2000-يىللارھارپىسىدا ماركسىزمنىڭ بۇ قاراشلىرىنىڭ بەزى يوچۇقلىرى بايقىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قورغىنى جۇڭگودا ئۇ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىندى. پۇل ۋە ھوقۇق قارىشىدا يەھۇدىيلار بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، مىللىي مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېڭى روھقا ئىگە قىلىندى. بۇ ۋەزىپىنى جۇڭگونىڭ دېڭ شىياۋپىڭدىن ئىبارەت ئۇلۇغ مىللەتپەرۋىرى،پەيلاسوپى، جۇڭگو ئىسلاھاتىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى،داھىي مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى.

گەرچە يەھۇدىيلارنىڭ بايلىق ھەققىدىكى ئىزدىنىشى ماركسىزمنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان بولسىمۇ، يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي مەنپەئەتى ماركسىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ تاللىمىدى، بەلكى نۇرغۇن ئىزدىنىشلەرگە خۇلاسە چىقىرىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ بايلىق ئېڭىنى يېڭىلىدى. شۇنىڭ بىلەن 1850-يىللاردا يەھۇدىيلارنىڭ يېڭى بايلىق قارىشىنى مەركەز قىلغان يەھۇدىي تىرىلمىچىلىك ئىدىيىسى شەكىللەندى. ھەتتا 1880-يىللىرى ئەتراپىدا ئوتتۇرىغا چىققان بىر يەھۇدىي تىرىلمىچىلىك قۇرۇلتىيىدا بىر يەھۇدىي داھىيسى پەخىرلەنگەن ھالدا ئەڭ كۆپ بولسا 50يىلدا، ئەڭ تېز بولسا 30يىلدا دۇنيادا يەھۇدىيلار دۆلىتى بارلىققا كېلىدۇ، يەھۇدىيلار نەچچە مىڭ يىللىق سەرگەردانلىقتىن قۇتۇلىدۇ، دەپ جاكارلىدى.دېگەندەك، 1947-يىلى پەلەستىندە يەھۇدىيلار دۆلىتى بارلىققا كەلدى.

ئۇنداقتا، يەھۇدىيلارنىڭ بايلىق ھەققىدىكى يېڭى ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى نېمە؟ ئۇ دەل يېڭىچە، مەڭگۈلۈك، ھېچكىم تارتىۋالالمايدىغان بايلىق ئىدىيىسىدۇر. بۇ ئىدىيىنىڭ جەۋھىرى ھەرقاچان،ھەرقانداق يەردە ئىگىسىنى خار قىلماي بايلىققا ئايلىنالايدىغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى تۈپ كۆز قارىشى بىلەن مەنداش بىلىم، ئەقىل كۆز قارىشىدۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىلىم، ھۈنەر،ئەقىلنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ.ئۇلار پۇل تېپىپ بىلىم ئېلىش، بىلىم ئېلىپ پۇل تېپىش،بىلىمگە، ئەقىلگە مەبلەغ سېلىشنى ئەڭ ياخشى سودىگەرچىلىك يولى دەپ جەزم قىلدى. 2000-يىلىغا كەلگەندە — يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇلۇپ 50نەچچە يىل بولغاندا، پۈتكۈل دۇنيا بۇ ئىدىيىگە قايىل بولدى.

بىرىنچىدىن، ئىقتىسادشۇناسلار، جەمئىيەتشۇناسلار يەھۇدىيلارنىڭ شۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىدىن ئاز كەم 150يىل ئۆتكەندە دۇنيا بىلىم ئىقتىسادى(بىلىم ئىگىلىكى) يەنى بىلىم — پۇل، دېيىدىغان دەۋرگە كىردى،دەپ جاكارلىدى.

ئىككىنچىدىن، يەھۇدىيلار سەرگەردان مىللەتتىن سەرگەردان قىلغۇچى مىللەتكە ئايلاندى. دۇنيادىكى ئەڭ باي ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، ئەقىل، بىلىمدىن باشقا بايلىقى يوق بەش مىليون نوپۇسلۇق ئىسرائىلىيە ئەتراپىدىكى 300مىليون ئەرەبنى بوزەك ئېتىدىغان، سەرگەردان قىلىدىغان، دۇنيادىكى زېمىنى ئەڭ كىچىك دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتكە ئايلاندى.

ئۈچىنچىدىن، 2001-يىلى دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق مۇكاپات نوبېل مۇكاپاتى تارقىتىلغانلىقىنىڭ 100يىللىقى خاتىرىلەنگەندە 100يىلدىن بۇيان بۇ مۇكاپاتقا ئەڭ كۆپ ئېرىشكۈچى مىللەتنىڭ يەنىلا يەھۇدىيلار ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

تۆتىنچىدىن، دۇنيادىكى 20مىليون يەھۇدىينىڭ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ جان تومۇرىنى تەشكىل قىلغۇچى بىر قەۋم ئىكەنلىكىنى پۈتكۈل دۇنيا تەن ئالدى. دۇنيا ئىقتىسادىي كۈچ دەۋرىگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە بۇخىل ھالەتنىڭ تەسىرىنى ھەرقانداق ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. قىسقىسى، پۈتكۈل دۇنيا يەھۇدىيلار ئىستېلاسى ئاستىدا قالدى. ھەتتا يەھۇدىيلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ مىللىي زىددىيىتى دۇنيانىڭ زىددىيىتىگە ئايلىنىپ، يەھۇدىيلار ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن بۇ زىددىيەتنى ئىتتىپاقدىشى خرىستىئانلار بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ زىددىيىتىگە ئايلاندۇردى. ھەتتا ئەڭ كۈچلۈك ئامېرىكا يەھۇدىيلارنىڭ ۋاستىچىسىغا ئايلىنىپ قالدى. يەھۇدىيلارنىڭ ئەرەبلەرگە يۈرگۈزگەن دۆلەت تېررورىزمىغا پۈتكۈل دۇنيا سۈكۈت قىلىپ، ئەرەبلەرنىڭ باسقۇنچىلىققا قارشى ئاجىز تىپىرلىشى، غايەت زور ئۈمىدسىزلىك،ھاقارەت تۇيغۇسىدىن كېلىپ چىققان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خاراكتېرلىك پارتلىتىشلىرى ئەڭ قەبىھ تېررورلۇق، دەپ قارالدى. ئەمەلىيەتتە ئەرەبلەرنىڭ قىلمىشلىرى دۇنيانىڭ ئادالەتسىزلىكىگە قىلىنغان ئۈمىدسىز خىتاب ئىدى، خالاس.

## 3

بار پۇلنى جايىدا خەجلەشنىڭ ئۆزىمۇ پۇل تېپىشتۇر.
قازاق پۇل تاپسا تايغا مىنىدۇ، ئۇيغۇر پۇل تاپسا لايغا مىنىدۇ.
— خاتىرەمدىن

دۇنيادا مەڭگۈلۈك نامراتلىق يوق، مەڭگۈلۈك بايلارنىڭ بولۇشىمۇ ناتايىن. لېكىن ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى ئەڭ مۇھىم غايە ئىنسانىيەتنى ئورتاق باياشادلىققا ئېرىشتۈرۈش. لېكىن بۇ غايىدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن: غايە گۈزەل بولغانلىقى، شۇنداقلا

ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقى ياكى ئەمەلگە ئاشمىقىنىنىڭ قىيىنلىقىدىن شېرىن. ئەمەلگە ئاشمىغاچقا،ئۇنى نىشانلايدىغانلار كۆپ، مانا بۇ ئىنسانىنىڭ ماھىيىتى.

بايلىق ماھىيەتتە بىر تونۇش مەسىلىسى، لېكىن ئۇ ئاددىي ھالدىكى تونۇش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى بىر خەلقنىڭ بايلىق كۆز قارىشىدىكى توغرا-خاتالىق، چوڭقۇر-تېيىزلىق مەسىلىسى، خالاس. شۇڭا تونۇش توغرىلانماي تۇرۇپ، بايلىق بىزگە مەڭگۈ ئالدىنى قىلمايدۇ، ئالدىنى قىلسىمۇ كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بىزنى ھەسرەتكە قالدۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نامراتلىق مەسىلىسىمۇ تونۇش مەسىلىسىدۇر. بىز تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە. لېكىن بۇ بايلىقنى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ھەقىقىي مەنىدىكى تەسىر كۆرسىتىدىغان بايلىققا ئايلاندۇرىدىغان ئەقىل، تېخنىكا،تونۇش كەم. شۇ تۈپەيلىدىن بۇ بايلىقلار ھازىر بىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىمىز سانالمايدۇ.شۇڭا بىز نامرات، قولىمىزدىكى بايلىقنىڭ بەرىكىتى يوق، تەمى يوق. ئەڭ قىزىقارلىق ئەھۋال، قولىمىزغا كىرىپ تۇرىۋاتقان پۇل ئاز ئەمەس. ھەتتا بۇ سانلارغا قاراپ بىزنى تامامەن باي ھېسابلاش مۇمكىن. لېكىن قولىمىزدىن چىقىپ كېتىۋاتقان پۇل كىرىۋاتقان پۇلدىن كۆپ... ھەتتا بىز قولغا كىرمىگەن پۇلنى خەجلەش كويىدا.

يەنە قىزىقارلىق ھادىسىنىڭ بىرى،شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ پۇل قارىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن غايەت زور پەرق بار. تۇڭگانلار ئەڭ باي، خەنزۇلارمۇ باي، ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلار ئەڭ نامرات. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇر ئۆزىنى سودىگەر مىللەت دەپ ھېسابلايدۇ،ھەتتا ئۇلار جۇڭگونىڭ پۇل تاپماق ئەڭ تەس رايونلىرىدا تىل ئۇقماي تۇرۇپ پۇل تاپالايدۇ،لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئەڭ پاراكەندە. ھەتتا بەزىدە پۇل قارىشىنىڭ ئۆزگىچىلىكىدىن كېلىپ چىققان باي-نامراتلىق پەرقى تۇرمۇشىمىزدا مىللىي زىددىيەت شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. سەۋىيىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئەڭ ئەرزىمەس مەسىلىلەر مىللىي زىددىيەتكە سەۋەب بوپقالىدۇ. لېكىن مىللەتلەر ئارا ھەرخىل ئوبيېكتىپ پەرقلەر مەۋجۇد بولسىمۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يەنە بىرخىل كۆز قاراشتىكى رايون ئورتاقلىقى بار. ئۇ ئورتاقلىق پۈتكۈل ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاھىدە تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە تۇرۇپ، نامراتلىقتا قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ مەسىلىلەرنى بىرنەچچە نۇقتىدىن بايان قىلىش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، پۈتكۈل ئاپتونوم رايوندىكى ئائىلىلەرنىڭ بايلىق كۆز قارىشى تېخى بىھۇش ھالەتتە. شۇ سەۋەبتىن ئۆلكىمىزدىكى ئازغىنە پۇل ئۈنۈملۈك مەبلەغنىڭ تۈرتكىسىگە ئايلانماي بىزنى تېخىمۇ ئېغىر نامراتلىق تراگېدىيىسىگە پاتۇرۇۋاتىدۇ.

ئىستىمالىمىزدىكى ئاڭسىزلىق، قارىغۇلۇق،ساغلام ئىستېمال پسىخىكىسىنىڭ يېتىلمىگەنلىكى ئەڭ ياخشى پاكىت.مەسىلەن، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2002-يىل 16-يانۋار سانىدىكى، ئەركىن كېرىم ئىسىملىك مۇخبىر يازغان«WTOغا كىرىش ئاپتونوم رايونىمىز يېنىك سانائىتىگە نېمىلەرنى ئەكېلىدۇ»سەرلەۋھىلىك بىر قاتار چاتما ماقالىلارنىڭ بىرى بولغان«ئاق ھاراق خۇشھال، ئۈزۈم ھارىقى ئەنسىرىمەكتە» دېگەن ماقالىدىكى پاكىتلار پۈتكۈل رايوننىڭ بايلىق قارىشىنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئەڭ تىپىك ماتېرىيال بولالايدۇ،ئەلۋەتتە.

ماقالىدا يېزىلىشىچە،«نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەريىلى 120مىڭ توننا ئاق ھاراق، 30مىڭ توننا ئۈزۈم ھارىقى،350مىڭ توننا پىۋا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بار» ئىكەن. مۇشۇ ستاتىستىكا بىزنى نۇرغۇن ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ.ھەتتا بىز سانلارنى سۆزلىتىش ئارقىلىق بايلىق كۆز قارىشىمىزدىكى ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقنى ئىسپاتلاپ چىقالايمىز. ئەڭ ئاۋۋال تەكىتلەپ قويۇشقا تېگىشلىك مەسىلە، ھاراقكەشلىك رايونىمىزدىكى ئەڭ ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە يانساق،120مىڭ توننا ئاق ھاراقنى كىلوگرامغا ئايلاندۇرساق،120مىليون كىلوگرام ھاراق بولغان بولىدۇ. بىر بوتۇلكا ھاراقنى بىر جىڭ ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىساق، 240مىليون جىڭ ياكى 240مىليون بوتۇلكا ئاق ھاراق بولۇپ چىقىدۇ. ھەربىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنىڭ باھاسىنى، قىممەت ھاراقلار بىلەن ئەرزان ھاراقلارنى كىرىشتۇرۇپ تەخمىنەن ئون يۈەن دەپ ھېسابلاپ (مېنىڭچە، چوقۇم ئون يۈەندىن يۇقىرى چىقىدۇ.لېكىن مەن ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىدىم) ،240مىليون بوتۇلكا ھاراقنى ئون يۈەنگە كۆپەيتسەك، 2مىليارد 400مىليون يۈەن كېلىپ چىقىدۇ. ھەربىر بوتۇلكا ھاراقنى ھەرخىل شەكىلدە ئورتاق نىسبەتتىن 50يۈەنلىك زاكۇسكا بىلەن ئىچىدۇ دېسەك، 120مىليارد يۈەن بولىدۇ. يەنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تەخمىنەن 19مىليون 500مىڭ خەلق بىر يىلدا ھاراق ئۈچۈن 120مىليارد يۈەن خەجلىگەن بولىدۇ. قىزىل ھاراق ۋە پىۋىغا تەخمىنەن 50مىليارد خەجلەندى دېسەك، شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىر يىلدا ھاراق-شارابقا سەرپ قىلغان پۇلى 170مىليارد يۈەن بولۇپ چىقىدۇ. ئوقۇرمەنلەر ئېھتىمال بۇ ھاراقلارنىڭ بىر قىسمى ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەرگە چىقىرىلىدۇ، ھەممىنى بىز ئىستېمال قىلمايمىز،دەر. لېكىن مەن باشقا ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەرگە چىقىرىلىۋاتقان ھاراق-شارابلارنى بىزگە كىرىۋاتقان ھاراق-شارابلار بىلەن پېيىشتۇرۇۋەتتىم.ھەتتا ھەر قايسى جايلاردا - يەرلىك ئۇسۇلدا ئىشلىنىدىغان ئاۋاتنىڭ مۇسەللىسى، قازاقلارنىڭ قىمىزى، خوتەننىڭ مەيزىپى،پالانى يەرنىڭ بوزىسى دېگەندەك ئىچىملىكلەرنى بۇ قاتارغا قوشمىدىم. دېمەك شۇنداق نامرات شىنجاڭ خەلقى بىر يىلدا ھاراق-شاراب ئۈچۈن 170مىليارد پۇل خەجلىدى دېگەن گەپ. بىز بۇ ساننى ھەربىر پۇقراغا چاچساق، شىنجاڭ خەلقىنى 20مىليون ھېسابلىساق، (ئاققۇنلار ۋە ئىشلەمچىلەرنىمۇ قوشقاندا) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەربىر پۇقرا ھەريىلى سەككىز يېرىم مىڭ يۈەن پۇلغا ھاراق ئىچىدۇ. ئەمدى 20مىليون ئادەمنىڭ تەخمىنەن ئون مىليونىنى ئايال دەپ، بۇ ئاياللارنىڭ قېرى-چۆرە،ئاجىزلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ،ئىككى مىليوننى ھاراق ئىچىدۇ دېسەك، ئون مىليون ئەرنىڭ قېرى-چۆرە، ئاجىزلىرىدىن تەخمىنەن تۆت مىليون ئادەمنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئالتە مىليون ئادەمنى ھاراق ئىچىدۇ دېسەك، جەمئىي سەككىز مىليون ئادەم ھاراق ئىچىدىغان بولۇپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا ھەربىر ئادەم 21250يۈەنلىك ھاراق ئىچكەن بولىدۇ. لېكىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا سەككىز مىليون

ئادەمنىڭ ھاراق ئىچىشى ناتايىن. ھەتتا بۇ سەككىز مىليوندىن كۆپ ئاز بولۇشى مۇمكىن. ھاراق ئىچمەيدىغان نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بار. ئەمدى بىز بۇ 170مىليارد يۈەننى شىنجاڭدىكى تۆت مىليون ئائىلىگە چاچساق، ھەربىر ئائىلىنىڭ يىللىق ھاراق چىقىمى 42مىڭ 500يۈەن بولۇپ چىقىدۇ ۋە بۇ ساندىن چۆچۈپ كېتىمىز ھەتتا ئىزچىل ھاراق ئىچىدىغان كىشىلەرمۇ ئۆزىنىڭ بىر يىلدا ھاراققا ئۇنچىلىك كۆپ پۇل چىقىم قىلمىغانلىقىنى ھېسابلاپ كۆرۈپ، بۇ ستاتىستىكىدىن گۇمانلىنىشى تەبىئىي. لېكىن گۇمانلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە يۇقىرىقى ھاراق ئىشلەپچىقىرىش ستاتىستىكىسى ناھايىتى ئېنىق ئېيتىلغان. ھەتتا ماقالىدا: «رايونىمىزدا ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىدىن يۈز نەچچىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت كارخانىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى ئونمىڭ توننىدىن ئاشىدۇ» دەپ يازغان. گۇمانلىنىش توغرا كەلسە، دۆلەتنىڭ نوپۇس ستاتىستىكىسىدىن گۇمانلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇسى 20مىليون ئەمەس، 40مىليون بولغان تەقدىردىمۇ يۇقىرىقى ھېساب بويىچە ھەربىر ئائىلىگە توغرا كېلىدىغان ھاراق چىقىمى يەنىلا 20مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولىدۇ. بىراق ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇس ستاتىستىكىسىدىن گۇمانلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق ھەم ئۇنداق نوپۇس يوشۇرۇش زۆرۈرىيىتىنىڭ بولۇشى ناتايىن. ئۇنداقتا بۇيەردىكى سىر نەدە؟ ئەتراپىمىزغا ئوبدان نەزەر سالساق، ھەرقايسى ئىدارە – ئورگانلاردىكى ھۆكۈمەت پۇلىغا زىياپەت يەپ، ھاراق ئىچىشنى ئويلىساق، يۇقىرىقى ھاراق چىقىمىنىڭ جايى چىقىدۇ.

قىسقىسى، يۇقىرىدىكى ستاتىسكىلاردىن قارىغاندا شىنجاڭدىكى ھەربىر ناھىيىگە بىردىن چوڭ ھاراق زاۋۇتى توغرا كېلىدۇ. لېكىن شىنجاڭدىكى ھەربىر ناھىيىدە ئۇل ئەسلىھەلىرى زامانىۋىلاشقان بىردىن زامانىۋى نۇقتىلىق مەكتەپنىڭ(مەيلى قايسى تىپتىكى مەكتەپ بولسۇن) بولۇشى ناتايىن. مىللەتلەرنىڭ ھاراققا مايىللىقى بويىچە بۇ ستاتىستىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلىساق، خەنزۇ - تۇڭگانلارغا قارىغاندا ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇللارنىڭ ھاراق ئىچىش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى. ھەتتا ئىشلەنگەن بۇ ھاراقلارنىڭ يېرىمىنى بۇ ئۈچ مىللەت، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىۋەتكەن بولىدۇ. دېمەك ھەريىلى ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ تاپقان پۇلىنىڭ زور كۆپچىلىكى ھاراققا ياكى ھاراققا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا كېتىدۇ. تاپقان پۇلىمىزنى 100نەچچە ھاراق زاۋۇتى يۇتۇپ كېتىدۇ.

ماتېرىياللارغا قارىغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈز بەرگەن جىنايەتلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ھاراققا مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. ھەتتا شۇ 120مىڭ توننا ئاق ھاراق، 30مىڭ توننا قىزىل ھاراق ۋە 350مىڭ توننا پىۋىنىڭ ئىسپىرت مىقدارىنى ئورتاق ھالدا تەخمىنەن %30 دېسەك، جەمئىي 500مىڭ توننا ھاراق-شاراب تەركىبىدىكى ئىسپىرتنىڭ مىقدارى 150مىڭ توننا چىقىدۇ. بىز بىر يىلدا 150مىڭ توننا، ئون توننىلىق ماشىنىغا باسسا ،15مىڭ ماشىنىدا توشۇپ بولغۇدەك ئىسپىرتنى ئىچىۋېتىمىز. دېمەك، بۇ ھاراقتىن بىرىنچىسى، ئىقتىسادىمىز زىيانغا ئۇچرايدۇ؛ ئىككىنچىسى، سالامەتلىكىمىز زىيانغا ئۇچرايدۇ، ھەتتا سالامەتلىكتىن تارتقان زىيان ئىقتىسادىي زىياندىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن: ئۈچىنچىسى، جەمئىيەت مۇقىملىقى بۇزۇلىدۇ. لېكىن ھاراق ئارقىلىق پايدا تاپىدىغان جايلارمۇ يوق ئەمەس. باجخانىلار، ساقچىلار، دوختۇرخانىلار پايدا تاپىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ھاراق مۇشۇ سۈرئەتتە ئىچىلسە، ئىسپىرت ئىرسىيىتىمىزنى زەھەرلەپ، 50يىلدىن كېيىن ئەۋلادلىرىمىز پەرزەنت قالدۇرالمايدىكەن...

ناۋادا شۇ170مىليارد يۈەننى باشقا جايغا خەجلىسەكچۇ؟

بىر مىليارد يۈەندىن خەجلىسەك جۇڭگوچە ئەڭ ياخشى ئۇنىۋېرسىتېتتىن 170نى قۇرغىلى بولىدۇ. 20مىليارد يۈەندىن خەجلىسەك خەلقئاراغا تەسىر قىلغۇدەك ئۇنىۋېرسىتېتتىن سەككىز – توققۇزنى قۇرغىلى بولىدۇ.

بىر ئادەمگە بىرمىليون يۈەندىن مەبلەغ سېلىپ، چەتئەللەردىكى ئەڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا تەربىيىلىسەك، 170مىڭ مۇتەخەسسىس، دوكتور تەربىيىلىگىلى بولىدۇ.

10مىليارد يۈەندىن خەجلىسەك، 17زامانىۋى كارخانا قۇرغىلى بولىدۇ. ھەربىرىگە ئونمىڭ ئادەمدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرساق، 170مىڭ ئادەمنىڭ خىزمەت مەسىلىسى ھەل بولىدۇ. بۇ زاۋۇتلاردىن كەلگەن باج كىرىمى ئارقىلىق تېخىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. ئەپسۇس... ھاراق يەنىلا ئىچىلىۋاتىدۇ، ھاراق زاۋۇتلىرى توختىماي قۇرۇلۇۋاتىدۇ. ئۆزىمىز ئۆزىمىزگە توختىماي گۆركولاۋاتىمىز. لېكىن نۇرغۇن ئادەم ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ئۆزىگە گۆر كولاش ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدۇ، مانا بۇ ئەڭ زامانىۋى نادانلىق.

بۇنىڭدىن باشقا مىساللارنى قەدەمدە بىر كۆرسىتىش مۇمكىن. لېكىن ئەقىللىق ئوقۇرمەن بىز تەمسىلگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن باشقىلارنى ئۆزى تېپىۋالىدۇ، دېگەن ئۈمىد بىلەن بولدى قىلىمىز. پەقەت ئەڭ ئاخىرىدا مۇنۇ مىسالنى، يەنە ئۆزۈم باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بىر ئىشنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇلاھىزىسىگە تاپشۇرىمەن. مېنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىم تاماكا چېكىدۇ. ئۇلار ھەركۈنى تەخمىنەن ئۈچ يۈەن خەجلەپ بىر قاپتىن تاماكا ئالىدۇ. مەن تاماكا چەكمىگەچكە، ھەركۈنى بىر يۈەن خەجلەپ بىر پارچە «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» (خەنزۇچە)، بىر پارچە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» سېتىۋېلىپ ئوقۇيمەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئايدا بىرنەچچە پارچە كىتاب سېتىۋالىمەن. قىسقىسى، مېنىڭ گېزىت-ژۇرنال، ماتېرىيال چىقىمىم بىر كۈندە تەخمىنەن ئۈچ يۈەن. يىل ئاخىرىدا مېنىڭ كىتاب ئىشكاپىمدا 50 – 60پارچە كىتاب ئاۋۇيدۇ، بىلىدىغانلىرىممۇ كۆپىيىدۇ. لېكىن دوستلىرىمچۇ؟

ئىككىنچى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز ئاھالىسىنىڭ مەبلەغ سېلىش كۆز قارىشىنىڭ تايىنى يوق.

50يىللىق «تۆمۈر تاۋاق» نىڭ زىيىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز ئاھالىلىرىنى شۇ قەدەر بىخۇدلاشتۇرۇۋەتكەنكى، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ ئۆمۈرگە مەبلەغ سېلىش كۆز قارىشىنىڭ تايىنى يوق. ئاددىي مىسالى، كوچىدا بىر قۇتا مېنېرال سۇنىڭ باھاسى2.50يۈەن، بىر ئىستاكان سۈتنىڭ باھاسى بىر يۈەن ئەتراپىدا. لېكىن سۈت ئىچىدىغانلار ئاز، مېنېرال سۇ ئىچىدىغانلار كۆپ.

نۇرغۇن ئادەم كېسەل بولغاندا قىممەت دورىلارنى

پېيشكە رازى.ساق ۋاقتىدا كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان قۇۋۋەتلىك مېۋە-چىۋىلەرنى، سۈت-قايماقلارنى ئىستېمال قىلىشنى خالىمايدۇ ياكى خالىمايدۇ ئەمەس، چىدىمايدۇ. ئاخىرىدا تۈگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالغان ئەخمەققە ئايلىنىپ قالىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىستراخۋانىيە كەسپى جانلىنىپ قالغىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. لېكىن نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ بۇھەقتىكى ئېڭى تۆۋەن بولغاچقا، ساق ۋاقتىدا بۇ ئىشلار خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ. شۇڭا، گېزىت-ژۇرناللىرىمىزدا ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىيدىغان قۇتقۇزۇۋېلىش ئىلتىجالىرى كۆپ. ئەلۋەتتە، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ بۇخىل ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا رەھمەت ئېيتىمىز. ناۋادا ئۇلار بىر ئىلتىجانى بېسىش بىلەن بىرگە ئۇزاق مەزگىللىك نىشان سۈپىتىدە داۋالاش ئىستراخۋانىيىسى ھەققىدە تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بارغان بولسىچۇ؟ تەبىئىيكى، ئۇ بىچارىلەرگە جەمئىيەتتىن ئىگە بولىدىغان ئۇرۇن چىقاتتى، كۆڭلىمىز ئازراق يېرىم بولاتتى. لېكىن ھازىر گېزىتلەردە مۇنداق ئىلتىجالار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بارا-بارا كىشىلەرنىڭ باغرى قېتىشقا باشلىدى. ئىئانىنىڭ سانى ئازايدى. نۇرغۇن كىشى بۇنداق خەۋپتە قالغان كىشىلەرنىڭ كۆپلىكىنى، ئىئانە يولى بىلەن قۇتقۇزۇپ بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى،جەمئىيەت ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى خىرە-شىرە ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئىستراخۋانىيە تۈزۈمى دەل جەمئىيەتنىڭ شۇخىل ئېھتىياجىدىن پەيدا بولغان. بۇنداق خەۋپتىن خۇدا ھەممىمىزنى ساقلىسۇن.لېكىن خۇداغا ئىلتىجا قىلىش بىلەن بىرگە «خۇداغا ئىشەن، تۆگەڭنى چىڭ باغلا» دېگەن ھەدىسنىڭ روھى بويىچە ئۆزىمىزھەرىكەتلىنىپ باقايلى. ھۆكۈمەت بىزگە مەڭگۈ ھەقسىز داۋالىنىش شارائىتى، پېنسىيە پۇلى بېرىدىغان كۈنلەر پات ئارىدا ئاخىرلىشىدۇ. بارمىقىمىزنى چىشلەپ بىز يەنە ئېشىپ قالىمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا،«قازاق پۇل تاپسا تايغا مىنىدۇ،ئۇيغۇر پۇل تاپسا لايغا مىنىدۇ» دېگەن ھېكمەتمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر ۋە قازاقلارنىڭ ئىقتىساد كۆز قارىشىنى بەكمۇ ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. شەھەرلەردە يۈز بېرىۋاتقان نەچچە تۈمەن پۇل خەجلەپ ئۆي بېزىش، تاپقان پۇلنى مىخنىڭ شەكلىدە تامغا ئۇرۇۋېتىش ھازىر بىر تىپىك ھادىسە. راست، ئۆي بىزنىڭ «دەخلىسىز ئالىي ئاپتونومىيىمىز»،ئۇنى قانچىلىك بېزىسەك، جابدۇساق ئەرزىيدۇ. لېكىن ئۆي جابدۇشتىنمۇ مۇھىم ئىشلار بىزنى كۈتۈۋاتقان شارائىتتا بۇ بىر بىھۇدە ئىسراپچىلىق.بىزنىڭ بۇ نامرات ھالىتىمىزدە ئۆي بېزىش ئورنىغا بىزگە تېخىمۇ مەنپەئەت ئەكېلىدىغان ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا پۇل خەجلىسەك تېخىمۇ ئەرزىيدۇ.

ھازىرجۇڭگودا خەلقنىنامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىرشوئارغا ئايلاندى.شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇشۇنداق. گېزىت-ژۇرناللارنى ۋاراقلىساق، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى ئىلغار ئىش-ھەرىكەتلەردىن تەسىرلىنىپ كېتىمىز. تېلېۋىزىيىدىمۇ شۇ سۆز، گويا ھەممە يەردە نامراتلىق ئۆتمۈشكە ئايلانغاندەك... شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشلىرىدا مەلۇم ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىقىنى تەن ئالساقمۇ،لېكىن بىزتوختىماي توۋلىنىۋاتقان شوئارلارنىڭ كەينىدىكى بىر ھەقىقەتتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرالمايمىز: شوئارلارنىڭ كۆپلىكى نامراتلارنىڭ كۆپلىكىنىڭ ئەڭ ياخشى پاكىتى. ئۇنداقتا، نېمىشقا شوئار توۋلايمىزۇ ئۈنۈم قازىنالمايمىز؟

بىر رايون نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال شۇ رايوننىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرىنىڭ ئېڭى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى،تەپەككۇرى ئېچىلىشى كېرەك. سىياسىي ئەۋزەللىك ماھىيەتتە ئەڭ ياخشى ياردەم. بىر رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى بىر-ئىككى ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ، بەلكى شۇ رايون خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي ئېڭىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ ياخشىلىنىشى،سىياسەتتىكى ئەۋزەللىك ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

يېقىندا مەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 250مىڭغا يېقىن نوپۇسقا ئىگە بىر نامرات ناھىيىسىنىڭ بۇ يىل دۆلەت تەرىپىدىن 30مىليون يۈەنلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سوممىسىغا ئىگە بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم ۋە بۇ ناھىيىنىڭ ھەرىيلى مۇئەييەن مىقداردا دۆلەتتىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پۇلى ئېلىپ تۇرۇپ، ھازىرغا قەدەر نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىچىم ئاچچىق بولدى. شۇ ناھىيىدىكى مەلۇم بىر كىچىك ئەمەلدارنىڭ دېيىشىچە، بۇيىل ۋىلايەت خەلقنى نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تەدبىر ئويلاپ چىقىپتۇ ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پۇلىنى پۇقرالارنىڭ قولىغا بىۋاستە تەگكۈزمەكچى بوپتۇ. قارىماققا بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش، لېكىن ئوبدان تەھلىل قىلسا، بۇ بىر بىھۇدە مەبلەغ سېلىش. نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرماقچى بولغان ئادەم مەبلەغنى نامراتنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەرگەندىن كۆرە، ئەڭ ئاۋۋال بۇ ناھىيە نېمە ئۈچۈن نامرات؟ نامراتلىقنىڭ يىلتىزى زادى نەدە؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب تاپسا، شۇ جاۋابلارغا ئاساسەن شۇ ناھىيىدىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھات، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ كونكرېت نىشان-چارىلىرىنى بەلگىلىسە، ئەڭ ئاۋۋال ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىغا مەبلەغ سالسا ياخشى بولاتتى.

مېنىڭچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيىلەرنىڭ نامراتلىقىنىڭ سەۋەبى كۆپ ئەمەس. بىرىنچى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى قالاق، تېخنىكا كۈچى يوق. قىسقىسى، ئۇلاردا ئەقلىنى بايلىققا ئايلاندۇرىدىغان قورال – تېخنىكا ۋە ئەقىل كۈچى، شۇ ناھىيىنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان مائارىپ قۇرۇلمىسى، مائارىپ ئېڭى، مائارىپنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرىدىغان تۈزۈلمە يوق. ئىككىنچى، رەھبەرلىك قۇرۇلمىسىدىكى تۆرىچىلىك، قولچىلىق، بىلىمسىزلىك، تەييارتاپلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەرخىل زىددىيەتلەرنى دۆلەت ۋە خەلققە ئارتىپ قويۇپ، ئارىدا نىزا پەيدا قىلىپ، ھەردەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ماسلاشتۇرۇش، دۆلەت سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش فونكسىيىسىنى بۇرمىلاش، سۈيىئىستېمال قىلىش – بۇ جايلاردىكى نامراتلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرى. بەزىلەر ئۇيەردىكى نامراتلىقنى چەت – ياقىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەيدۇ. قاتناش ۋاستىلىرى دۇنيانى بىرلىككە كەلتۈرگەن

بۈگۈنكى دۇنيادا جۇغراپىيە جەھەتتە ئەڭ چەت رايونلارمۇ ئەقىل-پاراسەت، ئىقتىدار ئارقىلىق تەرەققىي قىلىپ، ئادەملەر تەلپۈنىدىغان باي-باياشاد يەرگە ئايلىنالايدۇ. مەسىلەن، بىز كېيىنكى قىلغان ناھىيىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلساق، ئەقىل ۋە تېخنىكا كۈچىنىڭ مەنبەسى بولغان مائارىپنى كۆزىتىپ باقساق، مۇنداق يەكۈن چىقتى: ناھىيە بويىچە تەخمىنەن 60مىڭ ئوقۇغۇچى بار ئىكەن. 60مىڭ ئوقۇغۇچى بىر يىلدا ئوتتۇرا ھالدا كىتاب پۇلى ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن بولغاندا بىر بالا 50يۈەندىن، جەمئىي 60مىڭ بالا ئۈچ مىليون يۈەن خەجلەيدىكەن. ھەربىر بالا يىلدا يەنە ئەڭ ئاز دېگەندە تەخمىنەن 100يۈەندىن ھەرخىل خىراجەت تاپشۇرىدىكەن. ئالتە مىليون يۈەن چىقىم بولىدىكەن. تەخمىنەن يەنە بىر مىليون يۈەنلىك باشقا چىقىملارنى قوشساق،بىر يىلدا 60مىڭ ئوقۇغۇچىدىن - ناھىيە بويىچە ئوقۇغۇچى ۋاستىسى ئارقىلىق چىقىپ كېتىدىغان پۇل ئون مىليون يۈەن بولىدىكەن. بىھۇدە پۇل خەجلىمەسلىكنىڭ ئۆزى پۇل تېپىش، دېگەن پرىنسىپ بويىچە بىز بۇ ئون مىليون يۈەن پۇلنى تەتقىق قىلساق ،بەزى پۇللارنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك كىتابلىرى پەقەت بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ تاشلىۋېتىلىدىكەن. لېكىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دەرسلىك ئىسلاھاتىدىن قارىغاندا، بىزدە تەبىئىي پەن كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنى تەخمىنەن ئون يىلدا، ئىجتىمائىي پەن كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنى بەش يىلدا بىر قېتىم يېڭىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۈچ مىليون يۈەنلىك كىتابنى پاكىز ئاسراپ تۇتسا، تەخمىنەن سەككىز يىل ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مۇشۇ سەككىز يىل جەريانىدا ناھىيە خەلقىنى تەخمىنەن 24مىليون يۈەنلىك بىھۇدە خىراجەتتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. بۇ جەرياندا يەنە بالىلاردا كىتابنى ئاسراش،سۆيۈش ئېڭىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

بىز مۇشۇ خىلدا ھېسابلىساق، نۇرغۇن چىقىم بىھۇدە ياكى ئىسراپخورلۇق بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك، مۇشۇ مەسىلە ھەل قىلىنمىسا بىر نامرات ناھىيە ھەر يىلى تەخمىنەن ئۈچ-تۆت مىليون يۈەنلىك بىھۇدە چىقىمدىن، پۈتكۈل ئاپتونوم رايون تۆت-بەش يۈز مىليون يۈەنلىك بىھۇدە چىقىمدىن خالاس بولالايدۇ. يەنە بۇنىڭغا ئوخشاش بىھۇدە چىقىملارنى تېخىمۇ كۆپ قىسقارتىش مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا،يەنە شۇ ناھىيىگە بېرىلگەن 30مىليون يۈەن پۇلنى بىز ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدىغان مائارىپقا بىۋاسىتە خەجلىسەك، مىسالى، تەخمىنەن مىڭ ئادەمنى ھەر بىرىگە 30مىڭ يۈەندىن خەجلەپ، ئىچكىرىدىكى ئەڭ ياخشى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتساق - 100ئادەم تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇسا،500ئادەم ئوقۇتقۇچىلىق كەسىپلىرىدە ئوقۇسا، قالغان 400ئادەم دېھقانچىلىق، سودا، مەمۇرىي باشقۇرۇش، كارخانىچىلىق قاتارلىق كەسىپلەردە ئوقۇسا، مۇنداق نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ:

ناھىيىدىكى دوختۇرخانىلارنىڭ ئەھۋالى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ داۋالىنىش چىقىمى تۆۋەنلەيدۇ. ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھېچقايسى ناھىيىدە مۇنتىزىم تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن 100دوختۇر چىقمايدۇ.

مائارىپنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە ياخشىلىنىدۇ. نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنى تاماملىغان 500نەپەر ئوقۇتقۇچى پۈتكۈل ناھىيە مائارىپىنىڭ قىياپىتىنى پۈتۈنلەي يېڭىلايدۇ. ئالىي مەكتەپكە ئۆتىدىغانلارنىڭ سانى كۆپىيىدۇ. قالغان 400ئادەممۇ بۇ ناھىيىنىڭ كۈچلۈك كەسپىي تايانچلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ.

ئاخىرقى نەتىجە، تەخمىنەن 1000ئادەمنىڭ ۋاستىسى بىلەن مىڭ ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ.ناۋادا يىلدا مىڭدىن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلسا ۋە مۇشۇ ئۇسۇل داۋاملاشتۇرۇلسا، 10يىلدا ناھىيە بويىچە نامراتلار قالمايدۇ.

ياپونىيىنىڭ تەرەققىيات ئىندىزىسى بويىچە ئېيتقاندىمۇ، ئەڭ ئۈنۈملۈك مەبلەغ مائارىپقا سېلىنغان مەبلەغدۇر. يەھۇدىيلارمۇ شۇنداق قارايدۇ: ئۇلارنىڭ ستاتىستىكىسى بويىچە مائارىپقا سېلىنغان ئون يۈەن مەبلەغ ئون يىلدا 100يۈەنگە،30يىلدا 30مىڭ يۈەنگە ئايلىنىدۇ. مۇشۇ ھېساب بويىچە بىر ناھىيىگە سېلىنغان 30مىليون يۈەن 30يىلدا قانچىلىك بولار؟ دۆلەتكە قانچىلىك پايدا يەتكۈزەر؟ بۇنى ئەڭ دۆت ئادەممۇ ھېسابلاپ چىقالايدۇ.

## 4

تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر.

- ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلالامدۇق؟ بېيىيالامدۇق؟ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بېيىيالامدۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى تەس ئەمەس.بىر رايوننىڭ بېيىشى ئەڭ ئاۋۋال شۇ رايون تەۋە بولغان دۆلەتنىڭ،سىياسىي گەۋدىنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق.دېمەك، جۇڭگو بېيىسا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمۇ بېيىدۇ. رايونىمىزنىڭ تەرەققىياتى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىدىن زادى ئايرىلالمايدۇ. لېكىن بىر دۆلەت ئىچىدە رايونلار ئارا باي، نامراتلىق پەرقى مەۋجۇد. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ دېڭىز بويى رايونلىرى باي، چېگرا رايونلىرى نامرات، شەرقى باي، شىمالى ۋە غەربى نامرات. بۇ پەرقنى ئەڭ ئاۋۋال رايونلار ئەۋزەللىكى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەپ قارىساقمۇ، سىياسىينىڭ رولىنى، باي رايونلاردا ئىسلاھاتنىڭ ئەڭ بۇرۇن باشلانغانلىقى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە سىياسەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى چەتكە قاقالمايمىز. دېمەك كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر دۆلەت ئىچىدىكى مەلۇم رايوننىڭ تەرەققىياتى شۇ رايون خەلقىنىڭ تەرەققىيات ئارزۇسى ۋە ئىلتىجاسىغا باغلىق بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي نۇقتىدىن بەرگەن ئەۋزەللىكى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ھازىرقى دۇنيادا مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى بىر ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزمۇ كۆپ مىللەتلىك بىر زېمىن. باي-نامراتلىقتا رايونلار پەرقى، دۆلەتلەر پەرقى بولۇپلا قالماي بىر رايوندا ياشاۋاتقان مىللەتلەر پەرقى ھەم مەۋجۇد. ئامېرىكىدا يەھۇدىيلار ئەڭ باي، نېگىرلار،مېكسىكىلىقلار ئەڭ نامرات ئىكەن. جۇڭگودا بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىمۇ ھەرقايسى رايونلار ئارا باي-نامراتلىق پەرقى بولۇپلا قالماي(مەسىلەن، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان، شەرقتە

كۆچۈشتىن باشلانغان، غەربتە كۆپىنچە تۇتىشىدىغان سانائەت رايونى رايونىمىزدىكى ئەڭ باي رايون) مىللەتلەر ئارا باي-نامراتلىق پەرقى ھەم مەۋجۇد. بۇ پەرقنى رايونلاردىكى سىياسىي قاراتمىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، بىر رايوندا ئورتاق ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ بايلىقتا بولغان تونۇشى، بايلىقتا، تەرەققىياتتا مۇناسىۋەتلىك تەپەككۇرى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

يەھۇدىيلارنىڭ مىللەتنىڭ ئىقتىسادى، مائارىپ سىياسىتىنى قانۇن ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان، تەرەققىياتنى پىلانلىق ھالدا مەلۇم يولغا كىرگۈزۈدىغان دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغىنىغا ئەمدىلا 50نەچچە يىل بولدى. لېكىن بۇ دۆلەتتە يەھۇدىي ئاھالىسىنىڭ پەقەت تۆتتىن بىرىلا ياشايدۇ، باشقا يەھۇدىيلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان.مۇشۇ يەھۇدىيلار بىر رايوندا ياشىغان(شۇ رايون مەيلى باي، مەيلى نامرات بولسۇن) باشقا مىللەتلەردىن خېلى زور دەرىجىدە باي. دېمەك يەھۇدىيلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن: مەلۇم مىللەت نامرات رايوندا تۇرۇپمۇ،سىياسىي جەھەتتە ئەۋزەللىككە ئېرىشمەي تۇرۇپمۇ، دۆلەت قۇللىسۇن ـ قوللىمىسۇن، بىرگە ياشاۋاتقان مىللەتلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق تەرەققىي قىلالايدۇ ياكى بېيىيالايدۇ. لېكىن بۇنداق ئېھتىماللىقتا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى تەلەي ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ مىللىي پسىخىكا، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، مىللىي تەپەككۇرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن، مىللەت ئەزالىرى مەيلى قەيەرگە بارسۇن ئۆز كۆچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇدىغان مىللىي ئىقتىسادىي ئاڭدۇر.مىللىي ئىقتىسادىي ئاڭ ئۆلۈك نەرسە ئەمەس، ئۇنى قالاق بولسا ئىلغار قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق ئەمەس، لېكىن بۇ ئىمكانىيەت پۈتكۈل مىللەتنىڭ تىرىشچانلىقى،ئورتاق مەقسەت ـ نىشان ئۈچۈن بىرلىكتە قەدەم تاشلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن، پۈتكۈل ئۇيغۇر ئورتاق نىيەتتە ھاراققا چەك ئېلان قىلىپ، ئاندا-ساندا ئىچىدىغانلار ھاراق تاشلىسا، ھەپتىدە بىر بوتۇلكا ئىچىدىغانلار ئىككى ھەپتىدە بىر بوتۇلكا ئىچسە ياكى ئىچمىسە، شۇ ئارقىلىق تېجەلگەن پۇلنى ئۆزىگە مائارىپ ـ تەربىيىلىنىش مەبلىغى قىلىپ سالسا، قانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلەر؟ بىز بايا قىلغان ستاتىستىكا بويىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى خەلقنى 20مىليون ھېسابلاپ،ھەربىر ئادەمنىڭ ھاراق ئىچىمىنى سەككىز يېرىم مىڭ يۈەن چىقارغانىدۇق.ئۇيغۇر نوپۇسىنى سەككىز مىليون دەپ ھېسابلاپ سەككىز يېرىم مىڭ يۈەننى كۆپەيتسەك،62مىليارد يۈەن كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك ھەربىرىمىز ھاراقتىن بىر قەدەم ئۆزىمىزنى تارتساق، پۈتكۈل ئۇيغۇرنىڭ ھەر قەدەمدە مىليارد يۈەنلەپ پۇلى تېجىلىدۇ ۋە تېجەلگەن پۇللارنى ئۆزىمىزنى تەربىيىلەش يولىغا ئىشلىتەلەيمىز. ھاراقتىن باشقا ئورۇنسىز چىقىملارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلساقچۇ؟ نەتىجە ناھايىتى ئاددىي: نەچچە يىل ئۆتمەي ئۇيغۇرلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەتتا جۇڭگودىكى ئەڭ باي مىللەتكە ئايلىنىدۇ. ناۋادا بىز بۇ پۇللارنى يەھۇدىي ئىدىيىسى بويىچە مەبلەغ سالساق،تېخىمۇ زور ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمىز.

تەبىئىي بايلىق ۋاقىتلىق نەرسە، لېكىن سىياسىيۋىلىكى ناھايىتى كۈچلۈك نەرسە. بايلىق بولۇپ ئاچىدىغان ئەقىل، تېخىمۇ بولمىسا بۇ بايلىق ماھىيەتتە خەقنىڭ بايلىقىدۇر. ھەرقانداق ئادەم بايلىق ئۈستىگە تۇغۇلمايدۇ، ئۇنىڭ ئەڭ زور بايلىقى مېڭىسى،خالاس. ئۇيغۇرلار ھەرقانداق بايلىقتىنمۇ ئارتۇق تۇرۇدىغان سەككىز مىليون مېڭىگە ئىگە. بۇ سەككىز مىليون مېڭە ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن سېلىشتۇرغۇسىز مۇقەددەس، ئېچىلىشنى كۈتۈپ ياتقان بايلىق. بۇ بايلىقنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ. بۇ بايلىق يولغا ئوخشاش سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن خوراپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، سىياسىي ئەۋزەللىك تەمە قىلىپ ئولتۇرغان، تەقدىرگە تەن بەرگەن، پۇرسەت ئىزدىمىگەن مىللەت ھەرگىز بۇ بايلىقنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنالمايدۇ،ھەتتا ئۆز مېڭىمىز ئۆزىمىزگە يۈك بوپقالىدۇ. كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونغا نىسبەتەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ تەسىرى ھەممە مىللەتكە تەكشى بولىدۇ. بۇخىل تەكشىلىك يەنىلا داشقازان ئېڭىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. داشقازان ئېڭىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇ تەكشىلىككە چەك ئېلان قىلىش زۆرۈر. چەكنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى بۇ تەكشىلىكنى ئۆزگىچە مىللىي ئىقتىسادىي ئاڭ بىلەن پاچاقلاپ تاشلاشتۇر. بۇ نۇقتىدا يەھۇدىيلار بىزگە ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ. تۈزۈلمە سانائەتنى، مائارىپنى، سىياسەتنى ھەممە مىللەتكە باراۋەر بېرىشكە تىرىشىدۇ. لېكىن بۇ باراۋەرلىك ئىچىدىن بۆسۈپ چىقىپ،ئوخشاش شارائىتتا ئوخشىمىغان نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش يەنىلا شۇ ئىقتىسادىي ئاڭغا باغلىق.

يەنە تەكىتلەيمەن: نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلارغا،تەقدىرنى ئۆزگەرتىشنى ئويلايدىغانلارغا ئەڭ ياخشى چىقىش يولى بىر، ئۇ بولسىمۇ بايلىق ھەققىدىكى تونۇشنى يېڭىلاپ، دۆلەتنىڭ سىياسىتى، مەبلىغى ھەققىدىكى خام خىياللارنى چۆرۈپ تاشلاپ، بىلىم - تېخنىكا ۋە شۇ بىلىم - تېخنىكىنى جانلىق ئىشلىتەلەيدىغان ئەقىل مەڭگۈلۈك ـ ھېچكىم تارتىۋالالمايدىغان،ھەرقانداق ماكان، ھەرقانداق زاماندا بايلىققا ئايلاندۇرۇشقا بولىدىغان ئۆلمەس بايلىق دېگەن كۆز قاراشنى تىكلەش، پۇل تاپقان ھامان مائارىپقا،ئۆزىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە مەبلەغ سېلىش، تۇرمۇشتىكى ئورۇنسىز چىقىملاردىن قول ئۈزۈش، ئىسراپخورلۇققا قارشى تۇرۇش، بىر ئۇيغۇرنىڭ پۇلى ھەممە ئۇيغۇرنىڭ پۇلى،دەپ قاراشتۇر.

ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، نامراتلىق ئەڭ ئاۋۋال تونۇش مەسىلىسى. نامراتلىق مىللەتنىڭ تراگېدىيىسى. سىياسەت يار بەرمىگەن، شارائىتىمىز پىشىپ يېتىلمىگەن، تونۇشىمىز ئۆزگەرمىگەن ئەھۋالدا پۇل تاپمەن، دەپ باش قاتۇرۇش تراگېدىيە ئىچىدىكى تراگېدىيە.مىللەتنىڭ زور كۆپچىلىك ئەزاسى نامرات تۇرغان ئەھۋالدا مەلۇم كىشىلەرنىڭ پۇل تېپىشى ۋاقىتلىق ھادىسە. ھەقىقىي بايلار مىللەت ئەزالىرىمىز تېخىمۇ بېيىغاندا، ئۇيغۇرغا خاس پۇل، مىللىي ئىقتىساد كۆز قارىشى شەكىللەنگەندە تۈركۈملەپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ بايلىقىمۇ ئەتراپىدىكى نامرات مۇھىت تەرىپىدىن يېيىلىپ كەتمەيدۇ!

2002-يىل 23-، 29-يانۋار، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى(M1)



# تەپەككۇر
# دەرىخىدىن
# مېۋىلەر

## تەپەككۇردىن تامچىلار

### ئۈزۈك ئۇلانمىلار

● پەقەت ئەركىنلىك بولمىغان جايدىلا ئەركىنلىك ھەققىدە سۆز بولىدۇ.

● باشقىلار بىلەن بولغان زىددىيىتىمىز بىر بولسا ئۇنى چۈشەنمىگەنلىكىمىزدىن، بىر بولسا ئۇنى چۈشىنىپ قالغانلىقىمىزدىن بولىدۇ.

● تارىخ ئاجىزلارنىڭ كۆز يېشى، غالىبلارنىڭ كۈلكىسى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئويۇنچۇقى.

● ھەرقانداق نەرسىنىڭ يوقىلىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا ھەر قانداق نەرسە ۋاقىتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىنى ئىنسانىيەتنىڭ ھالاك بولۇش تارىخى دېمەي، تەرەققىيات تارىخى، دېگىنىمىز قىزىق.

— قۇربان ئىسمائىل (دېھقان)

### ساڭا دەيدىغانلىرىم

● ئىبادەت سورۇنىدا قېرىلار (ياشانغانلار) نىڭ كۆپپىيىشى شۇ مىللەتتە دىنىنىڭ سۇسلىشىۋاتقانلىقىنىڭ بىشارىتىدۇر.

● دۇنيادا ھەقىقىي بەختكە ئېرىشكەن ئادەم بولمىغانلىقتىن، بەختكە تەبىر بەرگۈچىلەر خاتالاشمىدى.

● ئەخلاقسىز گۈزەل قولۇڭدىكى مۈچ (لازا) غا ئوخشايدۇ، ئىچىڭنىڭ ئېچىشىشىغا چىدىساڭ يېگىن.

● قىز بىلەن ئايالنىڭ پەرقى ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ، ئالدىنقىسىدا پۈتكۈل ئەرلەر بىر-بىرىگە كۈندەش، كېيىنكىسىدە بىر ئەر پۈتكۈل ئەرلەرگە كۈندەشتۇر.

● گۈزەللەرنى ياخشى كۆرۈش ھەممە ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئەمما، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئازابىقا چىدىغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

● بەكمۇ ئۆچ بوپكەتسەڭ ئۆچ بولغۇچىڭنى ۋەيران قىلىشىڭ مۇمكىن. ئەمما، بەكلا ياخشى كۆرۈپ كەتسەڭ ئۆزۈڭنى ۋەيران قىلىسەن.

● كېيىنكىلەرگە ھەممە ئۈمىدىنى باغلاش ئاجىزلارنىڭ تەسەللىيىسى.

● مۇھەببەت ئازابى تارتمىغان ئادەمنىڭ ئارخىپىغا ئىككىلەنمەيلا «روھىي كېسەل» دەپ يېزىۋەرگىن.

● جىسمانىي جەھەتتىن ھۇجۇمغا ئۇچرىساڭ ئۆزۈڭ مەجرۇھ بولىسەن، ئەمما روھىي جەھەتتىن ھۇجۇمغا ئۇچرىساڭ ئەۋلادلىرىڭنى مەجرۇھ

قىلىسەن.

● تولا ھاللاردا كۆپ سانلىقنى ئاز سانلىقتا بويسۇندۇرالىغانلارلا ئىجادكارلاردۇر.

- كەنجى خۇمارجان (ئۇرمانچى)

* * *

● ۋاپادار جۇپتىڭنىڭ بوينۇڭغا گىرە سېلىپ تۇرۇپ ئېيتقان: «مەن مەڭگۈ سېنىڭ» دېگەن گېپىدىن ئېھتىيات قىل. چۈنكى ئۇ مەڭگۈ ئۆزىنىڭ بولالىغاندىلا ئاندىن مەڭگۈ ساڭا تەۋە بولالايدۇ.

- نامانجان تۇرسۇن (شىجائەت)

● ئىنسان پەقەت ئىنتىلگەن نەرسىسىگە ئېرىشەلمىگەن چېغىدا ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

● پۈتۈك ئاستىدا ئۈمۈلەۋاتقان كىچىككىنە چۈمۈلىگە ئۇنچە زۇلۇم قىلما. ئۇنىڭ ساڭا ھاياتلىقىڭدا كۆچى يەتمىسىمۇ، ئەمما ھامان بىر كۈنى قەبرە ئىچىگە كىرگىنىڭدە سەندىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ.

- ئەكبەر نىياز قۇربانىي (ئوقۇغۇچى)

● ئىدىيە ئەركىنلىكىڭ يوقالغان چاغدا، سەن بۇ دۇنيادا يېرىم جان بوپقالىسەن.

● جاھان ئادالەتسىز بوپكەتتى دېگەندىن كۆرە، ئىنسانلار شەخسىيەتچى بوپكەتتى، دېگەن تۈزۈكرەك.

● ئاياللارنىڭ كۆز يېشى ئەرلەرنى شامدەك ئېرىتسە، كۈلكىسى گاھى ئەرلەرنى جىنىدىن جۇدا قىلىدۇ.

● ئاياللار كىيىم - كېچەك گېپى ۋە غەيۋەت - شىكايەتنىڭ ئورنىغا ئۆز ئەقلىنى ئىشقا سالغان بولسا، ھېچقانداق ئەر قازىنالمىغان نەتىجىلەرنى قازانغان بولاتتى.

● ئاياللار ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرۇۋدىغان ئەرلەرنى تاللىغان بولسا، نىكاھتىن كېيىن ھەرگىز پۇشايمانغا قالمىغان بولاتتى.

- ئابدۇللا روزىمۇھەممەت (دېھقان)

* * *

● مەن، تەكلىماكان ئۈستىدە دەھشەتلىك ھۇۋلاپ، سان-ساناقسىز قۇم زەررىچىلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئەكېتىۋاتقان شامالLARغا قاراپ بارئاۋازىم بىلەن خىتاب قىلدىم:

- ئۇچۇر، ئۇچۇرۇۋەر مۇناپىق شامالLAR! ھېچبولمىغاندا بۇنىڭ بەدىلىگە كۆمۈلۈپ قالغان بولاق كۆزلىرىنى ئېچىپ قويارسەن.

ئابدۇخالىق ئابدۇروسۇل (ماشىنىچى)

## ئەركىن پىكىرلەر

● دۇنيادا بىرسىنى چۈشىنىمەن دېگەندىن، تونۇيمەن دېگەن ياخشىراق.

# تىنىش بەلگىلىرىنىڭ يىغى بايانى

ئابدۇروسۇل ئابدۇللا

بىر كۈنى تىنىش بەلگىلىرى جەمەتىدىن پەش، چېكىت، سوئال بەلگىسى، ئۈندەش بەلگىسى ئۆزئارا پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

- بۇرادەرلەر، ئاڭلىسام، يات ئارىدا تىنىش بەلگىلىرى ئارىسىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ ، بىرقىسىملىرىمىز ئىشتىن قايتۇرۇلىدىكەنمىز، بۇ گەپ راستمىدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ سوئال بەلگىسى.

- يالغان! ئۇنداق ئىش يوق! ! - ۋارقىراپتۇ ئۈندەش بەلگىسى.

- قېنى، كۈتۈپ باقايلى، ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار، - دەپتۇ پەش.

- بۇ ئىشنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا يا ئۇيان، يا بۇيان قىلىپ ئۈزۈۋېتەيلى، قىسقارتىشقا تېگىشلىكلەر بولسا ئۆزىمىزلا قىسقارتىپ، يۇقىرىغا دوكلات قىلايلى، - دەپتۇ چېكىت گەپنى ئۈزۈپلا.

- مۇشۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ يازمىلىرىدا بىز تىنىش بەلگىلىرىنى ئۇچرىتىش تولىمۇ تەس، ئۇچراتقان تەقدىردىمۇ ئورۇنلىرىمىز ئالمىشىپ كەتكەن ياكى خاتا ئىشلىتىلگەن. قىسقىسى، قائىدە-قانۇنىيەتلىك ئورنىمىز ۋە رولىمىزنى مۇكچەيگەن مۇھەررىرلەردىن باشقىلار ئاساسەن ئەستىن چىقاردى. تەقدىرىمىز شۇنداق بولغاندىكىن ئۇنى قىسقارتايلى، بۇنى قىسقارتايلى دەپ يۈرگىچە كوللېكتىپ قىسقىرايلى، سىلەرچە قانداق؟ - دەپتۇ سوئال بەلگىسى.

- بىز ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرىنى يېزىقتىكى ئورنىمىز ۋە رولىمىزغا قاراپلا بىر تەرەپ قىلمايلى، جەمئىيەتنىڭ باشقا ساھەلىرىدە ئىشلىتىلىش قىممىتىمىز بارمۇ - يوق؟ بۇ تەرەپلەرگىمۇ قاراپ باقايلى، - دەپتۇ چېكىت.

- ئۇنداق بولسا، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ھال-ئەھۋالىمىزنى، ئالاھىدىلىكىمىزنى سەممىيلىك بىلەن ئەينەن يېزىپ يۇقىرىغا يوللايلى، كىمنى قىسقارتىشنى يۇقىرى بەلگىلىسۇن، - دەپتۇ ئۈندەش بەلگىسى.

بۇ پىكىرگە ھەممەيلەن قوشۇلۇپتۇ.

پەش:

- مەن تىنىش بەلگىلىرى جەمەتىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياش بىر ئەزا بولۇپ، ئاخىرلاشمىغان ئىشلارنىڭ ۋەكىلى. مەن دائىم كىشىلەرنى ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، تەمكىن-سالماق بولۇشقا ئۈندەيمەن، تەڭداشلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ ، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇشنى تەكىتلەيمەن.

چېكىت:

- مەن ئاخىرلاشقان، تۈگىگەن ئىشلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، يېرىم يولدا توختاپ قالمىغان، ۋاز كەچمەس كىشىلەرلا ماڭا ئېرىشەلەيتتى. ھازىر بولسا كىشىلەر بىر-بىرىنىڭ پېشانىسىگە چېكىت يازىدىغان بىر ئىشنى تاپتى. يەنە تىزىملىكتىكى نەچچە

مىڭلىغان ئىسىم-فامىلىنىڭ بەزىلىرىگە قارا رەڭ بىلەن قويۇلىمەن، ئۇلارنىڭ تەقدىرى چاتاق. بەزىلىرىنىڭ ئۈستىگە قىزىل رەڭ بىلەن قويۇلىمەن، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى پارلاق. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر بىر-بىرىگە: «دىققەت قىل، قارا چېكىت قويۇلۇپ قالمىسۇن» دەپ نەسىھەت قىلىشىدىغان بولدى. بەزىلەرنى قورقۇتۇپ تىترىتىپ جېنىنى ئالالايمەن، بەزىلەرنى كۈلدۈرۈپ-ئۆستۈرۈپ كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرالايمەن. دېمەك، مەن ھازىر كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئۇيان-بۇيان قىلىۋېتەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە. ئويلاپ كۆرسەم، يەنە سان-ساناقسىز تىز پۈكمەس، ۋاز كەچمەس روھلار ماڭا ھەرۋاقىت موھتاج. شۇڭا. . .

سوئال بەلگىسى:

– مەن تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئەڭ قېرىسى، شۇنداقلا يېشىلمىگەن سىرلارنىڭ، كۆڭۈلدىكى تۈگۈنلەرنىڭ ۋەكىلى. مەن «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن؟»لەر بىلەن بىرلىكتە كىشىلەرنى دائىم ئويلىنىشقا، ئالغا ئىلگىرىلەشكە، گۈزەل كېلەچەك يارىتىشقا ئۈندەپ كەلگەنىدىم. ئەپسۇس، ھازىر «ئاجىزلىق»نىڭ ۋەكىلىگە ئايلىنىپ قالدىم. كىشىلەر مەندىن نومۇس قىلىشىدۇ. قېرىپ ئاجىزلاپ كەتكەن بولسامۇ تەلتۆكۈس يوقالمىدىم. يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدە، قەلبىدە مەن ۋە مېنىڭ ۋارىيانتلىرىم بار. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، يۈرەكلەردىن يېرىلىپ، قەلبلەردىن پارتلاپ، قاغجىرىغان ئېغىزلاردىن ئېتىلىپ چىقىشقا دەرمان يوق.

ئۈندەش بەلگىسى:

– مەن بۇرۇن ئېزىلگەنلەرنىڭ ۋە ئىنسانىي تۇيغۇنىڭ ۋەكىلى ئىدىم. ھازىر بولسا غالىبلارنىڭ ۋەكىلى. ۋەزىپەم بۇيرۇقۋازلىق، شوئارۋازلىق قىلىش ۋە مەدھىيىلەش، ماختاش. ئۆتۈنۈش، مەسلىھەت دېگەنلەر ھازىر مېنىڭ ئىشىم ئەمەس. مەن ئىنسانىيەت تارىخىدا «ھۇررا!!!»، «ئالغا!!!» سادالىرىنى ھەيدەپ، ئېزىلگەنلەرنى ھۆرلۈككە، بەختكە ئۈندەپ، زالىملارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئاجايىپ تارىخلارنى ياراتقان. ھازىرقى بەختىيار كۈنلەردە ئېزىلگۈچىلەر يوق، شۇڭا «ھۇررا!!!» سادالىرىمۇ يوق، لېكىن مەن يەنىلا بار. بىلىكى تومۇرلارنىڭ بىلىكىدە، زۇۋاندارلارنىڭ زۇۋانىدا، كۈيچىلەرنىڭ كۈيلىرىدە، بايۋەتچىلەرنىڭ ھەمىيانلىرىدا، ئاستىن-ئۈستىن، قىيپاش-يانتۇ چاپلانغان شوئارلاردا، ئورۇق-سېمىز، چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ بۇيرۇقلىرىدا مەن بار. مەندەك بىر ئۈندەشكە قېرى سوئالدىن مىليونى تەڭ كېلەلمەيدۇ. دېمەك، مەن قىلىمەن دېگەننى قىلالايدىغان ئاجايىپ قۇدرەتكە ئىگە، شۇڭا. . .

پەش، چېكىت، سوئال بەلگىسى، ئۈندەش بەلگىسى قاتارلىقلار ئۆزلىرى ھەققىدە يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى يېزىپ، يۇقىرىغا يوللاپتۇ. يۇقىرى قانداق قارار چىقىرىدۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بىلىدىغىنىمىز، كىشىلىك ھاياتتا، ئەڭ ئاخىرىدا قالىدىغىنى «تۈگىدى» دېگەن سۆز بىلەن بىر دانە چېكىت. مەيلى سىز كىم ۋە نېمە بولۇڭ، بەربىر شۇنداق. . .

---

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە ئاچال يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

# ئويلىنىش

ئابلەت قەييۇم

## 1

ئوغۇزخان ئىككى ئىشنى خاتا قىلغان.

1. ئوغۇزخان ئالتۇن يانى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەن. يا بىر خىل قورال. ئوغۇزخان ھاكىمىيىتى ئەنە شۇ قورال ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن، قۇدرەت تاپقان. شۇڭا يا پارچىلانسا ئۆزىنىڭ قوراللىق سۈپىتىنى يوقىتىپلا قالماي، گويا خانلىقنىڭ بېلىكى سۇنغاندەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قورال باتۇرنىڭ ئەڭگۈشتىرى، قورالنى قەدىرلەش باتۇرنىڭ تەبىئىتى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئوغۇز باتۇرنىڭ ئالتۇن يانى قىلچە ئەپسۇسلانمايلا ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بېرىشى ئۇنىڭ باتۇرلۇق تەبىئىتىگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ. توغرىسى ئوغۇزخان ئالتۇن يانى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرمەي، خانلىقنىڭ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتىرى سۈپىتىدە قەدىرلىشى، بۇ قىممەتلىك ئەڭگۈشتەرنى سۇندۇرۇپ قويماسلىق ھەققىدە شاھزادىلەرگە شاھانە نەسىھەتلەر قالدۇرۇشى كېرەك ئىدى. شۇچاغدا كۈمۈش ئوقلارنى ئوغۇزخان ئېيتقاندەك كۆككىچە ئاتقىلى بولاتتى.

2. ئوغۇزخان خانلىقنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەن. روشەنكى، ئۇ ئائىلىگە دۆلەت مەۋقەسىدە ئەمەس، دۆلەتكە ئائىلە مەۋقەسىدە مۇئامىلە قىلغان. بۇ بىر سىياسىي ساددىلىق. بىرلىك قۇدرەت تېپىشتىن، بۆلۈنۈش خارابلىشىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئوغۇزخان سەلتەنىتىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۇنىڭ بىرلىك ئاساسىدا زورايغانلىقىدىن بولسا، بۆلۈنمىچىلىكنىڭ ئوغۇزخان سەلتەنىتىدىن كېيىنكى ئىزچىل ئۇدۇمغا ئايلىنىپ قېلىشى ئوغۇزخاننىڭ خانلىقنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەنلىكىدىن باشلانغان سەلبىي نەتىجە بولسا كېرەك.

## 2

چۆچەكلەردىكى قىزلار تولىمۇ چىرايلىق، ئاي دېسە ئاغزى، كۈن دېسە كۆزى بار، يەتتە ئىقلىمدا تەڭدىشى يوق گۈزەللەردۇر.

چۆچەكلەردىكى قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى شاھلار،

بايلارنىڭ قىزلىرى. لېكىن ئۇلار مەنسەپ، مال-دۇنياغا قىزىقمايدۇ. ئۇلارنىڭ لايىق تاللاشتىكى شەرتى مەنسەپدار ياكى زەردار بولۇش ئەمەس، ئەقىل-پاراسەتلىك، ئەخلاق-پەزىلەتلىك، باتۇر-جاسارەتلىك بولۇش.

چۆچەكلەر يالغان، بىراق چۆچەكلەردىكى قىزلارنىڭ لايىق تاللاش شەرتلىرى توغرا. ئەسلىدە قىزلارنىڭ لايىق تاللاش پرىنسىپمۇ ئەنە شۇ چۆچەكلەردىكىدەك بولۇشقا تېگىشلىك. شۇنىسى هازىرقى قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەل-مەنسەپ، مال-دۇنيانى ئۆلچەم قىلىپ لايىق تاللايدۇ.

چۆچەكلەردىكى قىزلار بىلەن هازىرقى زامان قىزلىرىنىڭ لايىق تاللاش شەرتلىرىدىكى پەرق دەۋر كەيپىياتى ئېتىبارىدىن ئېيتقاندا، رېئاللىق بىلەن خىيالىيلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولماستىن، ئۆتكەنكى ۋە هازىرقى زامان ئېتىقادىغا خاس پەرق بولۇپ، تارىخنىڭ ئىككى چوڭ قاتلىمىغا تەئەللۇق دالالەت سۈپىتىدە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىسىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەر بىلەن ئايال ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىككى قانىتى. ئاياللارنىڭ تەلىپى ئەرلەرنىڭ هەرىكەت ئۆلچىمى، ئەرلەرنىڭ تەلىپى ئاياللارنىڭ هەرىكەت ئۆلچىمى. بۇرۇنقى ئەرلەر مەردلىك، قەيسەرلىككە ئەهمىيەت بەرسە، بۇرۇنقى ئاياللار ئاياللىق نازاكەتلەرگە ئەهمىيەت بېرەتتى. بۇرۇنقى ئەرلەرنىڭ مەردلىك، قەيسەرلىككە ئەهمىيەت بېرىشى ئاياللارنىڭ مەردلىك، قەيسەرلىكنى ئۇلۇغلىغانلىقىدىن بولسا، بۇرۇنقى ئاياللارنىڭ ئاياللىق ئەندىزىلىرىگە ئەهمىيەت بېرىشىمۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللىق خىسلەتلىرىگە ئالاهىدە ئېتىبار بىلەن قارىغانلىقىنىڭ مەهسۇلى ئىدى.

هازىرقى ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە بولغان تەلىپى ئەرلىك پەزىلەتلىرىدىن كۆرە ئاساسلىقى ماددىي شەرت-شارائىتلارغا باقىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئەرلەردىكى ئەرلىك خاراكتېر ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. ئەكسىچە، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان تەلىپىمۇ ئۆزىنىڭ ئېكولوگىيىلىك رولىنى يوقىتىپ، ئاياللىق پەزىلەتلەرنى جەلپ قىلالمايدىغان بوپقالدى. نەتىجىدە ئەر-ئاياللارنىڭ مەنىۋى خاسلىقى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە سۇسلىشىپ كەتتى.

گېپىمىزنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئەرلەر ئەردەك بولالمىسا، ئاياللار ئايالدەك بولالمايدۇ؛ ئاياللار ئايالدەك بولالمىسا، ئەرلەر ئەردەك بولالمايدۇ. شۇڭا ئەرلىكنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىدە ئاياللارنىڭ، ئاياللىقنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىدە ئەرلەرنىڭ جاۋابكارلىقى بار. جەمئىيەتتە تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېغىرلىشىپ بېرىشىدىكى مۇهىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى دەل ئەر-ئاياللىق ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

## 3

ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان، ئىشىك-دېرىزىلىرى پولات-تۆمۈرلەر بىلەن رېشاتكىلانغان، ئەتراپقا قوراللىق كۆزەتچىلەر قويۇلغان، مەخسۇس جىنايەتچىلەر قامىلىدىغان جاي تۈرمە، ئۇنىڭ سىرتىدىكى بوشلۇق ئەركىن دۇنيا، دەپ قارىلىدۇ. تام-توساقلاردىن قۇرۇلغان تۈرمىگە ئادەملەرنىڭ جىسمى قامىلىدۇ. ۋەهالەنكى، نامۇۋاپىق تۈزۈلمە، ناتوغرا كەيپىيات هۆكۈم سۈرگەن، ئادەمنى قاتمۇقات چۈشەپ، چىدىغۇسىز دەرىجىدە تۇنجۇقتۇرۇپ قىينايدىغان تۈرمە قورۇسىنىڭ سىرتىدىكى ئاتالمىش ئەركىن دۇنيامۇ ئىنساننىڭ روهى قامىلىدىغان دەهشەتلىك تۈرمە هېسابلىنىدۇ. بۇ تۈرمىگە گۇناهكارلار ئەمەس، مۇتلەق كۆپ ساندا بىگۇناھ كىشىلەر ياكى ئەڭ ئىجتىهاتلىق، ئەڭ غايىلىك، ئەڭ ئالىيجاناب كىشىلەر قامىلىدۇ.

## 4

قانداق ئادەملەر نورمال ئادەم هېسابلىنىدۇ؟

ئەمەلىي چۈشەنچىلەر بويىچە بولغاندا ياخشىمۇ ئەمەس، يامانمۇ ئەمەس، ئەقىللىقمۇ ئەمەس، دۆتمۇ ئەمەس، ئاكتىپمۇ ئەمەس، پاسسىپمۇ ئەمەس، ئىلغارمۇ ئەمەس، قالاقمۇ ئەمەس، ئومۇمەن يىلمان سۇدەك ئادەملەر. بۇنداق ئادەملەر قائىدە-يوسۇنلاردىن چىقىپ كەتمەيدۇ، ئەلدە بار ئىشلارنىلا قىلىدۇ، يوقنى بار قىلىشنى ئويلىمايدۇ. يامان يېرى جەمئىيەتتە بۇنداق ئادەملەر ئازچىلىقنى ئەمەس، كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ.

قانداق ئادەملەر نورمال ئادەم هېسابلىنىدۇ؟

ئەقەللىي چۈشەنچىلەر بويىچە بولغاندا، مەيدانى مۇستەهكەم، ئەقىل-پاراستى ئۆتكۈر، مۇهەببەت-نەپرىتى ئېنىق، يېڭىلىققا، ئىلغارلىققا ئىنتىلىدىغان، ئومۇمەن، هاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئادەملەر. بۇنداق ئادەملەر قائىدە-يوسۇنلارغا ئۆلۈك هالدا ئېسىلىۋالمايدۇ، چىنلىقنى، هەقىقانىيەتنى ئۇلۇغلايدۇ، تەۋەككۈلچىلىك ۋە ئىسلاهات روهىغا باي كېلىدۇ، يارىتىش، ئىجاد قىلىش كەيپىياتى ئالاهىدە كۈچلۈك بولىدۇ. يامان يېرى، جەمئىيەتتە بۇنداق ئادەملەر كۆپچىلىكنى ئەمەس، ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇلار هە دېگەندىلا: «ساراڭ»، «غەلىتە مىجەزلىك كىشىلەر» دېگەندەك ناملار بىلەن بىنورمال ئادەملەر قاتارىدا سانىلىپ قالىدۇ.

---

ئاپتور: تۇرپان ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى(M1)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇهەممەت
بۇ سانىنىڭ تېخرېداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# ئەبجەش پاراڭلار

قۇربان ئەلى

## بىر، ئىككى، بىر

ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇش تەسۋىرلىنىدىغان VCD فىلىمىنى كۆرۈۋېتىپ، بىر ئىش دىققىتىمنى تارتتى: ئۇلار ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرگەندە كوماندىر: «بىر، ئىككى، ئۈچ. . .» دەپ كوماندا بېرىدىكەن. ئەمدى بۇنى بىزنىڭ يەسلىگە كىرگەندىن تارتىپ، تەلىيىمىز ئۆڭدىن كەپقالسا ھەربىيلىككە قاتناشقۇچە ھەركۈنى دېگۈدەك بويسۇنۇپ كېلىۋاتقان «بىر، ئىككى، بىر. . .» دېگەن كوماندىمىزغا سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ غەلىتە ئاڭلىنىدىكەن. يەنە تۇرۇپ ئويلانسام، ئۇلارنىڭ مەلۇم ئاساسى باردەك تۇيۇلدى. ئەسلىدىمۇ سانلار قاتارى بويىچە «بىر، ئىككى، ئۈچ. . .» تەرتىپىنىڭ «قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى ئۆرلەش، ئالغا ئىلگىرىلەش» تەك مەنىلىرى بولىدۇ. ئەمدى «بىر، ئىككى، بىر. . .» گە كەلسەك، ئۇ «ئالدىغا ئىككى، ئارقىغا بىر» ياكى «تىكىپ ـ سۆكۈپ» دېگەندەك يوشۇرۇن بىشارەتلەرنى بېرىپ قالامدۇ، قانداق؟ مېنىڭ ھەربىي ئىلمىدىن زادىلا خەۋىرىم بولمىغاچقا «بىر، ئىككى، بىر. . .» كوماندىسىنىڭ قاچان، قەيەردىن، قانداق بولۇپ بىزگە ئۆزلىشىپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما ئەتراپىمدا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ مۇشۇ كوماندا بىلەن بىرەر باغلىنىشى باردەكلا بىلىنىدۇ.

تېخى يېقىنقى زامانىدىلا تۆپتۈز سالا ئېتىزلارنى «ئوينى دۆڭگە تارتىش» چاقىرىقى بىلەن «پەلەمپەي ئېتىز» قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە نۇرغۇن مۇشەققەتتە تۈزلىگەنلىكىمىزنى دېمەيلا قوياي. ئېغى يوق ئىشتان كىيىپ يۈرگەن كۈنلىرىمىزدە مەھەللىدە ھەدېسىلا «كۈرەش قىلىش»، «تارتىپ چىقىش» دېگەندەك كىشىنى ساراسىمىگە سالىدىغان ئالمانلار بولۇپ تۇراتتى. قايسىبىرلىرىنىڭ ئۇزۇن قەغەز قالپاق كىيگۈزۈلۈپ، يۈزى ئالا-چىپار بويىلىپ، كوچىمۇكوچا سازايى قىلىنغانلىقىنى، مۇشت ـ تېپىك دىكتاتورىسىغا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتەتتۇق. چوڭلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ كىشىلەر ئۆتمۇشتە باي-پۇلدار ئۆتكەنمىش، ھازىر كەمبەغەل-لەرنىڭ ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش پۇرسىتى كەپتۇدەك. شۇ ئىش تەسىرىدىنمىكىن، خېلى يېقىنغىچە بايلار ئەسكى دېگەن قاراشتا بوپكەلگەنلىكىم ئۈچۈن ئىككى-تۆت تەڭگە مائاشقا شۈكرى قىلىپ، سېرىقتال ئۆتكەن كۈنلەرگە رازى بوپكېلىۋاتىمەن. ئەكسىچە، باشلانغۇچتىكى ساۋاقداشلىرىمدىن «توخۇ، توشقان ئون سەككىز، پۇت-قوللىرى قىرىق سەككىز، توخۇ قانچە، توشقانچۇ؟» دېگەن سوئالغا يېرىم كۈندىمۇ جاۋاب تاپالمايدىغان نەچچىسى ھازىر بىزدەك «مائاشچىلار» غا نەزىرىنىمۇ سالمايدىغان دوكارلاردىن

بوپقالدى. «كەمبەغەللەشتۈرۈش» دولقۇنىدا ھايان كۆرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس: ئەڭ كەمبەغەللىنى كەنت باشلىقى سايلىدۇق، ئەڭ كەمبەغەللىكە قۇتقۇزۇش بۇيۇمى بەردۇق، ئەڭ كەمبەغەل ئائىلىدىن ئالىي مەكتەپكە «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر ئوقۇغۇچى» ماڭغۇزدۇق، ھەتتا يېڭى كىيىمگىمۇ ياماق سېلىپ كىيىپ، كەمبەغەللىك «شان-شەرىپى»گە نائىل بولماقچى بولدۇق. شۇنداق قىلىپ، ئاران بىر بالىلىقتا بايىنى كەمبەغەللەشتۈرۈپ تۇرساق زامان بىرلا ئۆزگىرىپ «پۇلى بارنىڭ گېپى ئۆتەر»، ھۆكۈمەتمۇ، پۇقرامۇ، بانكىمۇ، ساقچىمۇ پۇلى بارلارغا «مەدەت» بېرىدىغان، دىرېكتوردىن تارتىپ مەسچىت ئىمامىغىچە بايلاردىن ئاشمايدىغان بوپقالدى. ئاددىيسى، مەكتەپتە ئوقۇش ئىشىنى ئالايلى، «بەگ بالىسى بەگ بولۇر» دېگەن تەمسىل بويىچە ئۆتمۈشتە پۇللۇق ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى ئوقۇپ ئەمەلدار بولىدىكەنمىش (كوچا پاراڭلىرىدا دۆلەت كاتتىلىرىمۇ پومېشچىكنىڭ بالىلىرى، بولمىسا چەتكە چىقىپ ئوقۇيالمىتى، دېگەندەك گەپلەرنىمۇ ئاڭلىدىم). كەمبەغەللەشتۈرۈش زامانىسىدا بولسا گادايلارمۇ ئوقۇپ ياكى «ئاق قەغەز تاپشۇرۇدىغان باتۇر»لاردىن بولۇپ، يەتمىش پۇشتىدىن تارتىپ ھېچكىم خىيالمۇ قىلىپ باقمىغان ئەمەللەرنى تۇتتى، ھېچ بولمىغاندىمۇ «تۆمۈر تاۋاق»لىق كادىر بوپقالدى. يەنە تۇرۇپلا پۇل بولمىسا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغىلى، ئالىي مەكتەپ دىپلومى بولمىسا كادىر بولغىلى، ئەمەلدار بولۇشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان بوپقالدى. ئۇنداقتا ھازىر دېھقانلىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرىدىن قانچىسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش بەختىگە ئېرىشەلەر؟ بۇ يەردە دېھقان پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلگۈم ئەمەس، ئەشۇ ئىشلارنىڭ «بىر، ئىككى، بىر...» كوماندىسىغا توغرا كەپقالغانلىقىغا كۈلگۈم كېلىدۇ.

«بىر، ئىككى، بىر...» نىڭ كۈلكىلىك يېرىدىن كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان تەرەپلىرى تېخىمۇ قېلىشمايدۇ. بىز باشلانغۇچنى تۈگىتىپ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەپ ئوقۇۋاتقاندا يېڭى يېزىق (لاتىن يېزىقى) قوللىنىلغان بولۇپ، مەيلى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش بولسۇن ياكى چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشتە بولسۇن ناھايىتى قولاي ئىدى، كونا يېزىققا نىسبەتەن «بىر»دىن «ئىككى»گە ئۆرلەيدىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى، پەقەتلا «ئۈچ»كە قەدەم بېسىپ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرسەك تېخىمۇ گۈل گۈلىگە كېلەتتى. ئەپسۇس، ھېچكىم مەجبۇرلىمىسىمۇ يەنە «بىر، ئىككى، بىر...» بوپقالدى. خۇددى يېزىقىمىز (توغرىسى ھەرپىمىز) ئەرەبكە ئوخشىمىسا، مۇسۇلمان بولمايدىغاندەك «ئەلىپ، بە، تە، سە»گە قايتىپ بىرمۇنچە ساۋاتسىزلارنى ئاۋۇتتۇق. بۇنىڭ كاشىلىسى بىلەن، يېڭى-كونا ئەسىرنىڭ ئالمىشىش پەيتىدە كومپيۇتېردىن ئىبارەت زامانىۋى ئۇچۇر يەتكۈزۈش ۋاستىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن يېزىق دوقىلىغا يەنە ئۇستۇق. شۇڭا ئۆز-ئۆزۈمگە: «بىر، ئىككى، بىر...» كوماندىسىنى ئۆزگەرتىش كېرەكمۇ، يوق، دېگەن سوئالنى قويۇپ يۈرۈمەن.

## ئاغدۇرۇلغان سىنىپ

بىر كۈنى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3-يىللىقىدا ئوقۇيدىغان ئوغلۇم ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا كىچىك خاتىرە دەپتەرنىڭ جىلدىنى قىلغىلى تۇردى. نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى سورىسام، ئوقۇتقۇچى سىياسىي ئۆگىنىش خاتىرىسى تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتىمىش. ھەرپىنى ھەرپكە ئاران قوشۇپ جىجىلاۋاتقان شۇمتەكلەرگە سىياسىي ئۆگىنىش خاتىرىسى يېزىپ نېمە كەپتۇ، دەپ ئىچىمدە سەل غودۇراپ قويدۇم. تۇرۇپلا يەنە ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىمىزدىن تارتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، پەقەت مەنلا ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر تاۋىقىغا ئېرىشتىم. يەتمىش پۇشتىمىز ئىچىدە ئەمەل-پەمەل تۇتقانلار چىقىپ باقماپتۇ، بەلكىم مۇشۇ ئوغلۇم ھازىردىن باشلاپ سىياسىيغا ئەھمىيەت بەرسە، كەلگۈسىدە سىياسىيئون بولۇپ ھوقۇق - مەنسەپ تۇتۇپ قالسا، «دادىسى تۇتالماي قوڭغۇزنى، بالىسى سوقۇپتۇ توڭگۇزنى» دېگەندەك كارامەتلەر بوپقالامدۇ تېخى، دېگەنلەرنى ئويلاپ، دەرھال بەگزادىنىڭ تەلىپىنى بىجا كەلتۈردۈم. ئەمما شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزۈم باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش دائىم كۆڭۈل ئېكرانىمغا كېلىۋالىدىغان بولدى:

ھەر كۈنى ئەتىگەندە ساۋاقداشلارنىڭ ئالدى-كەينى يىغىلىپ، رەسمىي دەرس باشلىنىشتىن ئىلگىرى تام تۈۋىدە تەپتى يوق ئاپتاپقا قاقلانغاچ «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نى ئوقۇيتتۇق، ئەمەلىيەتتە مۇئەللىم ئوقۇپ بېرەتتى، بىز تىرنىقىمىز بىلەن توپىغا خالىغان شەكىللەرنى جىجىغاچ كۆڭلىمىزدە تەنەپپۇستا ئوينايدىغان ئويۇننىڭ پىلانىنى تۈزەتتۇق. شۇنداق ئوقۇشلارنىڭ بىرىدە «ئاغدۇرۇلغان سىنىپ» دېگەن گەپ چىقىپ قالدى. مۇئەللىم كىتابنى يېپىپ قويۇپ بىزدىن سورىدى:

- ئاغدۇرۇلغان سىنىپ قايسى سىنىپ؟

مەن سەل قورقۇنچاق بولغاچقا، ئەتراپىمدىكىلەرگە قىپچىنىپ جىم تۇرۇۋالدىم. ئارىمىزدىن چوڭراق بىرسى قول كۆتۈردى، مۇئەللىم ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن ئۇ جاۋاب بەردى:

- 3-يىللىق A سىنىپ!

شۇ ھامان مۇئەللىمنىڭ چىرايى دەم قىزىرىپ، دەم تاتىرىپ كەتتى-دە، سەل تۇرۇپلا پاراققىدە كۈلۈۋەتتى، بىزمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلدۇق. ئەمما ئىچىمدە بىزنىڭ 3-يىللىق B سىنىپىمىز ھەرقېتىملىق چالما جېڭىدە 3-يىللىق A سىنىپىنى يېڭىۋالىدىغان تۇرساق، مۇئەللىم نېمىشقا كۈلىدىكىنە؟ دېگەن سوئال توختاپ قالغانىدى.

# يېپىق قازان يېپىقلىق قالسۇن

شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2001-يىلى 28-مارتتىكى خەۋىرىدە ساختا دىپلوم ياساپ سېتىش ئۇۋىسى بىتچىت قىلىنغانلىقى جامائەتكە ئاشكارىلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي مەلۇم بىر گېزىتتىن جياڭسۇ ئۆلكىلىك سودا سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ تۈنجى قەدىمىنى ساختا دىپلوم ئېنىقلاشتىن باشلىغانلىقىنى ئوقۇدۇم. گەرچە ساختا دىپلوم بىلەن ھېچقانداق ئالاقەم بولمىسىمۇ، ئاپپارات ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئىستىكىدە قوشنا مىللەتلەرنىڭ «ئىت بىكارچىلىقتا چاشقان تۇتۇپتۇ» دېگەن تەمسىلدىكىدەك ئۆزۈمچە ساقال تارغاقلىق قىلىپ قالدىم.

ساختا دىپلوم ياساش ئۇۋىسىنىڭ بىتچىت قىلىنغانلىقى ئەلۋەتتە ياخشى ئىش، ئەمما مېنىڭچە، بىتچىت قىلىش بىلەنلا توختاپ قالغىنى تېخىمۇ ياخشى. ئەگەر يەنە كېڭىيىپ ئېنىقلاش - بىكار قىلىشقا ئۆتسە، ئۇ چاغدا «مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن» بوپقېلىشى، ھەتتا ئاخىرى بېرىپ «مۈشۈككىمۇ قىيىن» بوپقېلىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ ھە-ھۇ بىلەنلا چېقىلىدىغان كېسەك قورغان ئەمەس، سەل ئەستايىدىللىراق ئويلانساق، چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى، ئىجتىمائىي ئاساسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى، مۇقىملىققا بېرىپ تاقىلىدىغان نازۇك مەسىلە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ساختا دىپلوم جەمئىيىتىمىزدىكى ھەممە ساھە، ھەممە كەسىپلەرگە چېتىلىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، «ساغلام» تەرەققىي قىلىشىدا ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر بار. نۇرغۇن ئىدارە-ئورگانلارغا نىسبەتەن يۇقىرىنىڭ كادىرلار ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئالىي تېخنىكوم دىپلومى بارلار %×× بولۇش دېگەندەك ئۆلچەملىرى، تېخى مۇنچە يىلدا مۇشۇ ئۆلچەمگە يەتكۈزىسەن دەيدىغان قاتتىق كۆرسەتكۈچلىرى بولىدۇ. تۆۋەندىكى رەھبەرلەر ئامالسىز بۇ توقۇمنى تېخىمۇ تۆۋەنگە ئىرغىتىپ، خىزمەتچىلەرنىڭ چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن دىپلوم ئېلىشىنى، بولمىسا «تۆمۈر تاۋاقنى تاشلاش»نى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردىكى «قانداقلا قىلىپ» دېگەن سۆز «ۋاستە تاللىماسلىق» مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، دېسە ساراڭنىمۇ كۈلگىسى كېلەر.

يەنە بىر جەھەتتىن، نۇرغۇن ئىدارە-ئورگانلار ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچىنى تېجەش ئۈچۈن خادىملارنىڭ ئىشتىن ئايرىلىپ بىلىم ئاشۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمەي ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ ئوقۇشقا قىستىغان. خادىملارنىڭ خىزمەت سالمىقى ئېغىر، ئىشتىن سىرت ئوقۇشقا زېھنىي كۈچى ياربەرمەيۋاتقان قىيىن ئەھۋالدا «قانداقلا قىلىپ» دېگەن ئاتاكا سىگنالى ئۇلارنى «قىر-چاپ»قا ئىلھاملاندۇرۇۋاتسا، ۋاستە تاللاپ ئولتۇرۇشقا كىمنىڭ چولىسى؟

ھەردەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساختا دىپلوم چەمبىرىكى ئىچىگە كىرىپ قېلىشى بۇ مەسىلىنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ئالايلى، مەلۇم بىر رايون يۇقىرىنىڭ «نەزىرىگە ئىلىنىپ» مەلۇم ۋەزىپە (ھازىرقى مودا سۆز بويىچە «چاكار»لىق) گە نامزات قىلىپ كۆرسىتىلگەن ھامان ئالدى بىرەر يىللىق، كەينى بىرەر پەسىللىك مارافونچە دىپلوم ئېلىش كۇرسلىرىغا ئەۋەتىلىدۇ. بۇنچىلىك ئامەتكە نائىل بولالمىغان «خوراز تاجىسى»، «كالا قۇيرۇقلىرى» بولسا قاتاردىن قېلىشقا كۆڭلى ئۇنىماي، ئىدارىنىڭ كاسسىرى ئايدا بىر نۆۋەت تارقىتىدىغان «ئىككى-تۆت تەڭگە»نى قورال قىلىپ ئاتاكىغا ئۆتىدۇ-دە، ۋاستە تاللىماي ئاخىرى زەپەر قۇچۇپ دىپلوملۇق بوپقالىدۇ. ئەقەللىي نوقتىدىن ئېيتقاندا، ئالدىنقىسى بىلەن كېيىنكىسىنىڭ پەرقى يوق دېيەرلىك، چۈنكى بىلىمنى تاغارغا سامان تىققاندەك تېز چىڭدىۋالغىلى ياكى ئوغرىلاپ، سېتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

ساختا دىپلوم مەسىلىسىگە كاندەك چاپلىشىۋېلىشنىڭ ئاخىرى مۇقىملىققا بېرىپ تاقىلىدىغانلىقى باشتا پۇرىتىپ ئۆتكەندەك مەن ئەڭ ئەنسىرەيدىغان نازۇك مەسىلىدۇر. ئەگەر «بىتچىت» قىلىش بىلەنلا توختىماي تارقىلىپ كەتكەن دىپلوملارنى ئېنىقلىساق، بىر مۇنچە ھەشەم بىلەن ئېنىقلىغاندىن كېيىن بىكار قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا «پېچەكلار»نىڭ ئىش ھەققى قىرقىلىپ كېتەر، يامىنى كەلسە «ئىسلاھات» قىلىنىپ كېتەر. مەسىلىنىڭ مۇھىمى، ئوندىن توققۇزىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپكىمۇ دەرس بېرەلمەيدىغان «ئىختىساسلىقلار» ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ چىللاپ كىرگۈزگەن، زىيادە چارچاش تۇپەيلىدىن ئۆتكۈزۈشتە «مۈگدەپ» قالغان، قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنىڭ بىر ئاخشامدىلا «ستۇدېنت» بوپقالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈگۈل مائاش تەڭشەيدىغان ھالقىلىق پەيتتە «كەڭ قورساقلىق بىلەن» تەستىق سېلىۋەتكەن «چاكار»لارنىمۇ، يۇقىرىدىكى دىپلوم ھەل قىلىشىپ بەرگەن «سېخىي»لارنىمۇ سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كەلمەسمۇ؟ راستتىنلا شۇنداق بوپقالسا، قانچىلىغان سىناقلاردا سىنىلىپ، بوران-چاپقۇندا تاۋلىنىپ يېتىشكەن، جان تىكىپ مۇقىملىقنى ساقلاۋاتقان ئەشۇ ساداقەتمەن باھادىرلار «ئاسماندىكى ئاي»دىن «ئېرىقتىكى لاي»غا ئايلىنىپ قالماسمۇ؟

# شېئىر شۇنچە قۇدرەتلىكمۇ؟

لۇشۇنشۇناس توختى باقى ئارتىشى ئاكىغا بولغان

ئىخلاسىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىنمىكىن ئۇنىڭ: «ئۇنى-بۇنى ئوقۇپ قويۇڭ» دېگەن سۆزى بويىچە ئۇنى-بۇنى ئوقۇپ يۈرۈپ، ياش ئوبزورچىمىز يالقۇن روزىنىڭ «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما» ناملىق كىتابى قولۇمغا چىقىپ قاپتۇ. ئەپسۇس، كىتابتىكى تۇنجى ماقالە «مېنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشىم»نى ئوقۇپلا مەن ئۇزاقتىن بۇيان قول قويۇپ ھۆرمەت قىلىۋاتقان، ھەتتا بىرەر نۆۋەت ھەمداستىخان بولۇپ سۆھبەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان يېتۈك ئوبزورچىمىزنىڭ ماقالىدا كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىگە ئۆكتە قوپقۇم كەلدى. چۈنكى يالقۇن ئەپەندى مەزكۇر ماقالىسىدا ئوكتاۋىئوپازنىڭ: «ئەگەر بۇش بىلەن سادام ھۈسەيىن شېئىر ئوقۇغان بولسا، پارس قولتۇقى ئۇرۇشى يۈز بەرمىگەن بولاتتى» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق شېئىرنىڭ قۇدرىتىنى زىيادە كۆپتۈرۈۋەتكەن. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، كېيىم بولسا ئوكتاۋىئوپاز جانابلىرىغا يۈزتۇرانە دېيىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن چەت ئەل تىلىنى بىلمىگەنلىكىم، يەنە كېلىپ ئىقتىسادىي جەھەتتە چەت ئەلگە چىققۇدەك ئىمكانىيىتىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمىنى» دېگەندەك يالقۇن ئەپەندىگە شۇ سۆزنى نەقىل كەلتۈرگەن «گۇناھى» ئۈچۈن سەۋال قىلىدىغان ئوخشايمەن.

شېئىرنىڭ قۇدرىتى ھەقىقەتەن شۇنچىلىك زورمۇ؟ مېنىڭچە، ناتايىن. بىر قولىدا «قۇرئان كەرىم»نى، يەنە بىر قولىدا «يەل تاپان» ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، كۇۋەيت زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىش ئارقىلىق پارس قولتۇقى كرىزىسىنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياققان سادام ھۈسەيىن شېئىر ئوقۇمايمۇ قالمىغان. ئۇ، «ئىراقنىڭ شىمالىدىكى بەدۋىئىنلار ۋە ئەرەبلەرنىڭ دۇنياغا داڭلىق ئايال ناخشىچىسى ئۇممە گۈلسۈمنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ... شائىرلارنىڭ ئۇنى ماختاپ دېكلاماتسىيە قىلغان شېئىرلىرىنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ» («شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» 1999-يىل 25-دېكابىر سانى، 4-بەت). ئەمەلىيەتتە پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى ھازىرغىچە تارقىمايۋاتقانلىقىدىن يالقۇن ئەپەندىنىڭ خەۋىرى يوق بولسا كېرەك.

«ئۆزىنى ماختاپ دېكلاماتسىيە قىلغان شېئىرلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرۈدىغان» ئۇلۇغلاردىن بىزدىمۇ بولۇپ ئۆتكىنى تېخى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. «ئالەمدىكى جىمى دېڭىز-ئوكياننى سىياھ، ئورماننى قەلەم، زېمىن ۋە ئاسماننى قەغەز» قىلىپ «جىمى ئىنسان شائىر بولۇپ» مەدھىيىلىنىش شەرىپىگە ئېرىشكەن، «قار»، «مېيخۇا گۈلگە مەدھىيە»، «جىڭگاڭشەنگە قايتا چىقىش» قاتارلىق بەدىئىيلىكى يۇقىرى، مەزمۇنى چوڭقۇر شېئىرلارنى يازغان ماۋزېدۇڭمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت كوھقاپنىڭ ئاغزىنى ئۆز قولى بىلەن ئېچىپ، مەدەنىيەت ئاۋانگارتلىرىنى، ئىلىم-پەن سەركەردىلىرىنى قىر-چاپ قىلغان، جۇڭگو مەدەنىيىتىگە تولدۇرۇۋالغۇسىز ئاپەت كەلتۈرگەن، بۇلارنى يالقۇن ئەپەندى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟


سەبىي ۋاقىتلىرىمىزدا شېئىر-ناخشىلىرىمىزغا قوشۇپ مەدھىيىلىگەن، سوۋېت شائىرلىرىنىڭ شېئىرىي رومان - داستانلىرىدا خۇدادىنمۇ ئاشۇرۇپ ماختالغان (مۇھەررىردىن) سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ سابىق رەھبىرى ستالىن مىليونلاپ سوۋېت خەلقىنى قىرغان، ئوتتۇرا ئاسىيادا قەتلىئام يۈرگۈزگەن، تاتار ۋە چېچەنلەرنى خانىۋەيران قىلىپ، يۇرت-ماكانلىرىدىن ئايرىپ يەھۇدىيلار قىسمىتىگە گىرىپتار قىلغانلىقىدىن ئەجەبا مول مەلۇماتلىق ئوبزورچىمىز يالقۇن ئەپەندى بىخەۋەرمىدۇ؟

تارىخنى يەنىمۇ كەينىگە سۈرۈپراق ۋاراقلىساق، بىز پرولېتارلارنىڭ ئۇلۇغ داھىيمىز، ماركسىزمنى جاھانغا تەۋەللۇت قىلغۇچى كارل ماركسمۇ شېكسپىر شېئىرلىرىنى ئوقۇپلا قالماستىن، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە شائىر ئىدى («چەت ئەل مۇھەببەت شېئىرلىرى»، شاڭخەي «مەدەنىيەت» نەشرىياتى 1986-يىل ئىيۇن، 1-نەشرى، خەنزۇچە). لېكىن ماركس ئۆزىنىڭ «ھىندىستاندا بىرىتانىيە ھۆكۈمرانلىقى» دېگەن ئەسىرىدە ھىندىستان خەلقىگە ھېسداشلىق قىلماقتا يوق، ئەكسىچە ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئىستىلاسىغا يانتاياق بولۇپ «ئەنگلىيە ھىندىستاندا ئىككى ياقلىملىق ۋەزىپىنى - خانىۋەيران قىلىش ۋە يارىتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشى لازىم. يەنى بىر تەرەپتىن ئاسىيا جەمئىيىتىنى يىمىرىپ تاشلىشى، ئىككىنچى تەرەپتىن بولسا، ئاسىيادا غەرب جەمئىيىتىنىڭ ماددىي نېگىزىنى قۇرۇشى لازىم» دېگەن («ھىندىستاندا برىتانىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كەلگۈسىدىكى نەتىجىسى»: «ك. ماركس، ف. ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» I توم 519-بەت، تاشكەنت «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى 1953-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى). يالقۇن ئەپەندىنىڭ بۇ رېئاللىققا كۆز يۇمۇلىشى مۇمكىنمۇ؟

مېنىڭچە، شېئىرنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق تەسىرلەندۈرۈش قۇدرىتى بولىدۇ، ئەمما بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش نۇقتىسىنەزىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قۇدرىتىنى زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىش بىر تەرەپلىمىلىكنى ياكى بولمىسا بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش خاھىشىنى پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر راستىنلا يالقۇن ئەپەندى نەقىل كەلتۈرگەن شۇ سۆز بويىچە، ئوچۇقى ئوكتاۋىئوپازنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، گورباچېفنى ئەڭ بۈيۈك شائىر، ھېچ بولمىغاندا شېئىرنى ئەڭ كۆپ ئوقۇغان كىشى دېيىشكە مەجبۇر بوپقالمايمىزمۇ؟

---

ئاپتور: باي ناھىيە سودا-سانائەت مەمۇرىيىتى ئىدارىسىنىڭ خادىمى (M1)



## ئۇنىۋېرسال

## مۇلاھىزىلەر

# يېزا كادىرلىرىنىڭ ئاھى

تەرجىماندىن: يېقىندا يېزا ئەھۋالى ۋە يېزا كادىرلىرىنىڭ ئاھ - زارلىرى توغرىسىدا گېزىت يۈزىدە ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان بىر نەچچە پارچە ماقالىنى ئوقۇپ قالدىم. شۇ ماقالىلارنىڭ بىرى ئەسلىدە «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ مۇشتەرى ئوقۇرمەنى، يېزىدىكى ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەيدىغان پارتىيىلىك كادىرنىڭ گېزىت تەھرىر بۆلۈمىگە يازغان خېتى ئىكەن. ۋۇۋنىگنىنىڭ شۇ خېتى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن «بىر يېزا بازىرى كادىرىدىن كەلگەن خەت» دىگەن سەرلەۋھە بىلەن «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 18-دېكابىر سانىدا ئېلان قىلىنغان. ئەسلى تېكىستى مۇنداق:

### بىر يېزا كادىرىدىن كەلگەن خەت

(تەھرىردىن ئىلاۋە: تۆۋەندىكى خەت «مۇشتەرىلەردىن ئەھۋال ئۇقۇش جەدۋىلى» گە قوشۇپ ئەۋەتىلگەن خەت ئىكەن. بۇ خەتتە بايان قىلىنغان مەزمۇنلار ھەربىر ئادەمنى ئويلاندۇرىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن تەھرىرلەپ ئېلان قىلدۇق.)

«〈فېلىيەتون گېزىتى〉نىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە:

مەن بولسام گېزىتىڭىزلارنىڭ كونا ئوقۇرمەنى، ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەيدىغان كادىرمەن، فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى تۆۋەن دەرىجىلىك دورغىغا باراۋەر تۇرىدىغان كىچىككىنە بىر ئەمەلدارمەن. بىز ئاساسىي قاتلامدا پۇقرالار بىلەن يۈزتۇرانە ئالاقە قىلىپ تۇرغاچقا ئاچچىق-چۈچۈكنى، دەرد-ھەسرەتنى يەتكىچە تېتىدۇق ۋە تېتىۋاتىمىز. ھازىر يېزىدا ھەممىدىن بەك گەۋدىلىنىپ تۇرغان مەسىلە شۇكى، يېزىدا ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى تولىمۇ ئاستا، دېھقانلارنىڭ تاپاۋىتى تولىمۇ ئاز، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسى نامۇۋاپىق. خۇددى دېھقانلارنىڭ ئېيتقىنىدەك، پۇقرا نېمىنى تېرىسا شۇ نەرسە پۇلغا يارىمايدۇ، لېكىن باج-سېلىق بولسا مۇقىم ھالەتتە ئېغىرلاشماقتا. دېھقانىنىڭ سېلىقى ناھايىتى ئېغىر. ھەتتا لىللا قويۇلغان باجنى

يىغىۋېلىشىمۇ خېلىلا قىيىن. بىز بۇ كىچىك ئەمەلدارلار يۇقىرىغا نىسبەتەن ۋەزىپىنى شەرتسىز ئورۇندىغىمىز بار، تۆۋەنگە نىسبەتەن دېھقانلارنىڭ ھال-كۈنىنىڭ ئېغىرلىقىغا ئىچىمىز ئاغرىيدۇ. دېھقانلار بىزنى كۆزىگە ئىلمايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بىزنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقىدۇ، بىزنى ھەم يامان كۆرىدۇ، ھەم بىزدىن قورقىدۇ. بەزىلىرى نائىلاج يېلىنىدۇ، بەزىسى بويۇن تولغايدۇ، بەزىسى يولسىزلىق-ئۆكتەملىك قىلىدۇ. بىز باج-پاراق يىغىشتا زورلۇق قىلالمايمىز، چۈنكى بىزنىڭمۇ ئاتا-بوۋىمىز دېھقان. مەركەزنىڭ يېزىلاردا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنىڭ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇشتىن ساقلىنىش كېرەك، دەپ قايتا-قايتا قىلغان نەسىھەتلىرى ھەرقاچان ئېسىمىزدىن چىقمايدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ۋەزىپىنى شەرتسىز ئورۇنداشقا تىرىشىمىز. ئورۇندىمىساق، دەرىجىمىزنىڭ ئۆسۈشىگە، مائاشىمىزغا تەسىر يېتىدۇ. دېمەك ئىشىمىز تەس، ئامالسىز بوپقالىمىز. تولا چاغلاردا «كادىرلىق نېنىنى يېمەك ھەقىقەتەن تەس» دەپ ئۇھ تارتىمىز. جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ ھال-ئەھۋالىغا كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىلگىرى باسماس ئىدىيىسى كىشىنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىدۇ. بىزنىڭ تەمىناتىمىز ئادەتتىكى دېھقانلارنىڭكىدىن ياخشىراق؛ لېكىن ھوقۇقدارلارنىڭ يەيدىغىنى، كىيىدىغىنى، ئولتۇراق جايى ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. «ھەشەمەتلىك ئايۋان-سارايلاردا گۆش-ياغ سېسىپ ياتسا، يول ياقىسىدا ئاچ-يالىڭاچلار ئۆلۈپ ياتىدۇ» دەيدىغان كونا تەمسىللەر سىنىپىي زىددىيەتنىڭ مۇرەسسەلەشتۈرگىلى بولمايدىغان ھالغا كەپقالغانلىقىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، پەلەك چاقى چۆرگىلەپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، مەيلى ھوقۇقدارلار بولسۇن ياكى ئاۋام پۇقرا بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش بىر سىنىپقا مەنسۇپ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا شۇنچە چوڭ پەرق ۋە زىددىيەت بولىدۇ؟ بۇنى مەن چۈشىنىپ يېتەلمىدىم.

خۇددى قايسىبىر ئوقۇرمەننىڭ «فېلىيەتون گېزىتى»نى ئوقۇپ تۇرسىڭىز، ھەممىگە ئاڭلىق ئادەم بولالايدىكەنسىز، دېگىنىدەك، مېنىڭ ھەممىگە ئاڭلىق، ھەممىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدىغان ئادەم، پاك ئەمەلدار بولغۇم بار، «راستچىل، قېتىرقىنىپ، ئەمەلىي، بېرىلىپ ئىشلەش» - بۇ مېنىڭ تۇمارىم. شۇنداق بولۇش ھەقىقەتەن تولىمۇ قىيىن ئىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ ئەجىر قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن. مەن ئۆزۈم راستچىللىقنى زادىلا سىغدۇرالمايدىغان بىر مۇھىتتا تۇرۇۋېتىمەن، بۇنى ئۆزگەرتىشكە ئامالىم يوق، ئۇنىڭغا ماسلاشماقتىن بۆلەك چارەم يوق. گېزىتىڭىزلاردا بايان قىلىنغان لى چاڭپىڭ، شىيايسۇخىنىڭ ھېكايىسىدىكىگە ئوخشاش، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغان ئادەملەرمۇ خىيانەتچى - پارىخور ئەمەلدارلارغا، ھارامزادە - ساختىپەزلەرگە يەم بوپكېتىۋاتىدۇ. پالاكەتكە يولۇقماي دېسەڭ، ئۆتكەنكىلەردىن ئىبرەت ئال، دېگەن گەپ بار. مېنىڭ ئۆزۈمنى ئۆزۈم ساپ تۇتماقتىن باشقا يولۇم يوق. ئەتراپىمدا بىكارغا يەپ-ئىچىدىغان، قىمار ئوينايدىغان، جالاپ ئوينايدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس؛ مېنىڭ يانچۇقۇم قۇرۇق، ئۇلارغا قوشۇلالمايمەن، شۇڭا ماڭا تەنە قىلىشىدۇ، مازاق قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرۈپ بەزىدە پەرىشان بولىمەن، ئىچىم سىقىلىدۇ. لېكىن «فېلىيەتون گېزىتى»نى ئوقۇسام كۆڭلۈمگە ناھايىتى ياقىدۇ، ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرى بىلەن مۇڭداشقىم، پىكىرلەشكىم كېلىدۇ. گېزىتىڭىزلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق پۇرسەت يارىتىپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

- ئوقۇرمەن ۋۇۋېنگىن»

* * *

ماقالىلەرنىڭ «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2002-يىل 15-يانۋار سانىدا ۋې چىنچى ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان يەنە بىرىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

## بىزگە نېمە ئامال؟

«فېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2001-يىل 18-دېكابىر سانىدىكى «بىر يېزا كادىرىدىن كەلگەن خەت»نى ئوقۇپ، بىز ناھىيە، يېزا كادىرلىرىمۇ شۇ خەتتىكىگە ئوخشاش ھېسسىياتتا بولدۇق. گېزىتتە ئاشكارىلانغان رەزىللىكلەر بىزنىڭ بۇ چەت ناھىيىمىزدىمۇ ئوخشاشلا بار، ھەتتا ئېشىپ چۈشىدۇ. بىزنى ھەممىدىن بەك ئامالسىز قالدۇرىدىغىنى شۇكى، رەھبەرلەر بىر تەرەپتىن پۇل يوق دېيىشىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا ھەدەپ پۇل خەجلەيدۇ.

خەتتە دېھقانلارنىڭ تاپاۋىتى ئازلىقى، سېلىقنىڭ ئېغىرلىقى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا بىرمۇنچە ئادەمنىڭ بىكارغا يەپ-ئىچىپ، قىمار ۋە جالاپ ئويناپ يۈرۈدىغانلىقى سۆزلىنىپتۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە دېھقانلارنىڭكىلا تاپاۋىتى ئاز، سېلىقى ئېغىر بوپقالماستىن، ئىشلەپ تۇرغان كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭمۇ مائاشى ئاز، سېلىقى كۆپ. ئەينى ئەھۋال مۇنداق: ھەردەرىجىلىك كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق مائاشى 300نەچچە يۈەن، ناھىيە دەرىجىلىكلەرنىڭ 400نەچچە يۈەن، ئىش ھەققى كۆپ ئەمەس، لېكىن تۇتۇپ قېلىنىدىغان پۇلى ئاز ئەمەس. جامائەت جۇغلانما پۇلى، پېنسىيە ھەققى، تېببىي سۇغۇرتا پۇلى، سۇ پۇلى، توك پۇلى، سىملىق تېلېۋىزىيە ھەققى، شەھەر تازىلىقى ھەققى ۋەھاكازا دېگەندەك پۇللار ھەر ئايدا ئۆكسۈتمەي تۇتۇپ قېلىنىدۇ. ئۇلاردىن باشقا يەنە مائارىپقا قوشۇلىدىغان پۇل، تۈرلۈك ئومۇمىي توپلانما، خەلق ئەسكەرلىرى تەربىيە ھەققى، ساقچىلارنىڭ ئامانلىق ساقلاش ھەققى، گېزىت-ژۇرنال ئابۇنە ھەققى، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ھەققى، مېۋىلىك كۆچەت ھەققى، يول ياساش ھەققى ۋە ھەرتۈرلۈك ئىئانە ئۈچۈن ھەريىلى بەلگىلىك پۇل تۇتۇپ قېلىنىدۇ. پۇل تۇتۇپ قېلىشتا شۇنداق بىر ئۆلچەم باركى، قولغا تېگىشكە كۆز يەتمەيدىغان «يېڭى ئىش ھەققى» بويىچە ھېسابلاپ تۇتۇپ قېلىنىدۇ. شۇ قاتاردا مېۋە كۆچىتى، يول ياساش ئۈچۈن تۇتۇپ قېلىنىدىغىنى پۈتۈن بىر يىللىق مائاشتىن بىر ئايلىق پۇل. بەزى ئىشلارغا ھۆججەت تارقىتىش يولى بىلەن مەجبۇرىي پۇل تۇتۇۋالىدۇ. تېببىي داۋالىنىش پۇلىنىڭ ھۆججەتلىرىگە بىر تىيىن پۇل بەرمىگىنىگە بىر قانچە يىل بوپقالدى. ھەتتا ئۆلۈپ كەتكىنىگە بىرقانچە يىل بوپقالغانلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ، ئۆلگەن

چاغدىكى دەپنە خىراجىتىنىڭ ھۆججەتلىرى ئېغىنچە بالا-چارقىلىرىنىڭ قولىدا تۇرۇپتۇ. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق. ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئائىلىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى بار-يوقى ئازغىنە ياردەم پۇلىنىمۇ ئالالمايدۇ. بەزىلەرتوك پۇلىنىمۇ تۆلىيەلمىگەنلىكتىن ئېلېكتر چىرىغى ياندۇرالمايدۇ؛ بەزى ئائىلىلەر كۆنىگە يېرىمى ئاشلىق، يېرىمى كۆكتات دېگەندەك تاماق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ، گۆش دېگەن نەرسىنى ھېيت بايرامدىلا بىرەر قېتىم يېيەلەيدۇ.

راست پۇل يوقمۇ؟ نۇرغۇن ئەھۋاللار مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ: كەمبەغەل ناھىيە شەھىرىنىڭ مەركىزىگە 20مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلەپ ×× تاماشا مەركىزى سېلىنىۋاتىدۇ، لېكىن ھازىرغىچە پۈتكىنى يوق. بىرنەچچە مېھمانخانا بار تۇرسىمۇ ، ھۆكۈمەت يەنە نەچچە ئون مىليون يۈەن خەجلەپ، شۇ يەر بويىچە ئەڭ ئېسىل - ھەشەمەتلىك مېھمانسارىيى سالماقچى. تۇرمۇش خىراجەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت پۇلىدىن تۆلىشىدۇ، بۇنىڭغا ھەرىيلى قانچە پۇل كېتىدىغانلىقىنى پەرەز بىلەنمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ. رەھبەرلەر ئالمىشىپ كەتسە، نەچچە 100مىڭ يۈەنلىك يېڭى پىكاپ سېتىۋالماي قويمايدۇ، سابىق رەھبەر بولسا ئۆزى چىقىۋاتقان پىكاپنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەكېتىدۇ. ھەممە ئىدارىدا ماشىنا-پىكاپ بار، بەزىسىدە بىرنەچچە ھەتتا ئون نەچچە پىكاپ بار، پۈتكۈل ناھىيە بويىچە بىرەر مىڭغا يېتىدۇ؛ رەھبەرلەرنىڭ مەخسۇس پىكاپى بار. شۇ پىكاپلارغا كېتىدىغان بېنزىن پۇلى، رېمونت پۇلى قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى پەرەز بىلەن بىلىۋېلىش مۇمكىن. ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى ئامېرىكىغا، گېرمانىيىگە، ياپونىيىگە بەسلەشكەندەك بېرىپ تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلىش ئۆلچىمى 50مىڭ يۈەندىن 100مىڭ يۈەنگىچە بارىدۇ؛ يېزا بازارلىرىدىكى رەھبەرلەر سىنگاپور، مالايسىيا، تايلاند، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا نۆۋەت بىلەن بارىدۇ. بەزىسى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە تېخى ئېغىزى تارتماي، چەتئەلدە كۆرگەن مىكىجىن ئويۇنلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. يانفون ھەققى دەپ نەچچە مىڭ يۈەن پۇلنى ھېسابقا ئۆتكۈزىدۇ. . . ھازىر سېلىنىۋاتقان21-ئەسىر مەيدانى ئۈچۈن ئون مىليون يۈەن سەرمايە ئاجرىتىلىپتۇ: ×× مەنزىرە راۋىقى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان سەرمايىمۇ نەچچە مىليون يۈەنگە يېتىدۇ؛ بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى ساھەلەردىن ، شەخسلەردىن ئىئانە بېرىڭلار، دەپ تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ. . . ناھىيە شەھىرىدىكى ئەھۋال شۇنداق. يېزا بازارلىرىدىچۇ؟ قوللىرىدا پۇل بار چاغدا بىرەر قورۇلۇشنى پىلانغا كىرگۈزۈپ ، قەۋەتلىك ئىمارەتلەرنى سېلىش كويىدا باش قاتۇرىدۇ. خېنەن ئۆلكىسى شيايى ناھىيىسى ساۋجى يېزىسى بىر مىليون يۈەن خەجلەپ بىر ئىشخانا بىناسى سالدۇرغانىكەن، ئاخبارات ۋاستىلىرى چاۋىسىنى چىقىرىۋېتىپتۇ. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ بىر كەمبەغەل يېزا بازىرىمىز ئىككى مىليون 400مىڭ يۈەنلىك بىر كاتتا بىنا سالدۇردى؛ كاتتا بىنا سالدۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەنلىرى دەرۋازا ياساتتى، ھەشەمەتلىك زىننەتلەرنى قىلدۇردى. 100مىڭ، نەچچە 100مىڭ يۈەنلىك مەبلەغدىن تەبىئىي يوسۇندا نەپ كېلىۋاتقان يەردە پۇل يوق دېگىلى بولارمۇ؟ پۇل تۆگىسە تەئەللۇقلارنى سېتىشىدىكەن. ناھىيىمىزدىكى خەلق كوممۇنىسى دەۋرىدە دېھقانلارنىڭ ھاشارغا ئىشلىشى ۋە خالىس ئەمگىكى بىلەن قۇرۇلغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ تۈگىتىشتى. پۇل بولمىسىمۇ ئەمەلدارلار ئەمەلدارلىقىنى قىلىۋېرىدۇ، پىكاپتا ئولتۇرۇۋېرىدۇ، ساياھەتكە بارىۋېرىدۇ، زىناخورلۇقنى قىلىۋېرىدۇ، قىمارنى ئويناۋېرىدۇ. . . بۇلار ئاشكارا مەخپىيەت بولۇپ قالدى. بىر كىچىك يېزا بازىرىدىن ئېنىق تەكشۈرۈلۈشىچە، 2000-يىلى مەمۇرىي خادىملارنىڭ مائاشى ئۈچۈر جەمئىي 371مىڭ يۈەن تارقىتىلغان، ۋەھالەنكى ئىشخانا خىراجىتى بولسا 283مىڭ يۈەنگە يەتكەن. ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ئىشخانا خىراجىتىدە قەغەز، سىيا-رەڭ، تېلېفون ھەقلىرى كۆتۈرە قىلىنغان، ئۇلارنىڭ مىقدارىمۇ ناھايىتى ئاز. دېمەك ئىشخانا خىراجىتىنىڭ 99پىرسەنتى پىكاپ، يانفون، يەپ-ئىچىش ۋە باشقا يەرلەرگە ساياھەت قىلىشلارغا سەرپ قىلىنغان. پۇل يوق دېگەن گەپلىرى ئاقمايدۇ. تېخىمۇ يامان يېرى شۇكى، ئەنە شۇنداق ھادىسىلەر ھازىرمۇ داۋاملىق يۈز بەرمەكتە، يامرىماقتا. بىزگە ھەقىقەتەن نېمە ئامال؟ ! »

ماقالە ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىنغان

## «شا ھ سۇتچى»نىڭ ئاشنا ئويناش مەنتىقىسى

ئاشنا ئويناش مەنتىقىسىنى قايسى «نەزەرىيە» چى ياراتقان؟

كىمنىڭ خىيالىغا كەچسۇن، بۇ «نەزەرىيە» چى ئەسلىدە نەنجىڭدىكى سۇت كومبىناتىنىڭ سابىق باش دىرېكتورى، نەنجىڭدە «شاھ سۇتچى» دەپ داڭقى چىققان مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك جىن ۋېنزى ئەپەندى ئىكەن. بۇ ئادەم ئۆز خىزمىتىدە پارلاق نەتىجىلەرنى ياراتقان، «نەنجىڭنى گۈللەندۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەن شەخس» دېگەندەك شەرەپلىك ئاتاقلارغا ئېرىشكەن قالتىس مەشھۇر ئادەم ئىكەن.

ئىشتا نەتىجە ياراتقاندىن باشقا، ئاشنا ئويناش جەھەتتىمۇ يېتەكچىلىك قىلىدىغان «نەزەرىيە» سىنىڭ بار ئىكەنلىكى تېخىمۇ قالتىس ئىكەن. ئۇنىڭ ئاشنا ئويناش مەنتىقىسى مانا مۇنداق ئىكەن:

«ماڭا ئوخشاش دەرىجىدىكى رەھبىرىي كادىرنىڭ قايسىسىنىڭ بىر نەچچىدىن ئاشنىسى يوق؟ ئاشنا ئويناش جىسمانىي تەلەپلا ئەمەس، ئادەمنىڭ سالاپىتىنىڭمۇ بەلگىسى. ئاشنا ئويناپ تۇرمىسىڭىز خەق سىزنى كۆزىگە ئىلمايدۇ. يەپ-ئىچىش، قىز-جوكانلار بىلەن ئويناش بىز ئۈچۈن ھېچقانچە بىر مەسىلە ئەمەس. . . » (جىن ۋېنزىنىڭ «ئۆز ئىقرارى» دىن ئېلىندى)

«شاھ سۇتچى» جىن ۋېنزىنىڭ ئاشنا ئويناش مەنتىقىسى قۇرۇق گەپ ئەمەس، يوتىسىغا ئۇرۇپلا تاپقان لاپ سۆزمۇ ئەمەس، بەلكى مەلۇم «سالاپەتلىك» ئادەملەرنىڭ ئەمەلىيىتىدىن چىققان خۇلاسىسىدۇر.

مەنسىپى چوڭايغان، پۇلى كۆپ، يەپ-ئىچىپ ئوينايدۇ، كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان. شۇنداق ئىكەن بىر نەچچە ئاشنىسى بولمىسا «جىسمانىي تەلەپ» لىرىنى قانداق قاندۇرىدۇ؟ مەنسىپى چوڭايغانىكەن، بىر ئەرگە بىر خوتۇن دەيدىغان بەندىلەردىن پەرقلىق ياشاش كېرەك-دە! ئاغزى ئويماق، لەۋلىرى ياقۇتتەك رەنالاردىن بىر نەچچە يارى بولمىسا، يۈزىنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ؟ باشقىلار «كۆزىگە ئىلمىسا» ئۇنداق مۇئاۋىن نازىرلىق دەرىجە نېمىگە ئەسقاتىدۇ؟!

«شاھ سۇتچى» نىڭ شەھۋەت سۇيۇقلۇقىغا ئەنە شۇنداق «مەنتىقە» يېتەكچىلىك قىلغاچقا، ئەۋرىشىم بوي لىۋەن قىز-چوكانلارنى كۆرگەندە يۈرىكى قاپتەك بوپكېتىدىكەن، شۇنداق «ئىسىل» قىلىقلىرى توغرىسىدا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى چىۋىقىغىمۇ ئالمايدىكەن. ئۇ، جياڭسۇ ئۆلكىسى ليۇخې ناھىيىلىك پارتكومغا مۇئاۋىن سېكرېتار بولۇپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ناھىيىگە قاراشلىق بىر مېھمانخانىدا بويى زىلۋا، سۇمبۇل چاچ بىر كۈتكۈچى چوكانغا كۆزى چۈشۈپ، كۆڭلى يۇگۇرۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاپتۇ. ئۇ، 1993-يىلى مارتنىڭ بىر كۈنى كەچتە يەنە ھېلىقى مېھمانخانىدا مېھماندارچىلىق بىلەن ئولتۇرغاندا قارىسا، ئۇنى كۈتكىنى ھېلىقى سۇمبۇل چاچ ئەمەس ئىكەن. شۇڭا غەزىپى ئۆرلەپ: «كۆڭلۈمنى بىلمەيدىكەن، چىرايىغا قارىساڭ كۆڭلۈڭ غەش بولىدۇ» دەپ، شۇ سورۇندىلا مېھمانخانىنىڭ دىرېكتورىغا: «دەرھال كۆڭۈلگە ققۇدەك بىر چوكانغا ئالماشتۇرۇۋېتىڭ!» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. كۈتكۈچى چوكان ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن، سېكرېتار جىن ۋېيزى قارىسا، يەنە ھېلىقى «سۇمبۇل چاچ» ئەمەس ئىكەن. شۇڭا ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ: «بۇ سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز؟ مېنىڭ مېھمانلىرىم مۇشۇنداق توك قاپاقلارنى كۆرۈشكە لايىق مېھمانلارمىكەن؟ ھازىر گەپ مېھمانخانىنىڭ كۈتكۈچىلىرىنى يەڭگۈشلەشتە ئەمەس، مېھمانخانىنىڭ مەسئۇلىنى يەڭگۈشلەشتە بوپقالغاندەك تۇرىدۇ!» دەپ شىرەگە «گۈم» قىلىپ مۇشتلاپتۇ-دە، گەپنىڭ لوندىسىنى قىلىپ، كۈتكۈچىنىڭ نامىنى ئاتاپ: «ھازىرچە ئاۋۋال ھېلىقى 〈سۇمبۇل چاچ〉 نى ئەكىلىڭلار!» دەپتۇ. شۇ «سۇمبۇل چاچ» ئۆزۈنغا قالمايلا سېكرېتار جىن ۋېيزىنىڭ ئاشنىسى بوپقاپتۇ. جىن ۋېيزى مەنسىپى ئۆسۈپ نەنجىڭدە «شاھ سۇتچى» بوپقالغان چاغدىمۇ ئۇنى نەنجىڭگە ئەكېتىپ، شۇ يەردە ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇدىغان ئىجىل ھەمراھقا ئايلاندۇرۇۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۈچ يۈرۈش ئۆي ئېلىپ بېرىپتۇ. كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇدىغىنى شۇكى، بۇ سابىق كۈتكۈچى چوكان ھېچقانداق بىر ئىش-ئوقەت قىلماي، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا تۆت مىليون يۈەن پۇللۇق بوپقاپتۇ. نەزەرىيە دېگەن مۇكەممەل بولۇشى، مەنتىقە دېگەن مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن «شاھ سۇتچى» جىن ۋېيزى ئۆزىنىڭ شۇ «ئاشنا ئويناش مەنتىقىسى» نىڭ يېتەكچىلىكىدە ماڭغۇبېرىپ، تۈرمىگە چۈشتى، دۆلەت قانۇنىنىڭ قاتتىق جازاسىغا تارتىلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتىكى، «شاھ سۇتچى» نىڭ مەنتىقىسى پۇت دەسسەپ تۇرالمايدىغان بىمەنە مەنتىقىدۇر. شۇنداق مەنتىقە بولۇپ چىقىشى «شاھ سۇتچى» نىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى فېئوداللىق جەمئىيەتكە خاتا ھالدا ئوخشىتىپ چۈشەنگەنلىكىگە باغلىق.

كۆرگەندۇرسىزلەر، فېئودال خاندانلىقلاردىكى چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ قايسىبىرىنىڭ توپ-توپ كىچىك خوتۇنى، توقاللىرى يوق؟ ھەتتا ئاقتا قىلىپ پىچىپ تاشلانغان ئاغۋاتلارمۇ يۈز-ئابرويىنى دەپ، بىرنەچچىدىن كىچىك خوتۇن ياكى توقال سېتىۋالىدىكەن، شۇنداق قىلىپ ئۆزىنى گوللايدىكەن، باشقىلارنىمۇ ئالدايدىكەن. دېمەك «شاھ سۇتچى» جىن ۋېيزىنىڭ «ئاشنا ئويناش مەنتىقىسى» تېنىپ ئولتۇرۇشۇپ قالغان دۆغلارنىڭ قايتىدىن كۆتۈرۈلۈشى بولۇپ، جەمئىيەتنى بۇلغايدىغان ئەخلەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنى ئۇنداقلارنى چوقۇم سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ.

---

گوجېنيا ئىمزالىق بۇ ساتىرا «فىليەتون گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 26-ئۆكتەبىر سانىدىن قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىنغان.

## جۇڭگولۇقلارغا نېمە بولدى؟

ئەمدىلا قورسىقى تويۇپ، ئۇچىسى ئىللىغۇدەك كىيىم كىيگەن بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىچىدە شۇنداق بىرخىل ئادەملەر پەيدا بوپقالدىكى، ئۇلار كاللىسى قىيىپ، ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ يۈرۈدىغان بوپقاپتۇ، ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ قىلىپ چالىدىغان بوپتۇ. ئۇلارنىڭ پۇل خەجلىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرۇدىكەن، بولۇپمۇ چەتئەللىكلەر ئالدىدا شۇنداق قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ پۇلنى ئايىماي پوچىلىق قىلىشىنى «پۇلنى خۇددى توپا سورىغاندەك خەجلەيدۇ» دەپ تەسۋىرلىسەك مۇبالىغە بولمايدۇ.

ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، دۇنيا بويىچە ئۈچ چوڭ مەشھۇر ناخشىچىنىڭ بىرى بولغان مەلۇم بىر ئادەم شاڭخەيگە ناخشا ئېيتىش ئۈچۈن كەلگىنىدە سەھنىگە چىقىش ھەققى ئۈچۈن 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئاپتۇ. TCL كومبىناتى كورېيىلىك بىر سەتەڭ كىمسىسەن خانىمنى ئېلان سۈرىتىگە چىقىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىكەن، ئۇ سەتەڭ يانچۇق تېلېفونى (يانفون) نى ئۇنداق-مۇنداق قىلىپ قويۇپ كۆزىنى قىسىپ، پىسىڭلاپ بىر كۈلۈپ قويۇپ، شۇنىڭ ھەققىگە ئون مىليون يۈەن خەلق پۇلى ئاپتۇ (ئېلان تىجارىتى ساھەسىدە ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئاشكارا قىلغانلىرىدىن مەلۇم بولغان).

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بىزدە يەنە تېخى نەچچە ئون مىليون ئادەم نامرات ئىكەن؛ نامراتلىقتىن مەكتەپتە ئوقۇيالمايۋاتقان يەنە نۇرغۇن بالا بار ئىكەن؛ ئىشسىز قېلىپ تۇرمۇش كاپالەت پۇلى بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان يەنە نۇرغۇن ئادەم بار ئىكەن؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەت جەھەتتە بىز دۇنيا بويىچە 140 نەچچىنچى ئورۇندا تۇرۇۋدىكەنمىز؛ بىز تېخىچە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ئىكەنمىز؛ بىزنىڭ 2000-يىلىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان دارامىتىمىز 500 ئامېرىكا دوللىرىدىن

سەل-پەل ئارتۇقراق ئىكەن، ۋەھالەنكى ئامېرىكىدا 2000-يىلى كەمبەغەللەر قاتارىدا ھېسابلانغان ئادەملەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 4500 قانچە ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن. . . جۇڭگولۇقلار قايسى زۆرۈرىيەت بىلەن، قايسى لاياقەت ۋە قايسى يۈزى بىلەن پۇلنى شۇنداق بۇزۇپ - چېچىپ خەجلەيدۇ؟

بۇ يىل يازدا گۇەنشەن ناھىيىسىدە بىر دېھقانىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۆيىنى، كەپىنىڭ راستىنى قىلغاندا «ئۆي» دېگىلىمۇ بولمىغۇدەك. چۈنكى ھويلىسى بار، دەرۋازىسى يوق ھەتتا ھويلىسىنىڭ تۇزۇككىنە تاملىرىمۇ يوق ئىكەن، بولغاندىمۇ «تام» لىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئادەمنىڭ بېلىگىمۇ كەلمەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يېرى ئېگىز، يەنە بىر يەرلىرى پەس، كومۇلەك لايىنى تۆپە-تۆپىسىگە چاپلاپ تۇرغۇزغان. ھويلىنىڭ شەرق ۋە جەنۇب تەرىپىدە قىڭغىر-قىيسىق، تۈپلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان بىرنەچچە ئېغىز ئۆي بار ئىكەن. ئۆگزىلىرىگە يالتىراق يېپىپ قويۇپتۇ، بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئۆگزىسىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كېتىدىكەن. تۇزۇكرەك يېپىۋېلىشقا، ھەتتا ئاددىيراق بولسىمۇ ئوڭشىۋېلىشقا چامى يەتمەپتۇ. جەنۇب تەرەپتىكى ئۆيىنىڭ پەگاسىدا بىرنەچچە خالتا بۇغداي تۇرۇپتۇ، شۇ بۇغداي ئۇلارنىڭ ئەمگەك ھاسىلاتى ئىكەن. يەنى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە پۇلغا يارايدىغان بايلىق، كۈن ئۆتكۈزۈدىغان ئاشلىق ئىكەن. . قىزى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن. ئوقۇش خىراجىتى ئېغىر بولغاچقا، قورسىقىنى بېقىش ئۈچۈن مەكتەپكە يەيدىغان ئاشلىقىنى، تۇزلىغان كۆكتاتلىرىنى ئۆزى ئېلىپ بارىدىكەن. بىر كومزەك كۆكتات بىر ھەپتە يېتىدىكەن. تۈگىگەندىن كېيىن شەنبە كۈنى يەنە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئەكېتىدىكەن. كۆپرەك ئەكەتسە ۋاقىت ئۇزىراپ كۆكۈرۈپ - بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. ئۇ قىز ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى تۇزلىغان كۆكتات بىلەن دەگۈزە قىلىدىكەن، قورۇپ پىشۇرۇلغان تائام يېيىشكە قۇربى يەتمەيدىكەن؛ كۈندە، ئايدا ھەتتا يىلدا يەيدىغىنى شۇ ئىكەن. مۇشۇنداق ئائىلە، مۇشۇنداق ئوقۇيدىغان دېھقان باللىرى گۇەنشەن ناھىيىسىدە، لياۋچېڭ شەھىرى تەۋەسىدە، شەندۇڭنىڭ غەربىي شىمالىي رايونلىرىدا ئاز دەمسىز؟!

400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى خەجلەپ بىرنەچچە ناخشا ئوقۇتسا، بىر چەت ئەللىك سەتەڭ خېنىمنى تەكلىپ قىلىپ، كۆزنى بىر قىسىپ قويغىنىغا ئون مىليون خەلق پۇلى بەرسە، مەندەك كۆرگەن - بىلگىنى ئاز، گېرى ئادەملەر ھاڭ - تاڭ بوپقالماي تۇرالامدۇ؟!

ئۇلار تېخى چاغلىق گەپ ئىكەن. «چىلۇ - شەندۇڭ كەچلىك گېزىتى» نىڭ 12-نويابىر سانىدىكى A13-بەتتە بېرىلگەن بىر خەۋەر بىزنى ئاجايىپ ھەيران قالدۇردى. ئۇ خەۋەرنىڭ ماۋزۇسى: «ئىككى كۈن بەھۇزۇر ئويناپ بېرىپ، ھەمياننى لىق تولدۇرۇۋالدى» (بۇ - كىچىك ماۋزۇسى)؛ «يولۋاس ئالتە مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى يالغۇز موك سالدى» (بۇ - چوڭ ماۋزۇسى). شۇ خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، مەشھۇر گولف توپچىسى تايگىر ۋۇزدبۇندىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى شېنجېنغا كەلگىنىدە «مەيدانغا چۈشكەنلىكى ئۈچۈنلا ئىككى مىليون ئامېرىكا دوللىرى ھەق ئالغان. ئىككى كۈن ئويناپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن پاك-پاكىز ئالتە مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئالغان.» شۇ جەرياندا «گولف توپى ئويناشنى ئاسىيادا ئومۇملاشتۇرۇش فوندى ھېسابىغا مەشق پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن. تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن ئون نەچچە ئۆسمۈر بالا تايگىر ۋۇزدنىڭ يېرىم سائەتلىك بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلغان.» بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر بالا قانچىلىك ھەق تۆلەيدۇ؟ «100 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى تۆلەيدۇ!» شۇ قاتاردىكى تاڭيۆېر ئىسىملىك خەنزۇ قىزنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مۇخبىرغا: «بۇ قىز ئەتە تايگىرۋۇزد بىلەن ئىككى مەرتەم توپ ئوينايدۇ - بۇنىڭ ئۈچۈن 200 مىڭ يۈەن ھەق تۆلەيدۇ» دېگەن. سۇبھانالللا! كىچىككىنە بىر تۆشۈككە ئىككى مەرتەم توپ چۈشۈرۈش ئويۇنى ئۈچۈن شۇنچە كۆپ پۇل كېتەمدىكەن؟! «غەربكە ساياھەت» ناملىق چۆچەكتىكى ئۆمۈچۈكتىن ئۆزگەرگەن چىرايلىق ھۆر - پەرىنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىشمۇ ئۇ قەدەر قىممەتكە توختىماس؟!

يەنە شۇ گېزىتنىڭ شۇ بېتىدىكى يەنە بىر خەۋەرگە نەزەر ئاغدۇرۇپ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ: فىگورا چىقىرىپ مۇز تېيىلىش بويىچە دۇنياۋى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىنىڭ گېرمانىيىدىكى مۇسابىقىسىدە چېمپىيونلۇقنى ئالغان شىن شۆ بىلەن جاۋ خۇڭباۋغا بېرىلگىنى 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى. بۇ پۇل دۇنياۋى چېمپىيونغا بېرىلگەن ھەق جۇمۇ! دېمەك، چەت ئەللىكلەر بىزگە قارىغاندا تولىمۇ پىخسىق ئوخشايدۇ. جۇڭگونىڭ دۆكا بايلىرىنىڭ سېخىيلىقىغا، كونا گەپ بىلەن ئېيتساق، جاھاندا كىممۇ تەڭ كېلەلەر؟

تايگىر ۋۇزد ئەپەندى ئەكەتكەن پۇل بىلەن - ئوبرازلاشتۇرۇپراق ئېيتساق - ئۈمىد مەكتىپىدىن تەخمىنەن 350 نى سېلىش مۇمكىن. شۇ پۇلغا بۇغداي سېتىۋېلىشقا توغرا كەلسە، دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا بىر مىليارد 400 مىليون جىڭ بۇغداي سېتىۋالغىلى بولىدۇ. 70 مىڭ تونىنا كېلىدىغان شۇ بۇغداينى قاچىلاش ئۈچۈن تۆت تونىلىق يۈك ماشىنىسىدىن 17 مىڭ 500 ماشىنا كېتىدۇ. شۇ ماشىنىلارنى باش-ئاخىرىنى چېتىشتۇرۇپ قاتار تىزساق 80 كىلومېتىرغا سوزۇلىدۇ. بۇ نېمىدېگەن كۆپ بايلىق! ئوقۇشتىن مەھرۇم قالغان نۇرغۇن بالىنى بۇ پۇلنىڭ ياردىمى بىلەن مەكتەپتە ئوقۇتقىلى بولمامدۇ؟ كەمبەغەللىكتىن باش كۆتۈرەلمىگەن نۇرغۇن ئائىلىنى راھەتكە ئېرىشتۈرگىلى بولمامدۇ؟ ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا قاتتىق نان، تۇزلىغان كۆكتات چاينايدىغان نۇرغۇن بالىنىڭ قاچىسىدا ياغ يۇقى پەيدا بولماسمۇ؟ لېكىن، ئىست! شۇنچە كۆپ بايلىق تايگىرۋۇزدنىڭ توپ كالتىكىنى ئۇيان-بۇيان ئويىنىتىشى بىلەن توزۇپ كەتتى. ئەيىبنى باشقىلارغا دۆڭگىگىلى بولامدۇ؟ ياق، دۆڭگەش توغرا كەلسە ئۆز ئىچىمىزدىكى مەلۇم ئادەملەرنىڭ پەسلىكىگە ئارتىش كېرەك! پەرەڭلەرگە خۇشامەت قىلىدىغان پەسلىكىگە دۆڭگەش كېرەك! قارىسا ھالىنى ئات تارتالمايدىغان، تېگىدىن ئالغاندا پۇچەك، ئىچى كاۋاك قاپاق سۆلەتلەرگە ئارتىش كېرەك! كىم بىلىدۇ، ئېھتىمال تايگىر ۋۇزد ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن پۇللىرىنى ساناۋېتىپ، جۇڭگولۇقلارنى تازىمۇ قاپاق سۆلەت نېمىلەر ئىكەن! دەپ مازاق قىلىۋاتقاندۇ!

جۇڭگولۇقلارغا نېمە بولدى؟ «شۇنداق قاپاق

سۆلەت» لەر قانداق پەيدا بوپقالدى؟ دۆلىتىمىزنىڭ ھال-ئەھۋالى قانداق؟ كۈچ-قۇۋۋىتىچۇ؟ . . . مەشھۇر ئالىم جىبىك يېنىكى ئەپەندىنىڭ مۇنداق بىر ئېغىز چوڭقۇر مەنىلىك ئەسلىمىسى بار: «جۇڭگولۇقنىڭ مىللىي قېنىدا ئاجايىپ بىر يەڭگىللىك بار ئىكەن، ھەر ئۇن نەچچە يىلدا بىرەر قېتىم ئەقلىدىن ئېزىپ تەلۋىلىك قىلىدىكەن.» بۇ گەپ يۇقىرىدا ئېيتىلغان قاپاق سۆلەت بۇرادەرلىرىمىزنى سۈرەتلەپ بېرەلەمدىكىن - تاڭ؟! «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تە مۇنداق بېيىتلەر بار:

«دۇنيا - دەپسەندىنىڭ بارىدا -
خەجلىدى بۇزۇپ-چېچىپ ئايىماي،
ئاخىر قالدى قولىنى چىشلەپ گادايدەك -
پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي».
«تۇنۇگۈن ئېچ ئاغرىتىپتىمەن
سوغۇقتا يالىڭاچ قالدى دەپ؛
بۈگۈن ياراتماپتۇ شاھانە تونىنى،
ئەجەبمۇ ئۇزۇن - پالاكەت ئىكەن دەپ.»

ئەجەبا، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلىتىمىزدىكى باي غوجاملارمۇ شۇنداق «تولىمۇ ئەخمەق» ھالەتكە چۈشۈپ قالدىمۇ؟ شۇنداق ھالەتكە بېرىپ قالغان تەقدىردىمۇ، «ياتلارغا ھەدىيە قىلىپ بېرىۋېتىشكە رازىمەنكى، ئۆز قول - مالايلىرىمغا بەرمەيمەن» دەيدىغان، پەرەڭلەرگە خۇشامەتكويلۇق قىلىدىغان رەزىللىكلەرنى تاشلاپ، ئۇزۇن - پالاكەت ئىكەن دەپ ياراتمىغان شاھانە تونلاردىن، ساندۇقلارغا پاتماي قالغان ئالتۇن-كۈمۈشلەردىن نامرات-كەمبەغەل قېرىنداشلىرىمىزغا ۋە ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان بالىلارغا ئاز-پاز ئۆلەشتۈرۈپ بەرگەنلىرى تۈزۈك. شۇ باي غوجاملار ئېچىدە دۆلەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ ھېسابىغا مەردلىك قىلىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. ئۇلارنى ھاي دەپ توسقاندىن تاشقىرى، لەنەت تۈۋرۈكىگە مەڭگۈلۈك مىخلىۋېتىش كېرەك!

مېنىڭچە، ھەردەرىجىلىك ھۆكۈمەتلىرىمىز مۇناسىپ نىزام-قائىدىلەرنى تۈزۈپ، ھەردەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىمىز قانۇن چىقىرىپ شۇنداق بىۋاپا ھارامزادىلىكلەرنى توسۇشى كېرەك. جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ تەستە تاپقان، قان-تەر بەدىلىگە كەلگەن پۇللىرى سۇدا ئېقىپ كەتكەندەك ئەجنەبىي بايۋەتچىلەرنىڭ يانچۇقلىرىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن! ئەجنەبىيلەرگە تاتۇق قىلىپ بېرىدىغان ئىدارىلەر ۋە شەخسلەر ھېچ بولمىغاندا ئۈمىد قۇرۇلۇشىغا ۋە ياكى جامائەتكە پايدىسى تېگىدىغان باشقا خەيرىيە ئىشلىرىغا ئوخشاش مىقداردا پۇل ئىئانە بەرسۇن.

---

لى يۈ ئىمزالىق بۇ مۇھاكىمە ئەسلى «قانۇن - تۈزۈم گېزىتى» نىڭ 2001 - يىل 26 - نويابىر سانىدا ئېلان قىلىنغان، «فىلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىل فېۋرال سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان بولۇپ، قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىنغان.

## ئەگەر مىلوتنوۋىچ «ئەجدىھانىڭ پۇشتى» بوپقالغان بولسا...

جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىلوتنوۋىچ ئانچىكى بىر پەرەڭ تىرېنېر (چەتئەللىك تەربىيىچى) بولماستىن، ئۇ جۇڭگونىڭ پۇت توپچىلىرىنى بىر ئۆگەدىن، بىر سولدىن، بىر ئالدىدىن، بىر ئارقىدىن بۆسۈپ، رەقىبلىرىگە قارشى بىردە توققۇز نەتىجە بىلەن غەلىبە قىلىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى دۇنياۋى لوڭقا مۇسابىقىسى مەيدانىغا يېتەكلەپ كىرىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ يىرىم ئەسىردىن بۇيانقى شېرىن ئارزۇسىنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويغان ئۇستازدۇر. شۇ غەلىبىلىك مۇسابىقىدا جۇڭگو پۇت توپچىلىرىنىڭ تولىمۇ كۈچلۈك رەقىبى بولغان كورىيە بىلەن ياپونىيە تەييارلىق مۇسابىقىغا قاتناشمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسابىقىداشلار گۇرۇپپىلىرىنى ئايرىش جەھەتتە پايدىلىق ئامىللارغا ئېرىشىپ قالغان بولسىمۇ، قانداقلا بولمىسۇن، خەلقىمىز غالىب توپچىلىرىمىزغا بارىكاللا ئوقۇماي تۇرالمايدۇ.

توپ مەستانىلىرىمىز، ئادەتتىكى توپ خۇمارلىرىمىز، يىرىم-ياتا توپ خۇمارلىرىمىز ۋە ھەتتا پۇت توپى ئويۇنىغا ئاز-پاز ھەۋەس قىلىدىغان ئادەتتىكى ئادەملەر «كارامەت مىلوتنوۋىچ» قا بارىكاللا توۋلاۋاتقان بىر ۋاقىتتا، مەن: ئەگەر مىلوتنوۋىچ ئەجدىھانىڭ پۇشتى بوپقالغان بولسا (خەنزۇ خەلقىنىڭ ئادىتىدە ئۇلار ئۆزلىرىنى دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئۇلۇق ئىلاھ - ئەجدىھانىڭ پۇشتى دەپ قارايدىغان رىۋايەت بار ئىكەن. - تەرجىمان ئىزاھى) ئۇ ھالدا ئەھۋال قانداق بولاتتى؟ دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئۇ ھالدا پەيدا بولىدىغان بىرىنچى ئەھۋال: ئەگەر مىلوتنوۋىچ جۇڭگونىڭ چوڭ قۇرۇلۇقىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسا، مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى چوڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى داغدۇغا بىلەن تەشۋىق قىلغان بولاتتى؛ ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئارقىدا سۆرۈلۈپ قالغان جۇڭگو پۇت توپچىلىقى ئۈچۈن غەم يەپ، ئۇنى جانلاندۇرۇشقا بەل باغلىغانلىقىنى تەپسىلىي تەسۋىرلىگەن بولاتتى؛ ئاندىن كېيىن ئالاقىدار تارماقلار ھەممە ئادەمنى ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى ئۆگىنىشكە چاقىرغان بولاتتى؛ يۇقىرى دەرىجىدىكى رەھبەرلەر ئۇنى ئارقا-ئارقىدىن، قايتا-قايتا قوبۇل قىلىپ، ئۇنى رىغبەتلەندۈرگەن، ماختىغان بولاتتى، بۇ يىلقى ئۈلگىلىك ئادەملەرنى باھالاپ سايلاشتا ئۇنىڭغا ئورۇن تەگمەي قالمايتتى. يەنە تېخى بۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ، ئۆتمۈش يىللاردىكى ۋالىبولچى ئايال تىرېنېرغا ئوخشاش يۇقىرى مەنسەپ بېرىلىپ، دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىدا پاھ دېگۈدەك بىرەر يۇقىرى خىزمەتكە تەيىنلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

ئىككىنچى ئەھۋال: ئەگەر مىلوتنوۋىچ تەيۋەنلىك ياكى شياڭگاڭلىق ۋەياكى ئاۋمېنلىق بوپقالغان بولسا، مەملىكەت ئىچىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى باشقا بىر نۇقتىدىن مەدھىيىلىشى، يەنە بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىلەپ، ئۇنىڭ ۋەتەن بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدىكى كۆرسەتكەن ئەمەلىي تۆھپىلىرىگە يۈكسەك دەرىجىدە بارىكاللا ئېيتىشى تۇرغان گەپ. ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى نۇرغۇن قەلەم ساھىبلىرىنىڭ قېزىپ-قىدىرىپ تاپقان ماتېرىياللىرىدىن ھاسىل بولۇشى تەبىئىي. شۇ ماتېرىياللار كىتاب بولۇپ چىققاندىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ مېڭىسىدە ۋەتىنىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىش دەردىنى كۆپ تارتقان، بىزنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتىمىزدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بىر ۋەتەنپەرۋەر زات نامايان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق

ۋەتەنپەرۋەر زاتنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن بىۋاستە بايان قىلىپ بەرگەنلىرى بىزنىڭ سىياسەتلىرىمىزنىڭ تەيۋەن، شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېندىكى قېرىنداشلىرىمىزغا قالتىس ياراپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشى مۇمكىن.

يەنە بىر خىل ئەھۋال: ئەگەر مىلوتىنوۋىچ خەنزۇ نەسلىدىن بولغان چەت ئەللىك بوپقالغان بولسا، مۇخبىرلارنىڭ مۇنداق يېزىشى چوقۇم: ئۆتمۈشتە ۋەتىنىمىز تولىمۇ ئاجىز - كەمبەغەل ئىدى، پاراكەندىچىلىك - يېغىلىق تۈگىمەيتتى. يەن - خۇاڭ ئەزەملىرىمىزنىڭ پۇشتى بولغان مىلو (مىلوتىنوۋىچنىڭ خەنزۇچە ئىسمى. - تەرجىمان ئىزاھى) غا غەرب جەمئىيىتىنىڭ تەڭ باراۋەرلىك ۋە ھۆرلۈك - ئەركىنلىك دېگەن بىر نېمىلىرى قىلچىلىكمۇ تېتىماي كەتكەن؛ ئۇ ئانا ۋەتىنىنىڭ قۇدرەت تېپىشى خەنزۇ نەسلىدىن بولغان چەت ئەللىك ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە نېمىلەردىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جان-جەھلى بىلەن ماھارەت ئۆگىنىپ، ئاخىر ئانا يۇرتىغا خىزمەت يەتكۈزۈپ، بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو پۇت توپچىلىقىنىڭ دۇنياۋى قاتارغا قوشۇلۇپ، خەلقىمىزنىڭ يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى شېرىن چۈشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىمكان يارىتىپ بەردى.

ماقالەمنى مۇشۇنداق يېزىپ كېلىۋېتىپ، كۆڭلۈمدە بىر مۇنچە نادامەت پەيدا بولدى: بىزنى غەلىبىگە يېتەكلىگەن ئادەم قىلچە گەپ سىغمايدىغان سېرىق چاچ، كۆك كۆز پەرەڭ بوپقالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىدېئولوگىيە ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىپ قويدى، ئىسىت!

---

لۈۋى ئىزالىق بۇ مۇھاكىمە «فىلىيەتون ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2002-يىل فېۋرال سانىغا بېسىلغان.

# بىلگىيە باش ۋەزىرى دىئانا بىلەن چۈشۈمدە قىلىشقان گەپلەر

- ۋاي - ۋۇي، سىز. . . ؟ باش ۋەزىر دىئانامۇ؟ سالام!

- ھە، سىز ئەپەندى، سالام! ياخشىمۇ سىز! مېنى ئۇنداق باش ۋەزىر دەپ ئاتىماڭ. ئاللىقاچان ئىستىپا بەردىم، بىلگىيە باش ۋەزىرى ئەمەسمەن. . .

- نېمە؟ ئىستىپا بەردىڭىزما؟

- شۇنداق، ئىستىپا بەردىم. بىر-ئىككى كۈندىن بۇيانقى خەۋەرلەرگە دىققەت قىلمىغان ئوخشىماسسىز؟

- ياق، دىققەت قىلماپتىمەن. سەۋەبى نېمىكىن؟

- سەۋەبى «ئىروئىن»① ۋەقەسى. بىلگەنسىز؟

- «ئىروئىن» ۋەقەسىدىن خەۋىرىم بار. بىراق ئۇ ۋەقەنىڭ دۆلەتكە باش ۋەزىر بولغان ئادەم بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ ئېنىق ئېيتقاندا، سىزنىڭمۇ جاۋابكارلىقىڭىز بارمىكىنا؟

- ئەلۋەتتە جاۋابكارلىقىم بار. ئىستىپا سوراپ يازغان ئىلتىماسىمدا ئېنىق يازدىم. «ئىروئىن» ھادىسىسى ئەمدىلا باشلىنىۋاتقان چاغدا ئانچە دىققەت قىلماپتىمەن، شۇڭا كېيىن زەھەرلىنىش ۋەقەسى تۇغۇلۇپ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچىدىمۇ، سىرتىدىمۇ ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا بولدى. بىلگىيە خەلقى ئالدىدا خىجىلمەن، «ئىروئىن» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان چەت ئەللىك دوستلار ئالدىدىمۇ خىجالەتمەن بولدۇم. مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلماپتىمەن. مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلمىدى دېگەن سۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتىمىدى دېگەن سۆز؛ ۋەزىپىنى ئۆتىمىگەندىن كېيىن ئىستىپا بېرىش كېرەك-تە.

- بۇ ئادىللىق بولماپتۇ، باش ۋەزىر. . .

- مېنى يەنە باش ۋەزىر دەۋاتىسىزغۇ؟

- . . . ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، مەن جۇڭگولۇقلارغا خاس ئادىتىمنى ئۆزگەرتەلمىدىم، كەچۈرۈڭ. دىئانا ئەپەندىم، بۇ ئىش ئادىللىق بولماپتۇ. مېنىڭ بىلىشىمچە، «ئىروئىن» نىڭ ئالامەتلىرى پەيدا بولغاندا بىلگىيە ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا ئاگاھلاندۇرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن جانابىڭىز ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، بىۋاستە سورۇشتۇرۇپ، بىۋاستە يولىيورۇق بېرىپ تۇرغانىكەنسىز. ئۆزىڭىزنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەنلىكىڭىز ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئالاقىدار ئەمەلدارلارنىڭمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىگە تۈرتكە بولغانىكەن. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى: ھەقىقىي تۇتۇش قىلىنىپ، «ئىروئىن» ۋەقەسىنىڭ بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا «قانۇن بويىچە قاتتىق چارە» كۆرۈلۈپتۇ. . .

- بىراق ئۇ خىزمەتلەر كېچىكىپ ئىشلەندى، پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە جامائەت پىكرى ھۆكۈمەتنى تەنقىد قىلماقتا، ھۆكۈمەت ئۆز جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالسۇن، دەۋاتىدۇ.

- سىلەرنىڭ ئاخبارات ۋاستەڭلارنىڭ نېمە قىلغىنى؟! چوڭ مەسىلە چىققان ۋاقىتتا رەھبەرلەرنىڭ «يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن» لىكىنى مەدھىيىلەش كېرەك-تە! گېزىتخانا، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ قارا چاپلاپ يۈرگىنى قانداق بولغىنى؟!

- بىزنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىمىزنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتى بار، ئۇلار ھۆكۈمەتنى قويۇۋەتمەيدۇ، مەسئۇلىيىتىنى ئاخىرىغىچە تەگەيدۇ. شۇڭا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى - سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ئۆزلىكىدىن ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى! پۈتۈن ھۆكۈمەت ئىستىپا بەردى!

- بۇلار ئادەمنى چۆچۈتىدىغان گەپ ئىكەن، ھەيران بولۇۋاتىمەن. بۇ نېمىدېگەن يولسىزلىق؟ ئەل ئىچىدە ئادەتتىكى يېمەكلىكلەرنىڭ سۈپىتىدە پەيدا بولغان مەسىلە، راكنى پەيدا قىلىدىغان بەزىبىر ماددىلار ئارىلىشىپ قالغان ئانچىكى بىر مەسىلە ئىكەنغۇ؟ شۇنچىلىك ئىشلارغىمۇ مىنىستىر دەرىجىلىك چوڭ ئەمەلدارلار جاۋابكار بولىدىكىنا؟ پۈتكۈل ھۆكۈمەت خادىملىرى جاۋابكار بولىدىكىنا؟ سىلەرنىڭ خەلقىڭلار، ئاخبارات ۋاستىلىرىڭلار كەڭ قورساق ئەمەسكەن. ئەمەلدار دېگەن دۆلەتنىڭ

---

① ئىروئىن - يېمەك، ئىچمەككە ئارىلىشىپ قالسا ئادەمگە زىيان قىلىدىغان «نەرسە» لەرگە تەمسىل قىلىنغان ياسالما ئىسىم. - تەرجىماندىن

ھەممىدىن قىممەتلىك بايلىقى، قوغداش توغرا كەلسە ئاۋۋال ئەمەلدارلارنى قوغداش كېرەك، ئۇلار بۇنى چۈشەنمەمدىكىنا؟ ئەمەلدارلارنى مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلىسا، ئۇلارنىڭ ئېشىغا توپا چاچسا، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ رىزقىغا زوڭ ئولتۇرسا توغرا بولامدۇ؟ بۇيەردە شۇنى ئالاھىدە ئېيتىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇكى، بۇنداق چارە يەنى يۇقىرىنىڭ يۇقىرىسىغا دۆڭگەپ چاتىدىغان ئۇسۇل خەلقنىڭ چىڭ ئىكەنلىكىنى، ھۆكۈمەتنىڭ بوشاڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

— ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ. يېزا ئىگىلىكى ۋەزىرى ھايۋاناتلارنى ئوبدان باشقۇرمىسا، سەھىيە ۋەزىرى «ئىروئىن» نى ئوزۇق - تۈلۈككە كىرىپ قېلىشتىن ساقلىمىسا، ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان بولامدۇ؟

— شۇنداق بولغاندىمۇ سىزنىڭ باش ۋەزىرلىكىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز-دە!

— يېزا ئىگىلىكى ۋەزىرىمۇ، سەھىيە ۋەزىرىمۇ مېنىڭ رەھبەرلىكىمگە قارايدۇ-دە. ئۇلارغا ئوبدان رەھبەرلىك قىلمىغانلىقىمۇ مېنىڭ جاۋابكارلىقىم. كلىنتون ئەپەندى: مەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ چاكىرى، دەپتىكەنغۇ؟ مەنمۇ بىلگىيىلىكلەرنىڭ چاكىرى. ياخشى چاكارلىق قىلمىغاچقا ئاخبارات ۋاستىلىرى ئەيىبلىدى، شۇڭا تەختتىن چۈشتۇم، بۇ قارارلىق ھۆكۈمەتمۇ تەختنى بوشاتتى.

— بۇنىڭدىن ساۋاق ئالسىڭىز بولىدىكەن!

— قانداق ساۋاق؟

— سىز دېموكراتىيەڭلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپسىز. ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ رەھبەرلىكنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ رەھبەرلەرنى تەنقىد قىلىشى تولىمۇ غەلىتە ئىش ئىكەن. بىزنىڭ بۇ يەردە بىرمۇنچە رەھبەرلەرنىڭ ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەش چارىلىرى بار. چىچاڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى جاڭ كەيكې ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ نازارەت قىلىشى توغرىسىدا «تۆت جەھەتتە رۇخسەت يوق» قىلدى؛ خېنەن ئۆلكىسى مىياڭ ناھىيىسىنىڭ بىر مۇئاۋىن ھاكىمى مۇخبىرلارغا خىزمىتىدىن بوشىتىۋېتىش چارىسىنى قوللاندى. مۇخبىرلارنى تىزگىنلەپ قويغانلىقتىن كۆۋرۈك گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپ 40 نەچچە ئادەمنى بېسىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ۋىلايەت، ئۆلكىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلارنىڭ بىرىنىڭمۇ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلمىدى؛ قارامايدىكى ئوت ئاپىتىدە كۆيۈپ ئۆلگەن باللار، ئوقۇغۇچىلار 300 دىن ئېشىپ كەتكەندى، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆلكە دەرىجىلىك، مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ھازىرمۇ ئەمەلدارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ. دېمەك، سىلەرمۇ مۇخبىرلارنى باپلاش تەجرىبىسىنى ئۆگەنسەڭلار بولىدىكەن. بىراق سىلەر مۇخبىرلارنى يامان ئۆگىتىپ قويۇپسىلەر. ئاخبارات ۋاستەڭلار ھەرقاچان رەھبەرلەرنىڭ پېيىگە چۈشۈپ يۈرسە، رەھبەرلىك ئورنى قانداقمۇ مۇستەھكەم بولسۇن؟! ئەگەر سىز يەنە باش ۋەزىر بوپقالسىڭىز جامائەت پىكرىنى چوقۇم تىزگىنلىمىسىڭىز بولمىغۇدەك!

— سۇ ئەپەندى، بۇ گەپلىرىڭىزنى چۈشەنمىدىم.

— چۈشەنمىدىم؟ سىزنىڭ تەختتىن چۈشۈپ كېتىشىڭىزنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ. خەير، خوش!

---

سۇ جۇڭجى ئىمزالىق بۇ ساتىرا ئەسلى «بەدىئىي ھېكايىلەر» گېزىتىنىڭ 2001-يىل 3-دېكابىر سانىدا ئېلان قىلىنغان؛ «قېلىپەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 2-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

# تەكشۈرۈشنامە

(مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ۋاڭ مىنجۇڭغا ۋاكالىتەن يېزىلدى).

«جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتىنىڭ (2001-يىل 27-نويابىر سانىدا مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلىپ چىقتى:

«رەھبەرلەرنىڭ پىكاپلىرىغا يول بوشىتىپ بېرىمەن دەپ، بىر قىز بالا سۇغا چۈشۈپ كېتىپ قازا قىلدى؛ قىز بالا ‹قۇتقۇزۇڭلار› دەپ نالە قىلىۋاتسا، رەھبەرلەر دەريا بويىدا قاراپ تۇردى. نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى ۋۇجۇڭ شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ مىنجۇڭ خىزمەتتىن توختاپ ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.»

مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى خىزمەتتىن توختاپ ئۆزىنى تەكشۈرگەندە مەسىلىنى راستىنى بىلەن ئېيتىدۇ، قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ئۆكۈنىدۇ، ئۆزىنى چوڭقۇر تەكشۈرىدۇ، ئەلۋەتتە. پېقىر قەلەم ئىگىسى ئىلگىرى رەھبەرلەرگە كاتىبلىق قىلغانىدىم، ھازىر بىرقانچە يىلنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولساممۇ، يەنىلا ئۆزۈمنى چاغلىماي، رەھبىرىمىز ۋاڭ مىنجۇڭغا بىر پارچە تەكشۈرۈشنامە يېزىپ بېرىشنى خالاپ قالدىم. مۇۋاپىق بولمىغان يەرلىرى بولسا، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى جانابلىرىنىڭ تۈزىتىش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۆتۈنىمەن، تەكشۈرۈشنامىنى چوقۇم تېخىمۇ قىل سىغمايدىغان قىلىپ تۈزىتىمەن.

— قەلەم تەۋرەتكۈچى: زىلڭ يۈەن

## تەكشۈرۈشۈم

1. ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشى:

ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ يېزىلاردىكى ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشلىرىنى كۆرۈپ كېلىش قىزغىنلىقى بىلەن بۇ يىل 31-ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن ، بەش ناھىيە (شەھەر) نىڭ يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل باشلىقلىرىنى — مۇئاۋىن ھاكىم، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، يېزا ئىگىلىكى ئىدارىسىنىڭ، سۇ ئىنشائاتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرىنى باشلاپ، توققۇز پىكاپ بىلەن يولغا چىقتىم. جۇڭنىن ناھىيىسى شىنپۇ يېزىسى چىشىن ئۆستىڭىنىڭ خۇاڭۋەن كۆۋرۈكى ئۈستىدە كېتىۋاتقاندا ئالدىمىزدىن ۋېلىسىپىتلىك بىر قىز بالا چىقىپ كەلدى. پىكاپلىرىمىز يېقىنلاپ بارغىچە ئۇ بالا ۋېلىسىپىتى بىلەنلا كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇ بورۇقتۇم قىلىپ ئېقىتىپ ماڭدى. بىز ماشىنىلىرىمىزنى دەرھال توختىتىپ، كادىرلارنى قىزنى قۇتقۇزۇشقا تەشكىللىدۇق. لېكىن ئۆستەڭنىڭ قاشلىرى ھەم تىك، ھەم غىلتاڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىمىزدىن بالىنى سۇزۇۋېلىشقا يارىغۇدەك قورال-سايمان تېپىلمىغاچقا، بالىنى قۇتقۇزۇۋالالمىدۇق، لېكىن «110» غا ۋاقتىدا خەۋەرمۇ قىلدۇق.

2. مېنىڭ چۈشەنچەم:

بۇ بالا-قازانىڭ تۇغۇلغىنىغا ناھايىتى ئېچىم سىيرىلدى، يۈرىكىم سىقىلدى، ھەسرەتلەندىم. جان ھەممىدىن قەدىرلىك. 13 ياشلىق ئوقۇغۇچى قىز ۋالىق پىكىنىڭ جېنىدىن ئايرىلغانلىقىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن. بۇ كېلىشمەسلىكتىن مۇنداق چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلدىم:

ۋالىق پىكىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدە باش تارتقىلى بولمايدىغان جاۋابكارلىقىم بار. ئەگەر مەن خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرىمەن دەپ يېزىغا بارمىغان بولسام، 30 نەچچە ئادەمنى باشلاپ توققۇز پىكاپ بىلەن كۆۋرۈكتىن ئۆتمىگەن بولسام، شۇنداق پاجىئە تۇغۇلمىغان بولاتتى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا بىۋاسىتە ئەمەس، ۋاسىتىلىك جاۋابكارمەن. چۈنكى ئۇ قىزنى بىزنىڭ پىكاپلىرىمىز سوقۇۋەتكىنى يوق، مېنىڭ پىكاپىممۇ سوقۇۋەتمىدى؛ مېنىڭ پىكاپىم قەستەن سوقۇۋەتكەن تەقدىردىمۇ چاتاق مەندە ئەمەس، شوپۇردا بولىدۇ. شۇڭا ۋالىق پىكىنىڭ ئۆلۈشىدە مېنىڭ ۋاسىتىنىڭ ئۈستىگە ۋاسىتىلىق جاۋابكارلىقىم بار، لېكىن بۇنداق جاۋابكارلىقتىن باش تارتمايمەن.

2. بىز قۇتقۇزۇشقا كۆچچىيەلمىدۇق، بىزدە جان پىدالىق بىلەن قۇتقۇزىدىغان باتۇرلۇق كەم بوپتۇ. بىز 30 نەچچە كادىردىن بىرىمىزنىڭمۇ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سۇغا سەكرەپ چۈشمىگەنلىكىمىز راست. لېكىن شۇ چاغدا «كىم سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ قۇتقۇزسا، شۇنىڭغا 500 يۈەن بېرىلىدۇ» دەپ ۋارقىرىدۇق، ئەپسۇسكى خەلق ئىچىدىن بىر ئادەممۇ ھە-ھۇ دېمىدى. چىشىن ئۆستەڭنى باشقۇرۇش ئورنىغا يانفون بىلەن خەۋەر قىلىپ، ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى دەرھال توختىتىپ تۇرۇڭلار» دەپ يوليورۇقمۇ بەردۇق. شۇ چاغدا ئۆزەمنىڭ باش بولۇپ سۇغا سەكرەپ چۈشمىگەنلىكىمگە ناھايىتى پۇشايمان قىلىمەن. مەندە جان پىدالىق بىلەن ئادەم قۇتقۇزىدىغان باتۇرلۇق ھەقىقەتەن كەم ئىكەن. بىراق ئوبيېكتىپلىق بىلەن ئېيتسام، مەن سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيمەن، باشقىلارنى قۇتقۇزىمەن دەپ سۇغا سەكرىگەن تەقدىردە ئۆزۈممۇ غەرق بوپكېتىشىم مۇمكىن. ئىككى ئادەم ئۆلگەندىن كۆرە بىر ئادەم ئۆلسە زىيان ئاز بولىدۇ-دە. بەزىلەر: شۇ چاغدا قۇتقۇزۇش ئىشىنى زادىلا تەشكىللىمىدى، دەپتۇ. بۇ پۈتۈنلەي بوھتان. مەن ئىلگىرى شۇ ناھىيىدە ئىشلىگەن چاغدا بىرمۇنچە ئادەمنى رەنجىتىپ قويغانىكەنمەن، ئامما ئىچىدە بىرەر چاتاق ئىش چىقسىلا بوھتان يۇندىلىرىنى رەھبەرلەرگە چاچىدىغان بولىۋاپتۇ. بۇمۇ بىرخىل ناچار كەيپىيات.

3. ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىتنىڭ ناچارلىقىمۇ ۋالىق پىكىنىڭ ئۆلۈشىگە زامىن بولغان مۇھىم سەۋەب ئىكەن. ئەگەر كۆۋرۈك كەڭرەك بولسا، ۋادەكلىرى بولسا، ۋالىق پىكىنىڭ ئۆزى ھودۇقۇپ قالمىغان بولسا ئۇنداق پاجىئە تۇغۇلمىغان بولاتتى.

3. مېنىڭ ئۈمىدىم:

يۇقىرىدىن ماڭا چارە كۆرۈشتىن ئاۋۋال تۆۋەندىكى ئامىللارنى تولۇق نەزەردە تۇتۇشنى ئۈمىد قىلىمەن:

1. پارتىيە-ھۆكۈمەت ئىنتىزاملىرى بويىچە ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان چارە كۆرۈش نىزاملىرىنى نەزەردە تۇتۇشنى ئۈمىد قىلىمەن، مېنىڭكىگە ئوخشاش سەۋەنلىكلەرگە چارە كۆرىدىغان بەلگىلىمە يوق.

2. شۇنىسى نەزەردە تۇتۇلسىكەن: مەن بولسام خەلق سايلىغان شەھەر باشلىقى، خەلقنىڭ رايىغا ياققانلىقىم ئۈچۈن شەھەرگە مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ قويۇلغانمەن.

3. بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ مەندىن باشقا يەنە 30 نەچچە رەھبىرىي كادىرغا چېتىلىدىغانلىقىمۇ نەزەرگە ئېلىنىسىكەن. «قانۇن كۆپچىلىكنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ» دەيدىغان ئۇدۇم نەزەردە تۇتۇلمىغان تەقدىردىمۇ كادىرلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئاسراش كېرەك-تە.

4. ئاممىنىڭ ئەخلاق-پەزىلەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇشنى ئۈمىد قىلىمەن، ئامما ئىچىدىن بىرەر ئادەممۇ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سۇغا سەكرىگىنى يوق.

5. شۇنىمۇ ئويلىشىپ كۆرۈلسە: كۆرۈلگەن چارە مۇۋاپىق بولمىسا بىزنىڭ ۋۇجۇك شەھىرىمىزنىڭ يۈزىگە - كوللېكتىپ ئوبرازىغا، كوللېكتىپ مەنپەئەتىگە ياخشى بولمايدۇ.

6. يەنىمۇ مۇھىم ئىش شۇكى، خاتا جامائەت پىكرىگە بۇرۇندىن يېتىلىتىپ قويۇلمىسىكەن. ھازىر ئاخبارات ۋاسىتىلىرى، ئىنتېرنېت تورلىرى يوقىلاڭ داۋراڭلارنى قىلىشىۋاتىدۇ. ھەتتا بەزىلەر «تۈزۈم جەھەتتىن ئوپېراتسىيە قىلىنغاندىلا ئاندىن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، گەپ شۇ يەردىكى، بۇنداق ئەمەلدارلارنى خەلق مەنسەپتىن چۈشۈرۈۋېتەلەيدۇ» دەيدىغان بىمەنە گەپلەرنى تارقىتىپتۇ. بۇنداق مەسئۇلىيەتسىز گەپلەرنى رەھبەرلىك چوقۇم ئېنىق ئايرىشى كېرەك!

گەپنىڭ قىسقىسى، تەشكىلنىڭ ماڭا چارە كۆرۈشتە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ھەم ئېغىر، ھەم قاتتىق ۋە دەل مۇۋاپىق چارە كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇندىن كېيىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىپ، ئەيىبلىرىمنى خىزمەت بىلەن يۇيىمەن، ئىدىيە ۋە ئەخلاق-پەزىلەت سەۋىيەمنى ئۆستۈرۈپ، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىق ئورنۇمدا تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەيمەن، جان-دىلىم بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمەن، پۈتكۈل شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ ھەسسە قوشىمەن!

ئۆزىنى تەكشۈرگۈچى: ۋۇجۇك شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋالىق مىڭجۇك

---

زىلىق يۈەن ئىمزالىق بۇ ساتىرا ئەسلى «ياشلار دەۋرى» گېزىتىنىڭ 2001-يىل 2-دېكابىر سانىدا ئېلان قىلىنغان؛ «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل فېۋرال سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

## قەدىرلىك ئېگىلىش

سۆزلەپ كەلسەك بۇندىن توپتوغرا 30 يىل ئىلگىرى شۇنداق بىر ئىش بوپتىكەن: 1970-يىل 25-يانۋار قېلىن قاردىن كېيىن شەرقىي ياۋروپادا ناھايىتى قاتتىق سوغۇق بولغان بىر كۈنى، غەربىي گېرمانىيىنىڭ سابىق باش مىنىستىرى بىلانت قەھرىتان سوغۇققا قارىماي ۋارشاۋادىكى يەھۇدىيلەر

زاراتگاھلىقىغا بېرىپتۇ. يەھۇدىيلەرنىڭ قەبرىسى ئالدىغا گۈلچەمبىرەك قويۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ سۈكۈتتە تۇرغان چېغىدا بىردىنلا تىزىنى پۈكۈپ ئولتۇرۇپ، 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا ناتسىستلار تەرىپىدىن بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىيلەرگە ئېچىنىشلىق تەزىيە بىلدۈرۈپتۇ. بىلانت ئەنە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1971-يىلى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نائىل بولغانىكەن.

كېيىن ئۇ مەشھۇر مۇخبىر فاراجىغا سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

«مەن گېرمانىيىدىن خېلى بۇرۇنلا چىقىپ كەتكەن (ئۇ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا چەت ئەلدە يۈرۈپ، فاشىزمغا قارشى كۈرەشلەرگە قاتناشقان). شۇنداق بولسىمۇ ھىتلېرنىڭ تەختكە چىقىپ فاشىستلىق قىلغانلىقىغا مېنىڭمۇ جاۋابكارلىقىم بار، دەپ ئويلايمەن. شۇ كۈنى سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرغاندا، مېڭەمدە غەلىتە بىر ھېسسىيات پەيدا بوپقالدى، قەبرىگە گۈلچەمبىرەك قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالسام بولمايدىكەن، دەپ ئويلىنىپ قالدىم. قانداق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولساممۇ، خىيالىمدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى. گۈلچەمبىرەك قويۇپ بولغاندىن كېيىن، تىزلىنىپ ئېگىلمىسەم بولمايدىكەن، دېگەن بىر بىشارەت ئايان بولدى، قارىغاندا〈ئويلىمىغان ئىش〉 دېگەن گەپ شۇ بولسا كېرەك.»

شۇ خەۋەرنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، بۈلتۈر دۇنيادىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئارقىمۇ ئارقا ۋاقىپلاندۇرۇلغان مۇنداق بىر ئىش كۆز ئالدىمغا كەلدى: 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا فرانسىيىدىكى بىدان ھۆكۈمەتكە كۈچەپ خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئومۇمىي تۇتقۇن قىلىش يارلىقى تارقىتىلغان بىر فاشىستنىڭ ئاۋستىرالىيىگە قېچىپ بېرىۋالغانلىقىغا 50 يىل بولغانىكەن، ئۇ بۈلتۈر قولغا چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ گېزىتكە بېسىلغان سۈرىتىگە قارىسام، چاچلىرى تامامەن ئاقىرىپ، قېرىپلا كېتىپتۇ.

بۇنىڭدىن يەنە ئامېرىكىدا پرېزىدېنت بولغان ۋىلسون توغرىسىدىكى بىر ھېكايە خىيالىمغا كەچتى: ئۇنىڭ كاتىپى ئۇنىڭغا ياشىنىپ قالغان بىر مەھبۇسنى تۈرمىدىن تەربىيە خانىغا يۆتكەشكە رۇخسەت قىلىش توغرىسىدىكى ئالاھىدە كەچۈرۈمنامىغا قول قويۇشنى تەكلىپ قىلغانىكەن، پرېزىدېنت ئۇنىڭغا: «بولمايدۇ، ئادالەت ئۆزجايىدا جايىز بولمىقى شەرت؛ ئامېرىكىغا لىللا-ئادىل ھۆكۈمەت كېرەك» دەپ، ئالاھىدە كەچۈرۈمنامىغا «رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دەپ يازغانىكەن.

شەرق بىلەن غەربنىڭ كۆزقاراشلىرى ھەقىقەتەن بىر-بىرىگە ئوخشىمىسا كېرەك. ئىنسانىيەتنى بالايىئاپەتكە قالدۇرغان ئوخشاش ئىشلار ھەققىدە غەربىي گېرمانىيىنىڭ باش مىنىستىرى خەلقى ئالەم ئالدىدا تىز پۈكۈپ ئېگىلگەن؛ ياپونىيىنىڭ باش ۋەزىرلىرى بولسا كۆپىنچە ئۆزلىرىنى قاچۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن لى سىفى ناملىق بىر شائىر مۇنداق يازغانىكەن:

بىلانت ۋارشاۋادا ـ
تىز پۈكۈپ ئېگىلدى،
شۇندىن پۈتكۈل دۇنيا ـ
ئاجايىپ بىر پەرقنى كۆردى:
ئېگىلگىنى تىز پۈكۈپ ـ
گېرمانىيىنىڭ باش مىنىستىرى.
يۈكسەكتۇر ئۇ غادىيىپ تۇرغان
ياپونىيە باش ۋەزىرىدىن ھامانى.

بىز ئۆتمۈشتە ياپونلارنىڭ باش ۋەزىرلىرىنى توۋا قىلمايۋاتىدۇ، دەپ ئەيىبلەپ كەلدۇق. ئەمەلىيەتتە بىز ئۆزىمىزمۇ ئۇلاردىن ھېچقانچە قېلىشمايمىز. ئوڭچىلارغا قارشى تۇرغاندا مەملىكەت بويىچە بىراقلا 500 قانچە مىڭ ئادەمنى ئوڭچى قىلىپ قويدۇق، ئۇلارنىڭ تولىسى قولىدىن ئىش كېلىدىغان قابىلىيەتلىك، ئوت يۈرەك ياشلار ئىدى. ئۇلار 20 نەچچە يىلدىن كېيىن ئاقلانغان بولسىمۇ، لېكىن بىرەر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزرە ئېيتقىنىنى ئاڭلىغان كىشى يوق. شۇڭا 20 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بەزى ئادەملەر جاڭ شيەنلياڭدەك (جياڭ شيەنلياڭ ـ جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى، 1936-يىلى نەنجىڭدە تۇغۇلغان. ئۇ، 1957-يىلى «بوران ناخشىسى» ناملىق بىر داستانى سەۋەبلىك خاتا «ئوڭچى» قىلىنىپ 20 يىلدىن ئارتۇق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەن. 1979-يىلى ئاقلىنىپ يېڭىۋاشتىن يېزىقچىلىقنى باشلىغان. ھازىر ئۇ نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى. ـ ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرى ئىزاھى) شۇنداق يازغۇچىنىڭ «ئوڭچى» قىلىنىپ قالغانلىقىنى شەخسىي جىنايى تارىخى، دەپ قاراپ يەكلەپتۇ.

ئەھۋال مۇنداق: جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1999-يىلى بېيجىڭ كۆرگەزمە سارىيىدا مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. شۇ چاغدا جاڭ شيەنلياڭنىڭ سۈرىتى كۆرگەزمىگە قويۇلغانىكەن. ئۆزىمۇ يازغۇچىلىق قىلىدىغان بىر ئادەم نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ رەھبىرىگە خەت يېزىپ: «جاڭ شيەنلياڭنىڭ مەشھۇر ئوڭچى ـ ئەكسىيەتچى يازغۇچى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان تۇرسا، شۇنداق ئادەمنى نىڭشيانىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى قاتارىدا تەسۋىرلەپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پايتەختتە ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆرگەزمىدە مىليونلىغان ئېكسكۇرسىيىچىلەرنىڭ ئالدىغا قويغىنى قانداق گەپ؟» دەپتۇ. ئەگەر جاڭ شيەنلياڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان ماقالىسىدا ئېغىزغا ئالمىغان بولسا، بىز بۇ ئەھۋالنى ئانچىكى بىر جۆيلىمە-چۆچەك بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغىلى تاس-تاماس قالاركەنمىز.

خەلقىمىز تۇغما ئۇنتۇغاقمۇ ياكى تولىمۇ ئالدىراش بولغاچقا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۆتمۈش تارىخقا نەزەر سېلىشقا چولىسى تەگمەمدۇ، بۇنى بىلمەيمەن، ئۆتمۈشتە شۇنچە ئېغىر بالايىئاپەتلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ بىر نەچچە يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئۇنتۇپ كەتتۇق. ھازىر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تىلغا ئېلىنىپ قالسا، ئۇنى سېغىنىدىغان ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس؛ بىرمۇنچە ياشلار بولسا ئۇنداق ئىشلارنىڭ راست بولۇپ ئۆتكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ، ئۇنى بىر چاقچاق پاراڭ ئىكەن دەپ قارايدۇ. بىزنىڭ ئۆتمۈش تارىخ ھەققىدىكى پوزىتسىيىلىرىمىز ئەنە شۇنداق بولسا، ياپونلارنى قايسى يۈزىمىز بىلەن تەنقىد قىلىۋېرىمىز؟

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى شۇ مىللەتنىڭ ئۆز تارىخىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ. نۇرغۇن ئىشلاردا بىرخىل مۇقەررەرلىك بولىدۇ. غەربلىكلەر بىجاندىل ئۆكۈنۈپ توۋا قىلغاچقا ناتسىستلارنى ھازىرغىچە كەچۈرمەيۋاتىدۇ؛ شەرقلىقلەر ھەرقانداق ئىشقا ئەستايىدىللىق قىلمىغاچقا، بەزىلىرى خاتالىق ئۈستىگە خاتالىشىپ كېتىۋاتىدۇ ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ ۋە يەنە تېخى ھۆزۈرلىنىپ يۈرۈۋاتىدۇ، باشقىلارغا تەربىيە بېرىۋاتىدۇ، باشقىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەۋاتىدۇ؛ دۈشمەنلىرىنى جاجىسىنى بېرىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەيىبلەشكىمۇ جۈرئەت قىلىدىغان ئادەم چىقمايۋاتىدۇ. شۇ ئادەملەر كەلگۈسىدە بىزنى يەنە جىنايى پاتقاققا ئىتتىرمەيدۇ دەپ ئېيتالمايمىز.

مۇشۇنداق ئەھۋالغا مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ ئېيتقاندا، بىرمۇنچە ئۇلۇغ - مۇقەددەس نەرسىلەر بەزى ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە ئويۇنچۇققا ئوخشاش بىرنەرسە بوپقېلىۋاتىدۇ. ھەق گەپنى قىلساق، قانۇن ناھايىتى مۇقەددەس. لېكىن شۇ مۇقەددەس قانۇن بەزى ئادەملەرنىڭ قولىدا رېزىنكا تاسمىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. جىنايەت قىلغان بەزى ئادەملەر مۇناسىۋەت يوللىرىنى تاپسىلا جازانى تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدىغان بوپقالدى. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش جىنايەت قىلغان گۇناكار (يولى بولمىسا) تۈرمىدە بىرقانچە يىل قامىلىپ يېتىشى مۇمكىن. ھەتتا بەزىلەر گۇناھى ھېسابىغا پۇل تۆلەپ قۇتۇلىۋاتىدۇ، تۈرمىدە بىرنەچچە كۈن ياتار-ياتمايلا ئازغىنە پۇل تۆلەپ جازانى يېنىكلىتىدىغان بوپقالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا پۇقرا قانۇنغا قانداقمۇ ئىشىنەلىسۇن؟! قانۇنغا ئىشەنچ قالمىغان يەردە نېمىگە ئىشەنسۇن؟

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى چيەن لىچۈن ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە «ئۇنتۇشنى رەت قىلايلى» دەپ سەرلەۋھە قويغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئاخىر چۈشىنىپ قالدىم.

---

لىيۇ شىگۇي ئىمزالىق بۇ ساتىرا «فېليەتون گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 23-نويابىر سانىغا بېسىلغان.

## خەلقىمىز نەدىمۇ ئۇنتۇپ قالسۇن؟

«بىز ئۆتمۈشتە ياپونلارنىڭ ۋەزىرلىرىنى توۋا قىلمايۋاتىدۇ، دەپ ئەيىبلەپ كەلدۇق، ئەمەلىيەتتە بىز ئۆزىمىزمۇ ئۇلاردىن ھېچقانچە قېلىشمايمىز. ئوڭچىلارغا قارشى كۆرەشتە مەملىكەت بويىچە 500 قانچە مىڭ ئادەمنى ئوڭچى قىلىپ قويدۇق، ئۇلارنىڭ تولىسى قولىدىن ئىش كېلىدىغان قابىلىيەتلىك، ئوت يۈرەك ياشلار ئىدى. ئۇلار 20 نەچچە يىلدىن كېيىن ئاقلانغان بولسىمۇ، لېكىن بىرەر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزرە ئېيتقىنىنى ئاڭلىغان كىشى يوق.» (2001-يىل 23-نويابىردىكى «فېليەتون گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «قەدىرلىك ئېگىلىش» سەرلەۋھىلىك ساتىراغا قاراڭ).

لىيۇ شىگۇي ئەپەندىنىڭ بۇ چوڭقۇر مەنىلىك، لىللا گەپلىرى قۇلاققا ناھايىتى ياقىدۇ، بولۇپمۇ ماڭا بەك ياقتى.

لېكىن لىيۇ ئەپەندىنىڭ ئاق-قارىنى ئايرىماي، «خەلقىمىز» گە «شۇنچە بالايىئاپەتلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، بىرنەچچە يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا ئۇنتۇپ كەتتۇق» دېگەن گەپ «خەلقىمىز» ئىچىدىكى «بەزى ئادەم» لەرگە قارىتىلغان بولسا، ھەرھالدا بۇ گەپكە ماقۇل؛ لېكىن بارلىق «خەلقىمىز» گە قارىتىلغان بولسا ھەرگىز پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش، ئوڭ ئاغمىچىلىققا قارشى تۇرۇش، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېگەنگە ئوخشاش ھەرىكەتلەر پەيدا قىلغان «شۇنچە ئېغىر بالايىئاپەتلەر» ھېلىھەم ھازىرمۇ ھايات ياشاپ تۇرغان دەردمەنلەرنىڭ يۈرىكىگە «ئۇنتۇپ» كەتكۈسىز دەرىجىدە چوڭ ئورناپ كېتىپلا قالماستىن «شۇنچە ئېغىر بالايىئاپەت» ئىچىدىن ساق-سالامەت ئۆتۈپ كەلگەن ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭمۇ ئەس-يادىدىن كەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار قانداقمۇ «ئۇنتۇپ» قالسۇن؟ مەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، شۇ قان-زەرداپ ھىدى كېلىپ تۇرۇدىغان قاباھەت كۈنلەر ئېسىمگە كەپقالسا ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي، ئەتراپىمدىكى ئادەملەرگە سۆزلەپ بېرىمەن؛ قوشنا-قولۇملىرىنىڭمۇ گاھىدا شۇنداق پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ قالىمەن. بۇنداق پاراڭلار كوچا-كويلاردا، ھويلا-ئاراملاردا ئۆز ئارا بولىدۇ، خالاس. ئەگەر بىز ئادەتتىكى پۇقرا نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، كىممۇ «خەلقىمىز» ئۆتمۈشتىكى شۇنچە كۆپ، «شۇنچە ئېغىر بالايىئاپەت» لەرنى «ئۇنتۇپ كەتتى» دېيەلەيدۇ؟

لېكىن «خەلقىمىز» ئىچىدە «شۇنچە ئېغىر بالايىئاپەت» لەرنى «خەلقىمىز» نىڭ ھەممىسىنىڭ تېزلىك بىلەن تامامەن ئۇنتۇپ كېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن ئارزۇ قىلىدىغان «بەزى ئادەملەر» مۇ يوق ئەمەس، ئۇلارغا قانچىكى تېز، قانچىكى پاك-پاكىز ئۇنتۇلسا شۇنچە ياخشى. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق روھىي ھالەتتە بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى شۇكى، بىرىنچىدىن، ئۇلاردا بىلانتقا ئوخشاش قەدىرلىك ئېگىلىش خىيالى يوق؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار «خەلقىمىز» مۇبادا «ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ» تارىخقا «نەزەر سېلىپ قالسا» ئۆتمۈشتە «بەزى ئادەملەرنىڭ خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزگەن» لىكى ئەينەن پاكىتلىرى بىلەن دوگىيىپ كۆرۈنۈپ قالىدۇ، ئۇنداق بولغاندا ئۆتمۈشتىكى «بەزى ئادەم» لەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى يوقىلىدۇ، ئۆزۈمنىڭمۇ يۈزۈم تۆكۈلىدۇ، دەپ قورقىدۇ. دېمەك، ئۆتمۈشتىكى «شۇنچە ئېغىر بالايىئاپەت» لەرنى باشقىلارنىڭ تېزرەك «ئۇنتۇپ» كېتىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان «بەزى ئادەم» لەرنىڭ ئۆزى ئەمەلىيەتتە ئۆتمۈشتىكى «شۇنچە ئېغىر بالايىئاپەت» لەرنى «ئۇنتۇپ» كەتمىگەن.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە لىيۇ ئەپەندى: «خەلقىمىز» ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن شۇنداق كۆپ، «شۇنچە ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى» «ئۇنتۇپ» كېتەلمىگەنىكەن، ئەمىسە ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدا نېمىشقا «خەلقىمىز» نىڭ «ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ نەزەر سالغان» لىقىغا دائىر گەپ-سۆز، يازمىلارنى كۆرمەيمىز؟ دەپ سوئال قويار. راست شۇنداق، بۇ پاكىت. لېكىن «خەلقىمىز» نى «ئۇنۇتقاق» بوپكەتتى

دەپ مۇشۇنداق ئەھۋال بىلەن ئىسپاتلاش تولىمۇ بىمەنىلىك بولىدۇ. ھەقىقەتتە «خەلقىمىز» ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى «شۇنچە ئېغىر بالايىئاپەت»لەرگە «نەزەر» سېلىپ يازغان يازمىلىرىنى ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم ئازمۇ؟

دېمەك «خەلقىمىز» نىڭ ئۆتمۈشتىكى «شۇنچە ئېغىر بالايىئاپەت» لەرگە «نەزەر» سالالىشى ئۈچۈن، شۇ ھەقتىكى گەپ-سۆز ۋە مۇلاھىزىلەرنى كوچا-كويدىن، هويلا-ئارامدىن، ئۆزئارا پاراڭدىن ئاخبارات ۋاستىلىرىغا يۆتكەش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئامىل شۇكى، ئاخبارات ۋاستىلىرى «خەلقىمىز» نى «شۇنچە ئېغىر بالايىئاپەتلەر» گە «ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تۇرۇپ نەزەر سالىدۇ» غان كەڭتاشا سورۇن بىلەن تەمىنلىشى لازىم. خەلقىمىزنىڭ «ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تۇرۇپ نەزەر سالىدۇ» غان جايىمۇ بولسۇن، «ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ نەزەر سېلىش» نىڭ ئاقىۋىتىدىنمۇ قورقمايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە بولسۇن.

---

يۈچىڭيۇ ئىمزالىق بۇ مۇلاھىزە «فىلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2002-يىل 4-يانۋار سانىغا بېسىلغان.

# نېمىشقا ھەرقاچان شۇنداق خىيال پەيدا بولىدۇ؟

ھازىرقى كۈندە ئەگەر، دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى جانلاندۇرۇشقا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا مەبلەغ سالماقچى، دەيدىغان كەپلەر ئوتتۇرىغا چىقىسىلا كىشىلەرنىڭ ئاۋۋال ئويلايدىغىنى قۇرۇلۇشنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك، پاخپاق قۇرۇلۇش بوپقالدى. مەسىلەن، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە گۈللەندۇرۇش يېڭى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا قويۇلغىنى يەنە قانچىلىك خىيانەتچى ئەمەلدار چىقار؟ دېگەن سوئال ئىدى.

بۇنداق خىيال ئەل ئىچىدىن، شەخسلەردىن چىققان بولسا بىھۇدە گەپ بوپتۇ دېيىش كېرەك؛ لېكىن بۇنداق پەرەزنىڭ دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ئۆلكە-شەھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ رەسمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى سەل قارايدىغان كىچىك مەسىلە ئەمەس.

«گېزىت-ژۇرناللاردىن تەرمىلەر» گېزىتىنىڭ 13-سېنتەبىر سانىدا باش بەتكە كۆچۈرۈپ بېرىلگەن، ئەسلى «ئىتتىپاق» گېزىتىنىڭ 4-سېنتەبىر سانىغا بېسىلغان بىر خەۋەرگە قارىغاندا، 2008-يىلىدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ بېيجىڭ شەھەرلىك كومىتېتى يېقىندا سىجىل ئۈچ كۈن سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، 2008-يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغان. ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ھەممىدىن ئاۋۋال قانداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقاندۇ؟ ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى تەنھەرىكەت مەيدانلىرىنى قۇرۇش مەسىلىسى ئەمەس، مۇھىت ئاسراش، قاتناش مەسىلىسىمۇ ئەمەس، يېغىنىنى ئېچىش-يېپىش مۇراسىملىرى مەسىلىسىمۇ ھەم ئەمەس، بېيجىڭلىقلارنىڭ ساھىبخانىلىقنى قانداق ئوبدان قىلىش مەسىلىسى تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى «ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تۈگىگەندىن كېيىن يەنە بىرتۈركۈم خىيانەتچى، مىتە چىقىپ قالامدۇ، بىرتۈركۈم پاخپاق قۇرۇلۇش پەيدا بوپقالامدۇ» دەيدىغان ئەندىشە ئىكەن. شۇ خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، «بۇ قېتىمقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا 180 مىليارد يۈەن سەرپ قىلىنىدىكەن، يەنى سەنشيا بوغۇزىغا كەتكەن پۇلدىن سەل كەم پۇل كېتىدىكەن. پاھ، بۇ قالتىس لوق گۆش - تە!»

ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 1896-يىلى گرېتسىيىنىڭ ئافىنا شەھىرىدە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەندىن بۇيان ھازىرغىچە 100 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. تۆت يىلدا بىر نۆۋەتتىن بولۇپ ئون نەچچە شەھەردە ئۆتكۈزۈلدى. لېكىن قايسىبىر شەھەردە شۇ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تەييارلىقلىرى كۆرۈلىۋاتقاندا بىرىنچى بولۇپ خىيالغا كەچكەن مەسىلە «ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تۈگىگەندىن كېيىن يەنە بىر تۈركۈم خىيانەتچى، مىتە چىقىپ قالامدۇ، بىر تۈركۈم پاخپاق قۇرۇلۇش پەيدا بوپقالامدۇ» دەيدىغان ئەندىشە بولىدىكەنتاڭ؟! ھېچقايسى شەھەردە ئالدى بىلەن شۇنداق «ئەندىشە» پەيدا بولمىغان بولسا، بىز بۇيەردە ئالدى بىلەن شۇنداق «ئەندىشە» دە بولۇۋاتىمىز. مۇشۇ «ئەندىشە» ئۈچۈن گىنىنىس دۇنيا رېكورتى تەلەپ قىلىشىمىز كېرەكمۇ-قانداق؟ شۇنىسى سەمىمىزدە بولسۇنكى، بىز شۇنداق رېكورتنى تەلەپ قىلىشقا ئاشقىمىز-دە! لېكىن شۇنداق رېكورت شان-شەرەپمۇ ياكى پاجىئەمۇ، بۇنىسى نامەلۇم.

لېكىن چاتاق «يەنە» قانچىلىك خىيانەتچى، قانچىلىك مىتە، قانچىلىك پاخپاق قۇرۇلۇش چىقىدىغانلىقىدا ئەمەس، چاتاق جان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ مەسىلىگە بېرىپ تاقىشىدىغانلىقىدا. جان بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەندە يالغۇز جوڭگولۇقلارنىڭلا جېنى بىلەن ئەمەس، نۇرغۇن چەت ئەللىكلەرنىڭ جېنى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى چوقۇم. ئۆتمۈشتە جان ئۈچۈن تۆلەنگەن تۆلەملەرنى ئالساق، چەت ئەللىكلەرنىڭ جېنى جوڭگولۇقلارنىڭ جېنىغا قارىغاندا قىممەت توختاپ كەلمەكتە. قۇرۇلۇش ئۆرۈلۈپ چۈشكەندىن كېيىن خىيانەتچىنى ئاتقان، مىتىلەرنى يوقاتقان، پاخپاق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەخلەتلىرىنى تازىلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ ئۆلگەن-يارىلانغان ئادەملەرنى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى-دە!

شۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى بېيجىڭ شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ «يۈزتىمىزگە قارا سۈرتىۋاتىدۇ» دەيدىغان بوھتانلاردىن قورقماي، شۇم گەپنى باشتا قىلىشقا باتۇرلۇق قىلغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن. ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى دىتى بار ئىكەن دەپ تەرىپلەشكىلا ئەمەس، يۈرىكى بار ئىكەن دەپ تەرىپلەشكىمۇ ئەرزىيدۇ.

بىراق شۇنداق دەپ تۇرۇقلۇق يەنە شۇ شەھەرلىك كومىتېتنىڭ ھېلىقى «ئەندىشە» سىنىڭ

توغرىسىغا كەپىلىشىدىن يەنى راستىقا ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. بۇ گېپىمگە ئىشەنمىسىڭىز، مەرھەمەت، ساناپ كۆرۈڭ، ھېسابلاپ بېقىڭ: بەزى ئاڭ-چۈشەنچىسى، مەنسەپ دەرىجىسى شۇ قەدەر يۇقىرى ئەمەلدارلارقايسى پۇلغا، قانداق پۇلغا خىيانەت قىلماي ئاياپ قويىدى؟ قانداق پاخپاق قۇرۇلۇشلارنى سېلىشتىن ئاياندى؟ سەنشيا توسمىسى قۇرۇشقا ئاجرىتىلغان پۇلنى دەسلەپتا قول ئۇزاتقىلى بولمايدىغان «يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى» دېيىشكەنىدى؛ ھەرقايسى جايلارغا كەمبەغەللەرنى يۆلەشكە ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇللار، چاڭجياڭ دەرياسىدىكى كەلكۈن ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇشقا ئاجرىتىلغان پۇل - ماللار، جان بېقىش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان پېنسىيە پۇللىرى. . . مۇشۇنداق پۇل - مالغا خىيانەت قىلغانلار بۇندىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى كاللىسىدىن ئايرىلاتتى، ھەتتا نەسلى - ۋەسلىدىن ئايرىلاتتى. ھازىرقى كۈندە شۇنداق پۇل - مال «مىنا كۆمۈلگەن يەر» دەپ ئاگاھلاندۇرۇلۇۋاتسىمۇ بەزى ئەمەلدارلار يەنە ئوخشاشلا «قەدەم بېسىپ»، ئوخشاشلا خىيانەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنى «ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ»غان «باتۇر - نوچى» دېسەك مۇبالىغە بولمايدىكەن. قىسقىسى، ھازىرقى خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ خىيالىدا خىيانەت قىلغىلى بولمايدىغان پۇل، تۇتۇش قىلغىلى بولمايدىغان پاخپاق قۇرۇلۇش يوق ئىكەن؛ ئۇلار ھەقىقەتەن «خىيانەت بىلەن يۇرىكى يوغىناپ كەتكەن»، «يۈرەكلىك خىيانەت قىلىدىغان » بوپقالغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت بىرەر ئىش ئۈچۈن مەبلەغ سالسا، خىراجەت قىلماقچى بولسا، كىشىلەرنىڭ ئاۋۋال ئويلايدىغىنى يەنە قانچىلىك خىيانەتچى - قانچىلىك مىتە، قانچىلىك پاخپاق قۇرۇلۇش چىقار دېگەن مەسىلە بوپقالدى، بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق.

---

گوشۇرۇڭ ئىمزالىق بۇ ماقالە ئەسلى«جىنەن ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 13-ئۆكتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغان، «فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل يانۋار سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىنغان.

# ھېكايەت ۋە يۇمۇرلار

## بۆرىلەر ئۆزگىرىپ كەتتى؟

خەنزۇ تىلىدىكى «فېليەتون گېزىتى» نىڭ 1999-يىل 19-يانۋار سانىدا يازغۇچى يەن لىسەن مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

«يېقىندا بىر ۋەزىپە بىلەن شىمال تەرەپكە بارغىنىمدا، يېزا دېھقانلىرى ئىچىدە مۇنداق بىر كۈلكىلىك گەپ تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

باشقا بىر يۇرتتىن تۇغقان يوقلاپ كەلگەن بىر ئادەم شۇ يەردىكى دېھقانلاردىن سوراپتۇ:

- بۇيەردە ئىلگىرى قوي كۆپ بولىدىغان، ھازىر ئازىيىپ كەتكەندەك تۇرامدۇ نېمە؟

- دېھقان دەپتۇ:

- بۆرە يەپ كەتتى.

- ئۇنداق بولسا بۆرە كۆرۈنمەيدىغۇ؟

- بۆرىلەرنىڭ ھەممىسى كادىرغا ئۆزگۈرۈپ كەتتى!

. . .

ئويلاپ قارىسام، بۇ گەپلەر ھەقىقەتەن مەنىلىك گەپ ئىكەن. ئىدارە-ئورگان كۆپىيىپ - كېڭىيىپ كەتكەن؛ ئايلىقچى كادىر كۈندىن-كۈنگە كۆپەيگەن. شۇنچە كۆپ كادىرنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئاڭۋاڭ-ياساقنى كۆپەيتىۋەتكەندە ئەھۋالنىڭ خۇددى بۆرىگە ئوخشاش بوپقېلىشى مۇقەررەر. شۇنچە كۆپ يۇكنى پۇقرا قانداقمۇ كۆتىرەلىسۇن؟ ! »

«بۆرىلەر كادىرغا ئۆزگىرىپ كەتتى» دېگەن گەپنىڭ ئۆزى «خەلقنىڭ غەزەپ-نەپرىتى كۆچىيىپ كەتكەن» لىكىنى چۈشەندۈرۈدىغان كىنايە ئەمەسمۇ؟

**- توختى باقى ئارتىشى**

## بازار باشلىقى ۋە پاراكەندىچىلىك

ئاپتور گېبىن چىڭفىڭ «فېليەتون گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 16-ئۆكتەبىر سانىغا بېسىلغان ماقالىسىدا مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

مەلۇم بىر كەنتتە بىرنەچچە يۈز مو تېرىلغۇ يەرنى گەپ-سۆزسىز ئىگىلىۋېلىشقانىكەن، شۇ كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ جېدەل چىقىرىپتۇ. يۇقىرىغا دات ئېيتقانىكەن، بىرنەچچە ئايغىچە ئۈچۈرى بولماپتۇ. كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ جېدىلىنى باستۇرۇش ئۈچۈن «خىزمەت ئىشلەش» كە يۇقىرىدىن ئەۋەتىلگەن كادىرلارمۇ ھېچبىر نەتىجە چىقىرالماي قايتىپ كېتىپتۇ.

- گومىنداڭنىڭ سەككىز مىليون ئەسكىرى با شۇنداق زور قوشۇنلىرىنى مەغلۇب قىلدۇقۇ، جېدەل چىقارغان بىرنەچچە مۇتتەھەمدىن قورقۇپ ئولتۇرغان بارمۇ؟ - دەپتۇ يېزا بازىرىنىڭ باشلىقى چىچاڭلاپ تۇرۇپ.

كېيىن شۇ باشلىق ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ، جېدەلگە باشلامچىلىق قىلغان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بەزىسىنى كەنت كادىرى قىلىپ توغرىلاپتۇ؛ بەزىسىنى ئۆز لايىقىدا خىزمەتكە قويۇپتۇ. قاتتىقراق جېدەل قىلىپ تۇرۇۋالغان بىرنەچچىسىنى «جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى بۇزدى» دېگەن نام بىلەن گۇندىخانىغا سولاپتۇ، جېدەلنى ئەنە شۇنداق تىنجىتىپتۇ.

**- توختى باقى ئارتىشى**

## ياخشىلىقنىڭ ئۆلچىمى

«فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 1-سانىغا قارىسام، ئاپتور جاڭ چى «ياخشى كادىرنىڭ ئۆلچىمى» توغرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر مۇزاكىرە يىغىنىدا ھەرساھە ۋەكىللىرىنىڭ «ياخشى كادىرنىڭ ئۆلچىمى» توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرىنى مۇنداق ئىخچام خاتىرىلەپتۇ:

ئىنتىزام تەكشۈرۈش سېكرېتارى: پارا بەرمىگەن، پارا ئالمىغان كادىرنى ياخشى كادىر دەيمىز.

ئىشچىلار ۋەكىلى: كۆپ ئادەمنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇۋەتمىسە، شۇنى ياخشى كادىر دەيمىز.

دېھقانلار ۋەكىلى: كادىرنىڭ ياخشىسى بىز

دېھقانلارنى بىردەم ئۇنى تېرىيسەن، بۇنى باقىسەن دەپ، يەنە بىردەمدە بۇنى تېرىمايسەن، ئۇنى باقمايسەن دەپ زورلۇق قىلمايدۇ.

ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلى: بىزنىڭ مائاشىمىزنىنىسى قالدۇرمايدىغىنى ياخشى كادىر.

پىكاپ شوپۇرى: قوشلاپ دەم ئالىدىغان كۆنلەردىمۇ بىزنىڭ بىرەركۈن دەم ئېلىشىمىزغا يول قويسا شۇ ياخشى...

ئاياللار ۋەكىلى: دائىم تامىقىنى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ يېسە، ئۆيدە قونسا...

**توختى باقى ئارتىشى**

### تەرمە تەرجىمىلەر خاتىرىسىدىن:

## دېھقان بولغانىنىڭ خاسىيىتى

بىرىنچىدىن، ئىش ئۈستىدە زەخمىلىنىپ قېلىش ئەندىشىسى بولمايدۇ. قايسىبىر دېھقان ئىش ئۈستىدە يارىلىنىپ قېلىش سەۋەبى بىلەن نەپەقە ئاپتۇ؟ نەپەقە ئالغانىنى كىم كۆرۈپتۇ؟ دېمەك، دېھقانلارنىڭ ئىش-كۈشى ناھايىتى بىخەتەر بولىدىكەن.

ئىككىنچىدىن، ھاۋا تەڭشىگۈچتىن كېسەل تەگدۈرۈۋېلىش ئەندىشىسى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئومۇمەن دالىدا - ئاپتاپتا ئىشلەيدۇ.

ئۈچىنچى، دېھقانلاردا ئۆزلىرىگە تەرەپدار تولاپ، گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ قورساق ئۇرۇشى قىلىدىغان، بىر-بىرىنى غاجىلايدىغان ئىش بولمايدۇ؛ باشقىلار ھوقۇقۇمغا، ئورنۇمغا قەست قىلارمىكى، تارتىۋالارمىكى دەيدىغان ئەندىشە بولمايدۇ.

تۆتىنچى، ئىنتىزام تەكشۈرگۈچىلەر تەكشۈرۈپ كەپقالارمىكى دەيدىغان غەم-ئەندىشە بولمايدۇ.

بەشىنچى، دېھقانلاردا مەخسۇس «شەنبىلىك» دەيدىغان گەپ بولمايدۇ، ئۇلاردا دۈشەنبە كۈنلىرىمۇ بىكار بولۇپ قالىدىغان، زېرىكىپ ئىچى پۇشىدىغان ئەھۋال كەم بولىدۇ.

---

**توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى**

# قانداق «ئومۇمىيلىق»نى قوغدايمىزكىن؟

دوستۇم ماڭا ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ئەدلىيە چىرىكلىكىنى پاش قىلىدىغان بىر پارچە ماقالە يېزىپ گېزىتخانىغا ئەۋەتىپ بەرگەنلىكىنى، بىراق گېزىتخانا: ماقالىنىڭ خېلىلا جېنى بولۇپ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئېلان قىلىنىۋەتسە ھېچقانداق گەپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ئەمما ھازىر «سەزگۈر مەزگىل» بوپقالغاچقا، «ئومۇمىيلىقنىڭ مۇھىملىقى»نى كۆزدە تۇتۇپ، ماقالىنى يەنىلا ئېلان قىلماي تۇرغان تۇزۇك دەپ قاراپ قالدۇرۇپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، «دەرد»نى تۆكۈپلا كەتتى.

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ئاتالمىش «سەزگۈر مەزگىل» شۇ جايدا ئېچىلماقچى بولغان «ئىككى يىغىن» مەزگىلىنى كۆرسىتىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەر يىلى چاقىرىلغان «ئىككى يىغىن»ىدا ئەدلىيە چىرىكلىكى ۋەكىللەر ئەڭ دىققەت قىلىدىغان قىزىق نۇقتا بولۇپ، بەزى ۋەكىللەر ئەدلىيىدىكى چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى ھەر يىلى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما تۈپتىن ھەل بولمىغاچقا، سوت مەھكىمىسى ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن ئانچە رازى بولماي كەلدى. شۇڭا، ئىككى مەھكىمىنىڭ «خىزمەت دوكلاتى»نى ماقۇللىغاندا قارشى بېلەت تاشلانغانلىقتىن ياكى بېلەت تاشلاش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىلگەنلىكتىن، «ئىككى مەھكىمە» نىڭ دوكلاتى بەزىدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭلا ماقۇللىقىدىن ئۆتۈپ، خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىرى خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ، يەردىن ئۈستۈن قارىيالماي قالدى. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئاتالمىش «ئومۇمىيلىق» سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، «ئىككى مەھكىمە» نىڭ «خىزمەت دوكلاتى» نى ئوڭۇشلۇق ھالدا ماقۇللاشتىن ئىبارەت «ئومۇمىيلىق» نى كۆرسىتىدۇ.

دوكلات ماقۇللۇقتىن ئۆتسە، يەنە كېلىپ مۇبادا ئوڭۇشلۇق ئۆتسە، بۇلتۇرقى خىزمەتلەردىن ۋەكىللەرنىڭ رازى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مۇبادا دوكلاتنى ۋەكىللەر ماقۇللىمىسا، بىر ئاماللارنى قىلىپ يۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ ئاۋارىچىلىقى بار ئىش. خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىمەي تۇرۇپ، بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا ئانداق ئالغا باستۇقەي، مۇنداق ئىلگىرىلەپ كەتتۇقەي دېگىلى بولمايدۇ. بېشىدىكى مەنسەپ كۈلاسىنىمۇ داۋاملىق كىيەلەش - كىيەلمەسلىكىگە بىرنېمە دېمەك تەس. شۇڭا، «ئىككى مەھكىمە» نىڭ «خىزمەت دوكلاتى» نىڭ ماقۇللىنىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش دەرىجىسى مەلۇم شەخس ياكى مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئىستىقبالى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بۇ مەنىدىن ئۇلارنىڭ ئۇنى «ئومۇمىيلىق» قاتارىدا تۇتۇۋېلىشىنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. كۆپ قىسىم ۋەكىللەر قانۇن ساھەسىدىن كەلمىگەن، ئۇلارنىڭ ئەدلىيەچىرىكلىكىگە قارىتا ھاسىل بولغان تونۇشى رېئاللىقى تۇرمۇشتا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ قىسمى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن كەلگەن. «ئىككى يىغىن» دىن بۇرۇن ياكى «ئىككى يىغىن» مەزگىلىدىن ئىبارەت بۇ «سەزگۈر مەزگىل» دە ئەشۇنداق «غىدىقلايدىغان» ماقالىلارنى ئازراق ئېلان قىلسا ياكى قەتئىي ئېلان قىلمىسا، ۋەكىللەرنىڭ ئەدلىيە چىرىكلىكى ھەققىدىكى تۇيغۇسىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ پىكرىمۇ بىرلا نۇقتىغا مەركەزلىشىپ قالمايدۇ. بۇ، شەك-شۈبھىسىزكى چوڭ ئومۇمىيلىققا پايدىلىق. مانا بۇ بىر كۆڭۈلدىكىدەك ھېساب-كىتابتۇر! ھەتتا مەن

بەزى ساھەلەرنىڭ ئۆز ئارا يەڭ سودىسى قىلىشىپ، «سەزگۈر مەزگىل» دە قارشى تەرەپنىڭ «كەمچىلىكى» نى پاش قىلماسلىققا كېلىشكەنلىكىنىمۇ ئاڭلىدىم.

پېقىر «سەزگۈر مەزگىل» دە ئەدلىيىدىكى چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى ھەدېگەندەيىغىپ-يۆگەپ، ئۇلاپ خەۋەر قىلىپ دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش (مېنىڭچە، بۇنداق قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئوخشايدۇ شۇ تاپتا) نى تەشەببۇس قىلماقچى ئەمەسمەن. پېقىرنىڭمۇ ئەدلىيىدىكى چىرىكلىك ئۇچۇرلىرىنى پېچەتلەيدىغان تاقاقنى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويغۇسى ھەم يوق. ئۇلارمۇ بۇيرۇققا ئاساسەن ئىش قىلىدۇ. پېقىرنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى، ئاتالمىش «ئومۇمىيلىق» نى قوغدايمەن دەپ مۇشۇنداق «تاقاق» نى سېلىۋەرسە، دىققەتنى تارتىشقا تېگىشلىك بولغان ئەدلىيىدىكى چىرىكلىك مەسىلىلىرى نەزەردىن يىراقتا قېلىپ، يوشۇرۇپ قويۇۋېرىلسە، ۋاقتىدا ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە ھەل قىلىشقا مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، ئەڭ ئاخىرىدا زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا پۇقرا بولىدۇ.

ئويلىنىپ باقايلى، نىمە ئۈچۈن يىلدا ئېچىلىدىغان «ئىككى يىغىن» دا ئەدلىيىدىكى چىرىكلىك ۋەكىللەر ئەڭ دىققەت قىلىدىغان دىققەت مەركىزى بوپقالىدۇ؟ چۈنكى بۇ مەسىلە پۇقرالارنىڭ جانجان مەنپەئىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، يەنە كېلىپ پۇقرالار ئۇنىڭ زىيىنىغا ئەڭ ئېغىر ئۇچرىغان. بۇ، بىزنىڭ شۇنچە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپمۇ توپ خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشەلمىگەنلىكىمىزنى، خەلقنى رازى قىلىشتىن تولىمۇ يىراقتا ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە شۇنى ئويلاپ باقساق يامان بولماس: خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا ۋەكىللەر كىمگە ۋەكىللىك قىلىپ يىغىن ئاچىدۇ؟ ئەلۋەتتە، خەلققە ۋەكىللىك قىلىدۇ-دە. شۇڭا خەلق قانچىكى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، نارازىلىق سادىسى قانچىكى كۈچلۈك بولۇۋاتقان ئىشلارنى، ئالاقىدار تارماقلار نۇقتىلىق ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەرنى يىغىندا شۇنچە مۇھاكىمە قىلىش لازىم ئىدى. بەزى سەزگۈر، قول تۇتۇدىغان مەسىلىلەرنى باستۇرۇپ قويۇپ، نەدىكى بىر ئەھمىيىتى يوق ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىدىغان ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى ئاچقاندىن ئاچمىغان تۈزۈك. «سەزگۈر مەزگىل» قانداقتۇر «ئومۇمىيلىق» نى قوغداشقا ئېھتىياجلىق بولسا، ئۇنداقتا ۋەكىللەرگە ئۇچۇرلارنى تولۇق ئىگىلەتكەن ئاساستا، خەلق ئۇلارغا بەرگەن ھوقۇقنى تولۇقى بىلەن جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئۇچۇرلارنى پېچەتلەش ئۇسۇلى بىلەن بىراۋلارنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى قوغداشقا ئورۇنلىدىغان بۇنداق «ئومۇمىيلىق» ئەكسىچە يول تۇتقانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس.

ئەلۋەتتە، ۋەكىللەر ئەدلىيىدىكى چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى بىر كۈندىلا ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ تۇرۇۋالمايدۇ. بۇ كۈرەشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكى ۋە مۇشكۈللۈكىگە قارىتا ئۇلاردا يېتەرلىك تونۇش بار. شۇڭا، ئۇلار ئەدلىيىدە يا ئۇنداق، يا مۇنداق چىرىكلىكلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئەشۇ چىرىكلىكلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن ھەرخىل تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەچكە، ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدكە ئىشەنچ باغلاپ، دەردىگە يېتىپ، رازى بولغانلىق بېلىتىنى تاشلاپ كەلدى. ۋەھالەنكى، ئاتالمىش «ئومۇمىيلىق» نى دەپ مەسىلىلەرگە چاپان يېپىشتىن، زىددىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشتىن ئۇلار قانداق ئۈمىدنى كۆردىكىن؟ مۇشۇ نۇقتىدىن ۋەكىللەرنىڭ ئۇلاردىن رازى بولماسلىققا ئاساسى بار. خەلقنىڭمۇ ئۇلاردىن رازى بولماسلىققا ئاساسى بار، ئەلۋەتتە.

---

لى شيۇمېڭنىڭ بۇ ماقالىسى «جەنۇب كۆزنىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 4-سانىغا بېسىلغان. **ئۆمەرجان ھەسەن** تەرجىمىسى

## پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ سەككىز تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى

گەرچە پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، ھوقۇقىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، قىزىقىشى ۋە مىجەز-خاراكتېرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما نەپسانىيەتچىلىكى تۈپەيلى، ئۇلاردا نۇرغۇنلىغان ئورتاقلىقلار شەكىللەنگەن بولۇپ، جۇجيەندانىڭ «مۇپەتتىش كۈندىلىك گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدا جۇڭگودىكى پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ سەككىز تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلانغان:

**1. پارىخور ئەمەلدارلار نىقابلىنىشقا ماھىر كېلىدۇ.** ماقالىدا كۆرسىتىلىشىچە، نىقابلىنىش ئاساسلىقى مۇنداق تۆت تۈرلۈك بولىدىكەن: 1. «ئۆز-ئۆزىنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىش ئۇسۇلى». شەندۇڭ ئۆلكىسى تەيئەن شەھەرلىك پارتكومنىڭ سابىق سېكرېتارى خۇجيەنشۇ ئادەتتە ئەمەلدارلارنىڭ پاك-دىيانەتلىك بولۇشى توغرىسىدا توختىماي سۆزلەيدىغان بولۇپ، چوڭ-كىچىك بىرنەچچە يىغىنلاردىمۇ «پۇل» دېگەن بۇ نەرسە توغرىسىدا كۆپ قېتىم تەھلىل يۈرگۈزگەنىدى. ئەمما ئۇ ئۆزى بىر چوڭ پارىخور بولۇپ چىقتى. 2. «شان-شۆھرەتكە ئېرىشىۋېلىش ئۇسۇلى». خېنەن ئۆلكىسى لىڭباۋ شەھەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى ۋېي جيەنشى بەش مىليون يۈەندىن كۆپرەك پۇلغا خىيانەت قىلغان ۋە پارا ئالغان. ئۇ، ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش بىلەن بىرگە يەنە نام-شۆھرەتنىڭمۇ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، ئىدارە نامىدىن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، ئۆزى يازغان، ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرگەن دراما «ئادىل ئىدارە باشلىقى» نى قول ئاستىدىكىلەرنى ئويناشقا ئۇيۇشتۇرۇپ ھەمدە بىر تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ، ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ قويۇپ، تەشۋىق قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ساختا شان-شۆھرەتكە ئېرىشمەكچى بولغان. 3. «ئۆزىنى نىقابلاش ئۇسۇلى». جياڭسۇ ئۆلكىسى دەنتۇ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە ناھىيىلىك قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى بيەن جيەنجۇڭ ئادەتتە ھاراق ئىچمەيدىغان، تاماكا چەكمەيدىغان بولۇپ،

سوۋۇپ قالغان بىر نەچچە هورنان ۋە بىر ئىستاكان داغ چاي بىلەنلا غىزالىناتتى. بىرەر قۇر تۈزۈكرەك كىيىممۇ يوق ئىدى. ئەمما دەل مۇشۇ «جاپاكەش، ئاددىي-ساددا» ئىدارە باشلىقى ئىككى مىليون يۈەندىن كۆپرەك پارا ئالغان. 4. «هەرخىل شەرەپلىك ناملار بىلەن نىقابلىنىش ئۇسۇلى». يېقىنقى يىللاردىن بېرى تالاي چىرىك ئۇنسۇر «سۇ كەلگۈچە توغان سېلىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، هەرخىل چارە-ئاماللار بىلەن تۈرلۈك سىياسىي دەسمايىلەرنى، مەسىلەن، «ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، «مۇنەۋۋەر كارخانىچى»، «خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى» قاتارلىق ناملارنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، باشقىلارغا «تېگىدىن قىزىللاشقان» دېگەن تەسىرنى قالدۇرغان.

**2. پارىخور ئەمەلدارلار شەهۋانىيلىققا ئامراق كېلىدۇ.** ماقالىدا كۆرسىتىلىشىچە، قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى مال-مۈلۈك ۋە شەهۋانىيلىققا ئامراق كېلىدىكەن. شەهۋانىيلىقنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بەزى هاللاردا پۇلنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىنمۇ يامان بولۇپ، ئىرادىسى ئەسلىدىن ئاجىز بولغان پارىخور ئەمەلدارلار ساهىبجامالار ئالدىدا ئۆزىنىڭ قىلتاققا دەسسەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، كۆزىنى يۇمۇپلا ئاشۇ تۇزاققا سەكرەيدۇ.

**3. پارىخور ئەمەلدارلار ئۈچ نەرسىدىن قورقىدۇ.** بىرى، ئايالىدىن قورقىدۇ. ئايالى ئۇلار بىلەن كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك بىللە بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىچ سىرىنى بىلگەچكە، ئۇلار هەرقانچە هاماقەتلىك قىلسىمۇ ئايالىدىن هەرگىز يۈز ئۆرۈمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، ئوغرىدىن قورقىدۇ. نەنجىڭدىكى مەلۇم رايوندىكى مەلۇم بىر ئىشخانىنىڭ سابىق مۇدىرى ۋۇشۇ ئومۇمنىڭ پۇلىدىن 200 مىڭ يۈەننى سوقۇۋالغان. ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاقتۇرغاندا يەنە كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان بىر مىليون 600 مىڭ يۈەن پۇل چىققان. ئۇ، بۇ پۇللارنى سوقۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ هەم ئوغرىنىڭ ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كۈن بويى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىغان. ئۇ، ئوغرىنىڭ پۇللارنى ئوغرىلاپ كېتىشىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، ئون مىڭ يۈەننى ئۆيىنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە قويۇپ قويۇپ، ئوغرى كىرىپ قالسىمۇ، مۇشۇ پۇللارنى ئېلىپ خۇشال بوپكېتىپ، هېلىقى نۇرغۇن پۇللىرىمنى بىلەلمەي قالار، دەپ ئويلىغان. ئۈچىنچىدىن، ئاشنىسىدىن قورقىدۇ. پارىخور ئەمەلدارلار بىلەن ئاشنىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا، بىرخىل سودا مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۆز ئارا بېرىش-كېلىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ئاشنىسىمۇ ئۇلارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋالىدۇ. يەنە بەزى پارىخور ئەمەلدارلار ئاشنىسىنىڭ كۈندىلىك خاتىرە يېزىشىدىن تېخىمۇ قورقىدۇ. چۈنكى كۈندىلىك خاتىرىگە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باشقىلارغا ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان تۈرلۈك «هەمكارلىق» لار ۋە «سودا» لار خاتىرىلەنگەن بولغاچقا، ناۋادا ئاشكارىلىنىپ قالسا، جىنايەت پاكىتى بوپقالىدىغان بولۇپ، پۈتۈنلەي ۋەيران بوپكېتىدۇ.

**4. پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ.** پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ ئۆمرىنىڭ قىسقا بولۇشىدا ئادەتتە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك سەۋەب بار. بىرى، قانۇن تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىنىدۇ. مەسىلەن، خۇ چاڭچىڭ (جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى. — ئۇيغۇرچە نەشر مۇهەررىرىدىن ئىزاه) غا ئوخشاش. ئىككىنچىدىن، جىنايى قىلمىشى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئەمەلدارلىقتىن جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قېلىشتەك بۇ قىسمەتكە بەرداشلىق بېرەلمەي، دەرد ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىپ جېنىدىن جۇدا بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، پارىخور ئەمەلدارلار غايەت زور ئەلەمگە چىدىيالماي ياكى باشقىلارنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. مەسىلەن، ۋاڭ باۋسېن (بېيجىڭ شەهىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى. — ئۇيغۇرچە نەشر مۇهەررىرىدىن ئىزاه) غا ئوخشاش.

**5. پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى خۇراپاتلىققا ئىشىنىدۇ.** پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ خۇراپاتلىققا ئىشىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئۆز «كۆڭلىدىكى ئىش» نى باشقىلارغا دېيەلمىگەنلىكىدە ياكى دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقىدا. ئۇلارنىڭ دېلوسى تېخى ئاشكارىلانمىغان ۋاقىتتا، بىرەرسى مېنى بىلىپ قالغانمىدۇ، دەپ ئويلاپ دەككە-دۈككىدە يۈرۈپ، باشقىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، گۇمانسىراپ يۈرىدۇ. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش شامىلى كۆتۈرۈلۈپ، ۋەزىيەت كەسكىنلەشكەن ۋاقىتلاردا بولسا، بىرەرسى مېنى ئاشكارىلاپ قويارمىكىن ياكى قۇيرۇقۇمنى تۇتقۇزۇپ قويارمەنمىكىن، دەپ قورقۇنچ ئىچىدە يۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ دېلوسى ئاشكارىلىناي دېگەندە، تەلىيىم كېلىپ مېنى جوقۇم تەكشۈرمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئاشكارىلانغاندىن كېيىن بولسا، قاتتىق غەم قىلىپ، ئۆزىنىڭ قانداق كۈنگە قالىدىغانلىقىدىن ئەنسىرىسە، يەنە بىر تەرەپتىن خوتۇن، بالا-چاقىلىرىنىڭ ئۆزىگە چېتىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئومۇمەن يۇقىرىقى ئەهۋاللاردا ئۇلار باشقىلاردىن ياردەم سوراشقا جۈرئەت قىلالماي، پەقەت ئەشۇ «ئەۋلىيا» لارنىڭ يېنىغا بېرىپ پال ئاچقۇزىدۇ. مەسىلەن، شېنجېن شەهەرلىك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى جيۇچىخېي بىر تەرەپتىن قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەۋلىيا-ئەنبىيالاردىن ئامان-ئېسەنلىك تىلەپ، بۇتخانا كۆرسىلا كۆجە كۆيدۇرۇدىغان، راهىب كۆرسىلا باش ئۇرۇدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن.

**6. پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ناهايىتى نامرات.** پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مۇنداق بىر نۇقتىنى بايقىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس: كۆپ ساندىكى پارىخور ئەمەلدارلار نامرات ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كالا بېقىش، ئوتۇن كېسىش، گەندە توشۇش قاتارلىق جاپالىق ئىشلارنى قىلغان، تاتلىق ياڭيۇ، قوناق هورنىنى، كۆكتات يوپۇرمىقى يېگەن. ئەمەلدار بولغان دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئاۋامنىڭ هال-ئەهۋالىنى ئىگىلەپ، هالىغا يېتىپ، راهەت-پاراغەتكە بېرىلمەي، خىزمەتنى ناهايىتى بېرىلىپ ئىشلىگەن. ئەمما «ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەممۇ ئۆزگىرىدۇ» دېگەندەك، مەنسەپ تۇتقان ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، كۆزى ئېچىلىپ، قىزىقىدىغانلىرى كۆپىيىپ، تەدرىجىي هالدا، ئۆزىنىڭ ئىلگىرى تولىمۇ ئەخمەقلىق قىلغانلىقىنى

ھېس قىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەيپ-ساپا، ئەيش-ئىشرەت قىلىپ، ئويناپ، قىلمىغان-ئەتمىگەنلىرى قالمايدۇ. خاربىن شەھىرىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى جۇشىڭۋېننىڭ كېلىپ چىقىشى ناھايىتى نامرات بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدا ھەتتا ھورنانمۇ يېيەلمىگەن. ئەمما مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولغاندىن كېيىن، بىر قېتىم دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغان ۋاقتىدىلا، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ 100 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك «ھال سوراش پۇلى»نى قوبۇل قىلغان.

7. پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى پىخسىق كېلىدۇ. ھازىر نورغۇنلىغان پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ پىخسىقلىقىنى ئىلگىرىكى پومېشچىك - كاپىتالىستلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنى بېسىپ چۈشىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئۇلاردىن قېلىشمايدۇ. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى شەنتۈي شەھىرىنىڭ سابىق باشلىقى ماخۇڭمىي (ئايال) ئۆيىگە ئالىدىغان مېۋە، توخۇم، ماي، گۈرۈچ قاتارلىقلارغىمۇ تالون كەستۈرۈۋېلىپ، ئاتچوت قىلغۇزغان بولۇپ، يەنە تېخى تەپتارتماستىن: «مەن خەلقنىڭ چاكىرى، ھۆكۈمەتنىڭ ئادىمى، شۇڭا يەيدىغان، ئىشلىتىدىغان نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ بولۇشى كېرەك» دېگەن.

8. پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆزىگە خاس قىزىقىشى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، پارىخور ئەمەلدارلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئەمما پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ بۇخىل قىزىقىشى ئۇلار ئۈچۈن نورغۇن پايدا ئەكېلىدىغان بولۇپ، ئۇنى «تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ» دېسەك تازىمۇ ماس كېلىدۇ. خېنەن ئۆلكىسى شىنشياڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ سابىق سېكرېتارى جۇيۇۋېن بېلىق تۇتۇشقا تولىمۇ ھېرىسمەن بولۇپ، يېقىن دوستى فاڭ يۇمىڭ مەخسۇس ئۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە يۈز كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر بېلىق كۆلچىكى ياسىتىپ بەرگەن. كېيىن تالاي ھوقۇق-پۇل سودىسى مۇشۇ يەردە ئېلىپ بېرىلغان. خېبېي ئۆلكىسى ياڭيۈەن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ سابىق سېكرېتارى جاڭ شىنجىڭ ماجياڭ ئويناشقا ئامراق بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى: «ماجياڭ سېكرېتار» دەپمۇ ئاتاشقان. ئۇنىڭ بىر توپ شايكىلىرى ھەمىشە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ماجياڭ ئويناپ، قەستەن پۇللىرىنى ئۇتتۇرۇپ بەرگەن. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ماجياڭ ئوينايدىغان بۇ «دوستلار»نىڭ ھەممىسى پارتكومدا مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلۇپ، ئۇنىڭ «ماجياڭ پارتكومى» بوپقېلىپ، ھەممىسى بىرلىشىپ ناھىيىنى بېشىغا كىيىشىپ، خەلقنى زار-زار قاقشاتقان.

---

«جۇڭگو تەرمە گېزىتى» 2001-يىل 27-دېكابىر سانىدىن

توختىھاجى يۈنۇس تەرجىمىسى

# «كاتاڭغا چۈشۈۋالغان چېرىكلىك»

1999-يىل دېكابىرنىڭ ئاخىرقى بىر جۈمە كۈنى سىدنېيدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ گۇاڭجۇ ئارقىلىق بېيجىڭغا ماڭدىم. ئالدىمدىكى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىدىكى خالتىدا ئاۋستىرالىيىدە چىقىدىغان خەنزۇچە گېزىتلەر بار ئىكەن. قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ شىيامېن يۈەنخۇا شىركىتىنىڭ بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى ئەتكەسچىلىك سوممىسىنىڭ 53 مىليارد يۈەنگە، ئوغرىلانغان باج 30 مىليارد يۈەنگە يەتكەنلىكىنى، بۇنىڭ شىيامېن تاموژنىسى، فۇجيەن ئۆلكىسى، ھەتتا بېيجىڭدىكى بەزى تارماقلار بىلەن چېتىشلىقى بارلىقى توغرىسىدىكى بىر خەۋەرگە كۆزۈم چۈشتى. ئەتكەسچىلىك توغرىسىدىكى بۇ خەۋەر دۆلىتىمىز گېزىتلىرىگە چىققان بولۇپ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىۋېتىپتۇ. ئاۋستىرالىيە گېزىتىدىكى بۇ خەۋەر بەك يۈزەكى بولسىمۇ، ئەمما ئىككى تەپسىلات ناھايىتى ئەينەن يېزىلغاندەك قىلىدۇ: بۇنىڭ بىرى، يۈەنخۇا ئەتكەسچىلىك دېلوسىنىڭ چۇۋۇلۇپ چىقىشىدىكى سەۋەب، شىركەتنىڭ بىر مۇئاۋىن لىدېرى ئاۋمېنغا بېرىپ قىمار ئويناپ ئىككى مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ شىركەتكە ئاتچوت قىلدۇرغان. كېيىن يەنە دەتتىكامغا ئېتىپ ئون نەچچە مىليون يۈەننى ئۇتتۇرۇۋېتىپ شىركەتكە ئاتچوت قىلدۇرماقچى بولغاندا، لىدېر چەكتىن ئېشىپ كەتتى دەپ رەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن مۇئاۋىن لىدېر ئاچچىقىدا پايلىماي دەرھال ماتېرىيال توپلاپ مەركەزگە يوللىغان. يەنە بىرى، يۈەنخۇا شىركىتىنىڭ شىيامېندا «قىزىل راۋاق» دەپ ئاتىلىدىغان ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانىسى بار بولۇپ، مېھمانخانىنىڭ تۆرلۈك كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى ۋە ساھىبجامالىلىرى تەل ئىكەن. ئۇلار ھەر دەرىجىلىك مۇھىم ئەربابلارنى مۇشۇ مېھمانخانىدا مەخسۇس كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ پاقىسىنى قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەتكەسچىلىككە «يېشىل چىراغ» يېقىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىكەن. ئەگەر ئۇلار پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇۋېلىپ بىر قازاندا تەڭ قايناشنى خالىمىسا، ئالدىن قۇرۇپ قويغان قاپقاننى ئىشقا سالىدىكەن: يەنى مۇھىم ئەربابلارنىڭ «قىزىل راۋاق»تىكى شەھۋانىي كۆرۈنۈشلىرى ئېلىنغان سىنئالغۇ لىنتىسىنى قويۇپ بېرىدىكەن، مانا مۇشۇنداق قاتتىق-يۇمشاق ۋاستىلەرنىڭ بېسىمى بىلەن ئۇلارنىڭ دېگىنىگە كۆنۈشكە مەجبۇر بولىدىكەن.

شىيامېندىكى ئەتكەسچىلەرنىڭ كاتتىۋېشىمۇ جەنجياڭدىكى ئەتكەسچىلىك، چىرىكلىك دېلوسىغا ئوخشاش «شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى» ئارقىلىق ئۆزىگە قاتمۇ قات مۇھاپىزەت كۈنلۈكى ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان. ج خ تارماقلىرى تۇتماقچى بولغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى فۇجيەننىڭ ج خ سىستېمىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار تېلېفون بېرىپ خەۋەر يەتكۈزۈپ قويغان. ئەگەر «قورغانغا ئۆز ئىچىدىن چاك كەتمىگەن بولسا»، يۈەنخۇا دېلوسى تېخى ئالدىراپ ئاشكارىلانماسكەن. جەنجياڭدىكى ئەتكەسچىلەرگە ئوخشىمايدىغان يېرى، يۈەنخۇا شىركىتىنىڭ داغدۇغىسى بەكمۇ ھەيۋەتلىك بولۇپ، بىردە A دەرىجىلىك پۇتبول كوماندىسى تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ، بىردە ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىشلىرىغا خەيرىخاھلىق قىلغان بولۇۋېلىپ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ شۆھرەت تاپقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ قىلتاق قۇرۇش تېخنىكىسىمۇ ئاجايىپ كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ئاۋۋال ئىلتىپات كۆرسىتىدىكەن،

ئىش چىرايلىقچە ئاقمىسا، تەھدىت سېلىپ تار يەردە قىستايدىكەن، دېگىنىگە كۆنمەي ئامال يوقكەن.

ئايروپىلاندا كېتىۋېتىپ بىر كارخانىچى دوستۇمنىڭ بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى گۇاڭدۇڭدىكى مەلۇم جايغا تەكشۈرۈشكە بېرىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چەكسىز ھەسرەت بىلەن سۆزلەپ بەرگەن گېپى ئىختىيارسىز ئېسىمگە كەلدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش خىزمىتىنى شۇنچە چىڭ تۇتۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭمۇ نەيرەڭگى تولا ئىكەن. سەن ئەتكەسچىلىككە زەربە بەرمەكچى بولىدىكەنسەن، ئۇلار ئەسلىدە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە «ئەتكەسچى» دېگەن قالپاقنى قوشۇپ كىيدۈرۈدىكەن، مۇشۇ ئارقىلىق مانچىلىك ئەتكەسچىنى باستۇرغان بولۇۋېلىپ، بۇنى تۆھپە قاتارىدا پەش قىلىدىكەن، يامىنى كەلسە «باشلىقلارنى ئالماشتۇرۇۋېتىدىكەن». يۇقىرىدىن كەلگەنلەر تەكشۈرسە، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ ھەممىسى يېڭى كەلگەن باشلىقلار بولۇپ، «ئەسلى ئەھۋالنى پىششىق بىلمەيدىكەن». شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش كەينىگە سۆرۈلۈپ «ئات ئايلىنخانغا، يول سارىخانغا» بولىدىكەن. شۇ يەردىكى بەزى ئەتكەسچىلەر تېخى تەپتارتماستىن: «ئەتكەسچىلىك قىلىپ تاپقان پۇلۇمنىڭ ئىككى - ئۈچ ئۈلۈشىنى ئۆزۈم ئېلىپ، قالغىنىنى چوڭ-كىچىك ھوقۇقدارلارغا چوتو ئايرىپ بېرىمەن، مېنى تۇتسا ئۇلار ساق قالامتى؟ ئۇلارنىڭ جېنى مېنىڭكىدىن تاتلىق ئەمەسمۇ» دەيدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېلىپ بارغان ئەتكەسچىلىككە، چىرىكلىككە زەربە بېرىش كۈرىشىنىڭ تۈرتكىسىدە چوڭ دېلولار بىر-بىرلەپ پاش قىلىنىشقا باشلىدى. ئەمما بۇ يەردە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئەتكەسچى، چىرىكلەرنىڭمۇ يېڭىدىن يېڭى ھۈنىرى چىقىۋاتىدۇ. ھەرقېتىم يېڭى چىرىكلىك دېلولىرىنى كۆرگىنىمدە، ئوغامنى قايىنىتىدىغىنى ئەتكەسچىلىك، چىرىكلىك سوممىسىنىڭ زورلۇقى، چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بولماستىن، ئەشۇ ئەتكەسچىلىك، چىرىكلىكنىڭ تۈپرىقىدا باشقىچە بىر قائىدە، باشقىچە بىر مەدەنىيەت، باشقىچە بىر ھەرىكەت ئۇسۇلى بۇ جەمئىيەتتىن مۇستەسنا ھالدا توسالغۇسىز ئەۋج ئېلىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ. ئۇلار باشقىچە بىر مۇھىتتا، باشقىچە بىر ھاۋادىن نەپەسلىنىۋاتىسمۇ، بىز ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە بىز بىلەن ھەمنەپەس بولۇۋېلىپ، قېنىمىزنى ئىچىپ، يىلىكىمىزنى شوراش بەدىلىگە ئۆزىنى سەمرىتىۋاتىدۇ.

بىر قېتىم تاكسىدا كېتىۋاتسام، ئالدىمىزدىكى يولنى رېمونت قىلىۋېتىپتىكەن، ماشىنا توسۇلۇپ قېلىپ شۇنداق ئۇزۇن ساقلاپ كەتتۇق، ئاخىرى تەخىر قىلالماي شوپۇرغا: «يوللا ياسايدىكەن، يوللا ياسايدىكەن، نېمىشقا بىراقلا ياخشى ياسىۋەتمەيدىغاندۇ؟» دەپ ۋايىسام، شوپۇر مەسئۇلىيەتنى يەنە شۇ «چىرىكلىك» كە دۆڭگەپ: «يولنى كۆپ ياسىسا كۆپرەك بېيىمامدۇ، بىراقلا ياخشى ياسىۋەتسە قانداق بولىدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭ بۇ كۆز قارىشىغا قوشۇلمىساممۇ، ئەمما بىر گېپى رېئاللىققا ئىنتايىن ئۇيغۇن بولۇپ شۇ ھامان ئېسىمدە تۇتۇۋالدىم: «چىرىكلىكنى تۈگىتىش نېمىشقا شۇنچە تەس، چۈنكى چىرىكلىك ئاللىبۇرۇن كاتاڭغا چۈشۈۋالدى». راست، كاتاڭغا چۈشۈۋالغان نەرسىنى تارتىپ چىقىرىش ئوڭاي ئەمەس. ئۇنىڭ يۈرۈشلەشكەن ئالاھىدە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغا ئوخشاش مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىلىرى، يۇقىرى-تۆۋەن، چوڭ-كىچىك مۇناسىۋەت تورى، ئۆزىگە خاس باشقۇرۇش مېخانىزمى بار. مانا مۇشۇلاردىن تەركىب تاپقان «چىرىكلىك زاۋۇتلىرى» دەل بىز كۆزىمىزدىن ساقىت قىلماقچى بولغان تەكرار قۇرۇلۇش بولسا كېرەك.

---

چىن شۇ ئاپتورلىقىدىكى بۇ مۇلاھىزە «قانۇنچىلىق تەرمىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل 6-سانىغا بېسىلغان، **ئەكبەر ھوشۇر** تەرجىمىسى

## ئېچىنىشلىق قىسمەت

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن يېزا مەسىلىسىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بەزى ۋىجدانلىق يېزا كادىرلىرى، ياشلار، تەشۋىقات ۋاستىلىرى بەس-بەس بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، دېھقانلار ئۈچۈن گەپ قىلدى. ئەمما بەزى گەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق بولدى.

ئىشنىڭ يۈز بېرىش ۋاقىت تەرتىپىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەممىدىن بۇرۇن شەنشى ئۆلكىسى لەنشيەن ناھىيىسىدىكى ياش دېھقان لى لۇسوڭ ئۆز يېزىسىدىكى دېھقانلار مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن يىغقان مەبلەغنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىگەنلىكتىن، ئادالەت يولىدا ھەق سۆز قىلىپ يۇقىرىغا ئىنكاس قىلدى، نەتىجىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار بويىچە قامىشى ۋە قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىشىغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ «ئاتىكاچىلىق قىلىپ قويغانلىقى» دىن بولسا كېرەك، تىلىنىڭ يېرىمى كېسىلىپ نەگە تاشلىۋېتىلگەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمىدى. ئارقىدىن ئەنخۇي ئۆلكىسى ۋۇياڭ ناھىيىسى خۇاگۇ بازىرى ساۋجۇاڭ كەنتىدىكى دېھقان ئىختىيارىي مۇخبىر سۇن زىچاۋ «خۇاگۇ بازىرىدىكى دېھقانلار رادىئو ئاۋازىغا تەلمۈرمەكتە» دېگەن ماقالىنى يازغانلىقتىن، بازارلىق پارتكومنىڭ سېكرېتارى چېن شياۋمىڭ ئۇنى كۆزگە قادالغان مىخ، دەپ قاراپ ئۇرۇپ «نەق مەيداندىلا قارىغۇ قىلىپ قويدى». ئۈچىنچىسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسىغا خەت يېزىپ «ھازىر دېھقانلارنىڭ كۈنى ھەقىقەتەن تەس، يېزىلار ھەقىقەتەن نامرات، يېزا ئىگىلىكى ھەقىقەتەن خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەن خۇبېي ئۆلكىسى جيەنلى ناھىيىسى چىپەن يېزىلىق پارتكومنىڭ سېكرېتارى لى چاڭپىڭ. ئەسلىدە ئۇنىڭ خېتى ناھايىتى تېزلا زۇڭلىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىغان، يەنە كېلىپ شۇ جاي «تېزلىكتە ئىنكاس بىلدۈرگەن»

— يېزىلاردا «بوران-چاپقۇندەك بىر مەيدان ئىسلاھات» ئېلىپ بارغان. كىشىلەر تېخى ئۇ دېھقانلار ئۈچۈن راست گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئېتىبارغا ئېرىشىدۇ ۋە مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇلىدۇ، دەپ ئويلىغان، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن كىشىلەر ياخشى ئەمەلدار دېيىشىۋاتقان بۇ كىشى «ياخشى ئادەم ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ» دېگەندەك كۈنگە قالغان — جەنۇبىي جۇڭگوغا بېرىپ مەدىكارچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولغان. يېقىنقى بىر ئىش شۇكى، ج ك پ جياڭشى ئۆلكىلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «يېزا تەرەققىياتى ھەققىدە مۇھاكىمىلەر» دېھقانلارنىڭ پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئەتراپلىق چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن، «دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمەت قوللانمىسى»نى تەستىقتىن ئۆتكۈزۈپ نەشر قىلدى. ئويلىمىغان يەردىن «پارتىيىنىڭ تىلى» نىڭ دېھقانلار ئۈچۈن گەپ قىلىشىمۇ گۇناھ بولدى: پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان، دېھقانلارنىڭ قالتىس ئالقىشىغا ئېرىشكەن بۇ كىتاب مەنئىي قىلىنىپ يىغىۋېلىندى. بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقىشقا رەھبەرلىك قىلغان «يېزا تەرەققىياتى ھەققىدە مۇھاكىمىلەر» رېداكسىيىسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى خىزمىتىدىن قالدۇرۇلدى. بۇ كىتابنى ساتقان شاڭراۋ ناھىيىسىدىكى دېھقان گەن راڭچۈننىڭ ئۆيى ساقچىخانا تەرىپىدىن ئاختۇرۇلدى. شاڭراۋلىق دېھقان ساۋجېڭجى يېقىن ئەتراپتىكى يۇرتداشلارغا 36 پارچە كىتاب ساتقانلىقتىن، ساقچىخانىدىكىلەر ئۇنى تۇتۇپ ئاپىرىپ 15 كۈن سولاپ قويدى. . . خەۋەر قىلىنىشىچە، بۇ كىتابنىڭ «تەسىرىنى تۈگىتىش» ئۈچۈن جياڭشى ئۆلكىسى تەۋەسىدە ئومۇمىيۈزلۈك بۇ كىتابنى يىغىۋېلىش «ھەرىكىتى» قانات يايدۇرۇلغان، «ھەرىكەت»كە ناھىيە، يېزا، كەنت كادىرلىرى قاتناشقان، يەنە ج خ خادىملىرى «زور كۈچ بىلەن ماسلاشقان». «قاتتىق بولۇش، تېز بولۇش» قا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ «ھەرىكەت»تە، تارقىتىلغان 12 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق «دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمەت قوللانمىسى» نىڭ 11 مىڭ پارچىدىن كۆپرەكى ناھايىتى تېزلا يىغىۋېلىنغان.

بۇ بىر نەچچە ئىشنى ئايرىپ قارىغاندا، ئايرىم ئەھۋاللار، دەپ قاراپ بەك ئەجەبلىنىپ كەتمىسەكمۇ بولار. ئەمما ئۇلارنى بىر-بىرىگە باغلاپ قارىغاندا، چۈشىنىپ بولمايدۇ: نېمىشقا دېھقانلار ئۈچۈن بىر نەچچە ئېغىز راست گەپ قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئورنىدا بىر نەچچە كىچىك مەسىلىنى ئىنكاس قىلغانلا كىشى ئۆز بېشىغا بالا تېپىۋالىدۇ؟ نېمىشقا پارتىيە تەشكىلىنىڭ مەسئۇلى ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولۇپ، يۇقىرىغا دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلسىمۇ يامان ئاتلىق بوپقالىدۇ؟ نېمىشقا «پارتىيىنىڭ تىلى» پارتىيىنىڭ دېھقانلار سىياسىتىنى ئىجابىي تەشۋىق قىلسىمۇ يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ؟ ئۇنداق بولسا ھازىر بىرەرسى ئەينى چاغدىكى شىمالىي شەنشىنىڭ خېجيەن ناھىيىسىدە ئېرىنى چېقىن سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ قالغانلىقتىن، ئېغىر غەللە-پاراق سېلىقىنى تاپشۇرالمىغان دېھقان ئايالدەك قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە «تۆرىلەر مۇتتەھەملىك قىلىۋاتىدۇ» دەپ بولۇشىچە تىللىغان بولسا، قانداق ئاقىۋەتكە قالار ئىدى؟ شۇنى بىلىش كېرەككى، شۇ چاغدا ماۋزېدۇڭ بۇ «ھەددىدىن ئاشقان بويۇنتاۋ پۇقرا» غا توغرا مۇئامىلە قىلغان، جەمئىيەت تەكشۈرۈش بۆلۈمىگە ئۇنىڭغا جازا ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپلا قالماستىن، تېخى ئۇنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ سەممىيلىك بىلەن «سىڭلىم» دەپ ئاتىغان، چىلان بىلەن مېھمان قىلغان ھەمدە پۇقرالارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى تەكشۈرمىگەن، ھەل قىلمىغانلارنى تىللاش كېرەك، دەپ جاكارلىغان. ئۇ يەنە بۇ ئايال ئىنكاس قىلغان دېھقانلارنىڭ غەللە - پاراق سېلىقىنىڭ زىيادە ئېغىر بولۇشىدەك ئەھۋالغا ئاساسەن، ئالاقىدار ئورۇنلاردىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، غەللە-پاراق يىغىش ۋەزىپىسىنى كېمەيتىش ياكى كۆتۈرۈۋېتىشنى دەرھال تەلەپ قىلغان.

دېھقانلار جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ «ئاجىزلار توپى». يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا نۇرغۇن يېڭى ئەھۋاللار ۋە يېڭى مەسىلىلەر كۆرۈلگەنلىكتىن، ئۇلار ماددىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ۋە بېسىمغا دۇچ كېلىپلا قالماستىن، يەنە روھىي جەھەتتىكى گاڭگىراش ۋە بېسىمغا بەرداشلىق بېرىۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ دېمەكچى بولۇۋاتقان نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرى بار. بىراق خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دېھقانلارغا گەپ قىلىش پۇرسىتى بولمايۋاتىدۇ، خەلقنىڭ ھالى بىلەن ئارزۇسىنى ئۆز يولى بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايۋاتىدۇ. ھەتتا بەزى دېھقانلار بۇرۇنلا رۇسلانغان قەددىنى يەنە «ئاتا يوللۇق ئەمەلدار» لارنىڭ ئالدىدا پۈكۈشكە، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ «ئەرز سۇنۇش» قا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. بەزى دېھقانلار «قەدىمكىنى بۈگۈنكىگە خىزمەت قىلدۇرۇپ»، «تەختىراۋاننى توساپ دۇمباق چېلىش» ئۇسۇلى بىلەن تاشيولدا رەھبەرلەرنىڭ پىكاپلىرىنى توسۇپ «دۇمباق چېلىش» ئۇسۇلى بىلەن «داد-پەرياد سېلىش» قا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. . . مۇشۇنداق مەزلۇم دېھقانلار بىر كىمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن گەپ قىلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدۇ-ھە! ئەگەر دېھقانلار ئۈچۈن سۆزلەيدىغان كىشىلەر ياخشى ئاقىۋەتكە قالمىسا، دېھقانلار بۇنىڭغا قانداقمۇ ئېچىنمىسۇن؟

مەن سىپپى ئۆزىدىن دېھقان ئوغلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن «پۇتۇم كىرىپ كەتكەن تۆشۈككە قايتا پۇت سېپىپ — بۇرنۇمغا يېمەي» بىچارە ۋە ئىسسىق چىراي دېھقانلار ئۈچۈن بىر ئېغىز سۆزلەپ قوياي: دېھقانلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان، دېھقانلارنى سۆزلىگىلى قويغانغا ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمەيدۇ!

---

يالڭ شۆۋۇ ئاپتورلۇقىدىكى بۇ مۇلاھىزە ئەسلى «جەنۇب كۆزنىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 4-سانىغا بېسىلغان.

## پاھىشىۋاز ساقچى كېنىشكىسىنى چىقاردى...

تېلېۋىزور ھەقىقەتەن ياخشى نەرسە، ئۇنىڭدا ئاۋازمۇ، رەڭمۇ، سۈرەتمۇ بار، سەۋەبمۇ، نەتىجىمۇ، جەريانمۇ كۆرسىتىلىدۇ؛ ھەممە ئىشنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ مۇنداق بىر قالتىس كۆرۈنۈشنى كۆرۈۋېلىشىمىزدا تېلېۋىزوردىن مىننەتدار بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

يېقىندا بىر كەچلىكى مەلۇم ئۆلكىدىكى ج خ نازارىتى بىرلا بۇيرۇق بېرىپتىكەن ، ئۆلكە بويىچە نەچچە ئون مىڭ ج خ ئوفىتسېرى ۋە ساقچىسى بىر تۇتاش ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئىپپەت-نومۇسنى سېتىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش، قىمار ئويناش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش قاتارلىق رەزىل جىنايەتلەرگە مەركەزلىك زەربە بېرىپتۇ. ساقچىلار ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ، مۇشۇ ئۆلكىگە قاراشلىق مەلۇم شەھەردىكى بىر «كۆڭۈل ئېچىش» سورۇنىنىڭ مەخپىي ئۆيىنى ئۇشتۇمتۇتلا ئاچقاندا، قىپيالىڭاچ بىر «خېنىم» غۇۋا چىراغ نۇرىدا ئانىدىن تۇغما ھالەتتە تېلېكامېراغا چۈشۈپ قالدى. «خېنىم» نىڭ يېنىدا كىيىم-كېچەكلىرى رەتسىز بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى تەمكىن بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئەر كىشى تۇراتتى. تۇيۇقسىزلا يېتىپ كەلگەن ئوفىتسېر - ساقچىلارنىڭ ئالدىدا بۇ كىشى ئاڭسىز رەۋىشتە «ساقچى كېنىشكىسى» نى چىقىرىپ ئۇزاتتى. تېخى «باياناتمۇ» ئېلان قىلىپ ۋە «چۈشەندۈرۈپ» : «مەن ساقچى. . . » دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. ئەپسۇسكى، نەق مەيداندا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ساقچىلار بۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلمىدى. تەبىئىيكى، ئۇلار ئۆز قوشۇنىدا مۇشۇنداق مۇناپىقنىڭ بولغىنىدىن نومۇس قىلدى ۋە خىجىل بولدى بولغاي، شۇڭا «ساقچى كېنىشكىسى» ئېلىۋالغان بۇ «پاھىشىۋاز» نىڭ سۆزىنى چورتلا ئۈزۈپ: «كۆتۈر ئۇنداق نېمەڭنى! » دەپ ۋارقىرىدى.

پاھىشىۋازلىق قىلىپ نەق مەيداندا قولغا چۈشكەن بۇ ساقچىنىڭ كىملىكى، نەدە ئىشلەيدىغانلىقى، قانداق بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى ئالاقىدار تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى كېيىنچە خەۋەر قىلمىغاچقا، مەنمۇ ئاساسسىز قىياس قىلالمايمەن. ئەمما ئۇ پاھىشىۋازلىق قىلىۋاتقان نەق مەيداندا ئوينىشى بىلەن بىللە تۇتۇلۇپ قالغاندا ، نېمىشقا ساقچى كېنىشكىسىنى ھەقلىق يوسۇندا چىقىرالىدى؟ ئەيۇ قىلىڭلار، مېنىڭ كۆرگەن - بىلگىنىم ئاز، بىلىم -قابىلىيىتىم تېخى چولتا بولسىمۇ، بۇ «پەۋقۇلئاددە پاھىشىۋاز» نىڭ كېنىشكىسىنى چىقارغان چاغدىكى روھىي ھالىتىنى تۆۋەندىكىدەك پەرەز قىلدىم:

- مەن دېگەن ساقچى، مېنى تۇتۇشقا پېتىنالامسەن؟ شۇنداق، ئاكاڭ قارىغاي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى، ئاكاڭ قارىغاي قانۇن، ئاكاڭ قارىغاينىڭ ئۆزى ئادەم تۇتىدىغان ئادەم! نېمە، مېنىمۇ ئادەتتىكى پۇقرالارغا مۇئامىلە قىلغاندەك ھەدېسىلا تۇتۇپ ئاپىرىپ سوراققا تارتىپ، سولاپ قويۇپ ئاندىن بىرنېمە دېمەكچىمۇ؟ سەن سېرىق تۈكلەرنىڭ ساقچىلىق ئۇنۋانىڭلار مېنىڭكىدەك يۇقىرىما، خىزمەت ستاژىڭلار مېنىڭكىدەك ئۇزۇنما؟ ھەقىقەتەن ئۆزۈڭلارنى بىلەلمەي قاپسىلەر، قاپلان يۈرىكى يەۋالدىڭلارمۇ ياكى قولۇڭلارغا ئاتوم بومبىسى ئېلىۋالدىڭلارمۇ؟ ئۇنتۇپ قالماڭلار، غوجائاكاڭلار-نىڭ يېنىدىمۇ ناگان بار، تولا چىشىمغا تېگىپ ئوق چىقىپ كەتسە، مەندىن ئاغرىنىپ يۈرمەڭلار!

- مەن دېگەن ساقچى، دېلو بېجىرىۋاتىمەن (بۇ ئەڭ ياخشى سەۋەب ۋە باھانە) . بىز ساقچىلار مۇخبىرلارغا زىيارەت قىلىش ئادەت بولغاندەك بىزگىمۇ ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق چاغدا دېلو بېجىرىش كەسپىي ئادەت! (دېلو بېجىرسەڭ ئەجەب بۇ يەرگە كەپسەنغۇ؟ ) بۇ يەردە بۇزۇق ئادەملەر بار-دە. بىرەيلەن ئۇلارنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى قىلىۋاتقانلىقى (ياكى قىمار ئويناۋاتقانلىقى، زاڭ مال بۆلۈشۈۋاتقانلىقى، بىر قېتىملىق پارتلىتىش دېلوسىنى مەخپىي پىلانلاۋاتقانلىقى، ھەتتا پالانچى، پوكۇنچىلەرنى ئاغدۇرۇش مەقسىتىدە بولۇۋاتقانلىقى) نى پاش قىلدى (بۇ يەردە گاندون، تازىلىق قەغىزى تۇرۇدىغۇ؟ ) . قېنى، مەن ئەجەب كۆرمىدىمغۇ؟ ھە، مايەردىكەن، مەنمۇ تېخى ھېلىلا كىرگەن تۇرسام. كىيىمىڭلار نېمىشقا رەتسىز، دېدىڭلارمۇ؟ ھاۋائىسسىق تۇرسا، يەنە كېلىپ بۇ يەر بەك دىمىق ئىكەن. سىلەر كەلگەندىكىن ئەلۋەتتە كىيىملىرىمنى كىيىۋالىمەن-دە، بۇمۇ بىر ئەقەللىي ئەدەپ-قائىدە تۇرسا.

- مەن دېگەن ساقچى، گەپ بولسا چىرايلىق سۆزلىشەيلى، بۇرادەرلەر. بۇ ھەقىقەتەن «باشقا كۈن چۈشسە، بىر ئۆيلۈك كىشىلەرمۇ بىر-بىرىنى تونۇمايدۇ» دېگەندەك ئىش بولدى. مەنمۇ ساقچى! ساقچى ساقچىنىڭ قاياشى، ساقچى ساقچىنى تۇتسا قانداق بولىدۇ! ھەممىمىز مۇشۇ ئىشنى قىلىمىز. ئېيتىڭلارچۇ، بىز ساقچىلارنىڭ ئىشى ئاسانمۇ؟ ئاسان ئەمەس! بوران-چاپقۇن دېمەي كېتىۋاتقان، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، پاتقاققا مىلىنىپ يۈرۈۋاتقان، ئۆيگە قايتساق خوتۇنىمىز قارىمايۋاتقان! بۇ كىچىككىنە ئىشىمنى سىلەرمۇ كۆردۈڭلار، قوپاللىراق ئېيتساق پاھىشىۋازلىق، چىرايلىقراق ئېيتساق ئويۇن-تاماشى-غۇ. بۇ ھەم خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت، ھەم ساقچىلار ئىچىدىكى زىددىيەت. ئىنىڭلار (ياكى ئاكاڭلار) غا بىرنۆۋەت يول قويۇۋەتسەڭلار. كونىلار: «ئادەم يېقىن ئەمەس، سەپەرداش يېقىن» دەپتىكەن. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى يەنە ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. بۇنىڭدىن كېيىن لازىم بوپقالسام گەپ قىلىڭلار، ئوتقا كىر دېسەڭلار ئوتقا، سۇغا كىر دېسەڭلار سۇغا كىرىشكە تەييار. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ بۇ كىچىككىنە ئىشىم ئىش بولامدۇ؟ ھەدېسىلا باشقىلارنى ئېتىۋېتىدىغان دۇشۇگۇي، ليۇدېجۇ دېگەندەك ئەبلەخلەرگە سېلىشتۇرغاندا، مېنىڭ بۇ ئىشىممۇ ئىش بولدىمۇ؟ يەنە كېلىپ، مېنىڭمۇ ئاتا-ئانام، بالا-چاقىلىرىم بار، سىلەر مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىمغا قاراپ تۇرامسىلەر؟ . . .

ماقالىنى يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كونا كىنولاردا ھەمىشە ئۇچرايدىغان مۇنداق بىر كۆرۈنۈش تۇساتتىنلا يادىمغا كەلدى: پارتىيىمىزنىڭ «گومىنداڭ ئوفىتسېرى سىياقىدا ياسانغان» يەر ئاستى خادىمى مەخپىي ھۆججەت، ئوق-دورا ياكى مۇھىم ئادەمنى مۇھاپىزەت قىلىپ شەھەرگە كىرىۋېتىپ ياكى شەھەردىن چىقىۋېتىپ گومىنداڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرىنىڭ سۈرۈشتە قىلىشى ۋە تەكشۈرۈشىگە ئۇچرىدى. شۇ چاغدا ئۇ، كۆرەڭلىك بىلەن «كېنىشكىسى» نى شارتتىدە چىقاردى-دە، قاراۋۇلغا ئىككى تەستەك سېلىۋەتتى، ئاندىن: «مېنىڭ نەرسىلىرىمنىمۇ تەكشۈرەمسەن؟ » دەپ ئەيىبلىدى ياكى: «قوماندانىمىزنىڭ رەپىقىسىنىمۇ تونۇمىدىڭما؟ » دەپ ۋارقىرىدى.

بۇنىڭ نەتىجىسىنى دېمىسەممۇ بولار.

---

سۈن جىنجۇن ئاپتورلۇقىدىكى بۇ فېلىيەتون ئەسلى «فېلىيەتون ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2001-يىل 5-سانىغا بېسىلغان.

# فېليەتون ۋە كەڭ قورساقلىق

فەن زېن ئەپەندى: «غەم-ئەندىشىنى ئۇنتۇيالماسلىق جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ ئۇدۇم گېنى» دېگەنىدى.

مەن ھەمىشە مۇشۇنداق ماقالىلەرنى يېزىپ تۇرىمەن. يازغان چاغدا ھەر بىر سۆز-ئىبارە ئۈستىدە قايتا-قايتا باش قاتۇرساممۇ، ئەمما ئۇلاردىن يەنىلا مېنىڭ بەزى غەم-ئەندىشىلىرىمنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەن تۇغۇلۇشۇم بىلەنلا «غەم-ئەندىشە» گە پېتىپ قالغان ئەمەس، نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغاندىن كېيىنلا ھازىرقىدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغان.

نورمال بولغان، ھەركىم بولسا سىغىدىغان، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» ھەقىقىي ئىشقا ئاشقان جەمئىيەتتە قانچە بىلىملىك بولسىڭىز شۇنچە ھۆرمەتلىنىسىز، شۇنچە ئاسان نەتىجە قازىنىشىڭىز مۇمكىن؛ ئەمما نورمال بولمىغان، سىز سىغمايدىغان جەمئىيەتتە قانچە بىلىملىك بولسىڭىز شۇنچە ئەكسىيەتچى ھېسابلىنىسىز. بۇنداق «ئەكسىيەتچىلىك» ئەمەلىيەتتە بىر ئېقىمدا بۇلغانماسلىق، قارىغۇلارچە ئەگەشمەسلىك، دورامچىلىق قىلماسلىق دېگەنلىك. بۇخىل «ئەكسىيەتچىلىك» ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتكە نىسبەتەن بىرخىل ياخشى ھادىسە. بەزى جەمئىيەتلەرنىڭ بەزى چاغلاردا «ئەكسىيەتچىلىك» نى سىغدۇرماسلىقى ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىيەت ئۆلچىمىنىڭ نابابلىقىدىن بولغان. شۇڭا ناھايىتى ۋەزنى بار، يېڭىلىق يارىتىش ئىڭىغا ئىگە بۇ خىل «ئەكسىيەتچىلىك» سىياسىي ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قېلىپ، بەزىدە ئادەم ئۆلتۈرۈدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. گالىلېي، كوپېرنىكلارنىڭ ئىجادىي قاراشلىرى، لۇشۈننىڭ فېليەتونلىرىنى بۇ خىل «ئەكسىيەتچىلىك» كە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، «ئەكسىيەتچى» ماقالىلارنى يازماق تەس، ئاپتور گەپنى ئۇدۇل قىلالماي ئەگىتىپ قىلىدۇ. بەزىدە ھەم ئاپتورنىڭ ئىدىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ھەم «ئەكسىيەتچى» دەپ ھېسابلانمايدىغان سۆز-ئىبارە تېپىش ئۈچۈن ھەقىقەتەن قىينىلىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى جۇڭگولۇقلار سۆزمەن، تارىختىكى ئەدىبلەرمۇ ھەم شۇنداق، شۇڭا ئەجدادلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەۋلادلارغا يول ئاچساق بولىدۇ. لۇشۈن ئەپەندىنىڭ فېليەتوندىكى مۇۋەپپەقىيىتى ھەممىدىن زور. ئەمما دوستلۇرۇمنىڭ ھەممىسىلا: لۇشۈن 20 يىل ئارتۇق ياشىغان بولسا، ئېھتىمال ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايتتى، دېيىشتى. 20 يىل ئارتۇق ياشىغان بولسا، قايسى دەۋرگە ئۆلگۈرەتتى؟ «ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش» قا! ھازىر ئىشلار ئەلۋەتتە كۆپ ياخشىلىنىپ كەتتى. شاۋيەنشياڭ 1950-يىللىرى يازغان شېئىرلىرى ئۈچۈن «ئوڭچى» بولغانىدى. ھازىر فېليەتون يېزىپ ئامان-ئېسەن تۇرۇۋاتىدۇ. بەزىدە ئانچە-مۇنچە تەنقىدكە ئۇچراپمۇ تۇرىدۇ. ئەمما سىز باشقىلارنى دائىم تەنقىد قىلغاندىكىن، باشقىلارنىڭ سىزنى تەنقىد قىلىپ قويۇشىمۇ نورمال ئىشتە!

لېكىن مۇنداق تەنقىد، بولۇپمۇ گېزىت-ژۇرناللاردا چىقىۋاتقان تەنقىدلەر يەنىلا پىكىر ئەركىنلىكىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. بۇ تەنقىدلەر گېزىت-ژۇرناللارنى ئوقيادىن ئۈركىگەن قۇشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، ئازراق قارىتىلمىلىقى بار ماقالە بولسىلا قەپەستىن چىقالمايدىغان قىلىپ قويدى. چۈنكى مۇنداق تەنقىد شاۋيەنشياڭنىڭ تەنقىدىگە ئوخشىماي قالدى. شاۋيەنشياڭنىڭ تەنقىدى: مەن ئۆزۈمنىڭ گېپىنى قىلاي، سەن ئاڭلىغىنىڭچە ئاڭلا، توغرا بولمىسا پىكىرلەشسەك بولىدۇ، يەنىلا خالىس باھالىغۇچى ئوقۇرمەنلەردۇر، دېگەندىن ئىبارەت. ئەمما بەزى كىشىلەردىن كېلىۋاتقان تەنقىد: مەن دەيمەن، سەن ئاڭلايسەن، مەسلىھەتكە ئورۇن يوق، دېگەندەك بولۇۋاتىدۇ. قارىماققا تەنقىدكە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ تەنقىد ماھىيەتتە بىرخىل باراۋەرلىك بولمىغان «زورلۇق»، مايىنچۇ ئەپەندى ئېيتقان: «كىشىنى سۆز بىلەن قايىل قىلماي، مەخسۇس بېسىم بىلەن بويسۇندۇرۇش» ھەرىكىتىدۇر.

مۇنداق تەنقىد فېليەتوننىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. فېليەتون تازا ياخشى تەرەققىي قىلالمىسا، ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى ياخشى پاش قىلغىلى بولمايدۇ؛ جەمئىيەت چىرىكلىشىدۇ؛ جەمئىيەت چىرىكلەشسە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان پارتىيىنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يېتىدۇ. فېليەتوننىڭ كىمگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بۇنىڭدىن بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەمما، فېليەتونغا يەنىلا كەڭ قورساقلىق قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى سەن قاراڭغۇ تەرەپلەرنى پاش قىلدىڭ، جامائەتنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن يۇقىرى ئۆرلەش كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزدۈڭ. ئەمەلىيەتتە، بۇمۇ بىر خاتا قاراش. قاراڭغۇ تەرەپلەر ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت، ئۇنى فېليەتونچىلار دېمىسىمۇ، خەلق ئوبدان بىلىدۇ. فېليەتونچىلار كىمنى ئاڭلىسۇن دەپ دەيدۇ؟ يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنى، ئاممىدىن ئايرىلغانلارنى جەمئىيەت ئەھۋالىنى كۆپرەك چۈشەنسۇن، پۇقرالارنىڭ دەردىنى كۆپرەك چۈشەنسۇن، سىياسەتلەرنى كۆپرەك ئوڭشاپ، بولمىغۇرلۇقلار بارغانسېرى ئازايسۇن، دەپ دەيدۇ. جاھاننى ئوڭشاشنىڭ ھەقىقىي چارىسى فېليەتون ئەمەس، بەلكى سىياسەت. فېليەتون ئەينەك، سىياسەت داغ سۈرتىدىغان لۆڭگە. فېليەتون جامائەتنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن يۇقىرى ئۆرلەش كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، دېيىش ماھىيەتتە ئىشنىڭ باش-ئايىغىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىك.

تەبىئىيكى، فېليەتوننىڭ سۆز-ئىبارىلىرى مۇۋاپىق بولمايدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ، ئەمەلىيەتنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىدىغان، ھەتتا توقۇمىدىن توك ئۈندۈرۈدىغان چاغلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما بۇلارنىڭ زىيىنى يوق، چۈنكى، جامائەت ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. فېليەتونچىلارنىڭ بىر پارچە ئەسەر بىلەن ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلىۋېتەلىشى ناتايىن.

يەنىلا بىزنىڭ فېليەتونغا كەڭ قورساقلىق قىلىپ، پىكىر ئەركىنلىكىنى رىغبەتلەندۈرگىنىمىز تۈزۈك.

---

ماجىجۇەن ئاپتورلۇقىدىكى بۇ مۇلاھىزە ئەسلى «فېليەتون ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2001-يىل 5-سانىغا بېسىلغان. ئەسەرلەرنىڭ

تەرجىمانى: **غوپۇر قادىرىي**

# جۇڭگولۇقلارنىڭ قائىدىسى

شىركىتىمىز گېرمانىيىدىن بىر يۇرۇش ئۇسكۇنە كىرگۈزدى. ئۇنىڭ نورمال ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن گېرمانىيە تەرەپ بىر ئىنژېنېرنى شىركىتىمىزگە تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىشكە ئەۋەتتى.

بۇ ئىنژېنېرنىڭ ئىسمى گېبر بولۇپ، سەل قارامىراق، بومبا ساقاللىق يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ شىركىتىمىزدە قىلغان تۇنجى ئىشى ئۇسكۇنىنى تەكشۈرۈش بولدى. بىر ئاي ھەپىلىشىپ ئۇسكۇنە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەكشۈرۈلۈپ، تۇنجى لاياقەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى. غەلىبىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن شىركەت رېستوراندا بىر داستىخان تەييارلاپ، ئۇسكۇنىنى تەكشۈرۈشتىكى تۆھپىكارلارغا زىياپەت بەردى. زىياپەتكە ئىدارىدىن بىر مۇئاۋىن باشلىق، شىركەتتىكى بىر قانچە دىرېكتور قاتناشتى. رەھبەرلەر گېبر بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇردى. مەن ئۇسكۇنىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان جۇڭگو تەرەپ تېخنىكى بولغاچقا ھەم گېرمانچىنى ئاز-تولا بىلگەچكە، گېبرنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدىم.

زىياپەت باشلانغاندا، سېخ مۇدىرى تەبرىك سۆزى قىلىپ:

- ئىدارە رەھبەرلىكىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى، شىركەت رەھبەرلىكىنىڭ بىۋاستە قوماندانلىق قىلىشى، ئىنژېنېر گېبرنىڭ زور ھەمكارلىقىدا. . . - دېدى.

گېبر خەنزۇچىنى بىلمىگەچكە، تەرجىمان ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەي، ئۇ نېمە دەيدۇ؟ دېگەننى بىلدۈرۈپ مۈرىسىنى كەينى - كەينىدىن قىسىپ قويدى.

ئەتىسى سېختا ئۇ ماڭا:

- سىلەرنىڭ سېخ مۇدىرىڭلار يالغان ئېيتتى! ئۇسكۇنىنى تەكشۈرۈشكە سىلەرنىڭ رەھبىرىڭلار ئەمەس، مەن قوماندانلىق قىلغان، شىركىتىڭلارنىڭ رەھبەرلىرى پەقەت بىر قېتىم كېلىپ كۆرۈپ كەتتى، ئىدارە رەھبەرلىرى كېلىپمۇ باقمىدى! - دەپ ئاچچىقىنى ئېيتتى.

مەن ئۇنىڭغا:

- بۇ يالغان سۆزلىگەنلىك ئەمەس، بەلكى قائىدە، بىزنىڭ جۇڭگودا گەپ قىلغاندا مۇشۇنداق گەپ قىلىدۇ. بۇيەردە يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئىش رەھبەرلىككە چېتىلىدۇ، - دەپ چۈشەندۈردۈم.

گېبر كۆزىنى چەكچەيتىپ:

- نېمە؟ سىلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ قائىدىسى ئەشۇنداقما؟ - دەپ سورىدى.

مەن:

- شۇنداق، بۇ، جۇڭگونىڭ قائىدىسى، - دېدىم.

گېبر يەنە مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

بىراق چۈشەنمەسلىك چۈشەنمەسلىككە مەنسۇپ، ئۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ قائىدىسىنى تېزلا قوبۇل قىلدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن سېختا ھادىسە چىقتى: بىر ئىشچى قائىدە بويىچە ئىشلىمىگەچكە، ئۇسكۇنە يېرىم بارمىقىنى ئۈزۈۋەتتى. سېختا ھادىسىنى تەھلىل قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا سېخ مۇدىرى گېبرنىڭ قارىشىنى ئاڭلىماقچى بولدى. ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ سۆزلىدى، تەرجىمان ئۇنىڭ سۆزىنى مۇنداق تەرجىمە قىلدى:

- شىركەت رەھبەرلىكىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكى، سېخ مۇدىرىنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا. . .

بۇ گەپ چىقىشى بىلەن ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى غۇلغۇلا قىلىشتى، ئۆز ئارا كۇسۇرلاشتى، بەزىلەر كۆزىنى چەكچەيتىپ بىر-بىرىگە قاراشتى. سېخ مۇدىرى نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى، ئۇنىڭ گاڭگىراپ قالغاندىكى قىياپىتى خۇددى ئاغزىغا بىرتال ئاچچىق غورىنى سېلىۋېلىپ، يا يۇتۇۋېتىشنى، يا ياندۇرۇۋېتىشنى بىلەلمەي قالغان كىشىگە ئوخشايتتى.

تەرجىمان گېبرنىڭ خاتا سۆزلەپ قويغانلىقىنى بايقاپ، گېرمان تىلىدا ئۇنىڭغا سۆزىنى تۈزىتىپ بەردى. ئىككەيلەن بىرئاز كالدىرلىشىپ سۆزلەشتى، گېبر يەنىلا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەندەك قىلاتتى. تەرجىمان گېبرنىڭ بۇ چاغدا دېگەن سۆزىنى تەرجىمە قىلمىدى، بىراق مەن چۈشەندىم. گېبر:

- جۇڭگولۇقلارنىڭ قائىدىسىنى ھەقىقەتەنمۇ چۈشەنگىلى بولمايدىكەن. . . - دېدى.

---

لياۋجۇن ئىمزالىق بۇ ئەسەر «تەرمىلەر» ژۇرنىلى 2001-يىل 14-سانىغا بېسىلغان. **شەۋكەت سەمەت** تەرجىمىسى

# ئۆتكۈر چېقىنلار

▲ كېيىنكىلەردە دائىم: «پالانى شەھەرنىڭ ئامانلىقى ئىنتايىن ياخشىلىنىپ كەتتى» دېگەنلەرنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ دەلىلى «ئۇ شەھەردە تۇتۇلغان ئوغرىنىڭ نىسبىتى باشقا شەھەردىن يۇقىرى» دېگەندىن ئىبارەت. ئەگەر شۇنداق دېيىش يۇت تىرەپ تۇرالايدۇ دېسەك، ئۇنداقتا بىزمۇ: «يويۇنغاندا چىققان يۇندىسى ئەڭ مەينەت كىشى تازىلىققا ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدۇ» دېسەك بولارمۇ؟

▲ جۇڭگولۇقلار قورقۇنچلۇق نەرسىلەرگە ئېتىقاد قىلىدۇ، شۇڭا ئەجدىھار شاھى ئىبادەتخانىسىنىڭ كۆجە ئوتى ئۆچمەيدۇ. غەربلىكلەر سۆيۈملۈك نەرسىلەرگە ئېتىقاد قىلىدۇ، روژدېستۋو بوۋاينىڭ رەسمى ھەممە ئۆيگە ئېسىلغان بولىدۇ. بەلكىم كىشىلەر ئىلاھلار ئوبرازىنى يارىتقان چاغدا ئۆزىنى مودېل قىلغان بولسا كېرەك.

▲ مەلۇم بىر ئالىمنىڭ ئەسلىمىسىدە: ياشلىقىدا ئەنگلىيىدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرغانلىقى، ۋەتىنىنىڭ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن 1949-يىلى تۇرلۇك توسالغۇلارنى يېڭىپ، كېچە-كۈندۈز سېغىنغان ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەنلىكى، ھەمدە چەت

ئەللىك خوتۇنىنىمۇ بىللە ئەكەلگەنلىكى يېزىلىپ، «يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىگەن» دېگەن تەھرىر ئىلاۋىسىنى ئۇچرىتىمىز.

ئەگەر ئەنگلىيىلىكلەرمۇ مۇشۇنداق لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىدىغان بولسا، ئۇلار جەزمەن ئالىمنىڭ خوتۇنىنى ۋەتەن ساتقۇچ خائىن قىلىپ يازىدىغۇدەيمەن.

«فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلى 2001-يىل 11-سانىدىن

**داۋۇت ئادىل** تەرجىمىسى

# ئەمەلدارلار قىرغىنچىلىقى

ئەلمىساقتىن بۇيان «ئەمەلدار ئەمەلدارنىڭ قاياشى» بولۇش ئەمەلدارلىق سورۇنىدىكى بىرىنچى پرىنسىپ بوپكەلگەنىدى. «ئەمەلدارلار ئەمەلدارلارنىڭ قاياشى» بولۇشنىڭ تۈپكى سەۋەبى، مەنپەئەتنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىپ كەتكەنلىكىدە. بيۇروكرات بىلەن بيۇروكرات ئوتتۇرىسىدا ئىرماش-چىرماش مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بىر پارچە يەردىكى ياۋا ئوت-چۆپكە ئوخشايدۇ، يىلتىزلىرى بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەچكە، بىرسىنى يۇلسا ھەممىسى قومۇرۇلۇپ چىقىدۇ. كىمكى بىرەرسىگە تېگىپ قويسا ھەممىسىگە دەز كېتىدۇ.

بىراق، قاچاندىن باشلاندىكىن، ئەيتاۋۇر، «ئەمەلدار ئەمەلدارنىڭ قاياشى» تۇيۇقسىزلا «ئەمەلدارنىڭ ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈشى» گە ئۆزگىرىپ قالدى. يېقىنقى ئىككى يىل مابەينىدە ئەمەلدارنىڭ قاتىل ياللاپ ئەمەلدارنى قەتل قىلىش ۋەقەلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يۈز بېرىپ تۇردى. يەنە كېلىپ، بۇ ۋەقەلەر بىر-بىرىدىن قەبىھ بولدى. 1997-يىلى فۇجيەن ئۆلكىلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ جىنشىڭ بىلەن ئىدارە باشلىقى ياڭ مىڭيى ئۆچەكىشىپ قالدى. ياڭ جىنشىڭنىڭ ھوقۇق تەمەسى بەك كۈچلۈك بولغاچقا، «2-باشلىق» لىق ئورنىدىن رازى ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئىدارىنىڭ 1-باشلىقىنى ئۆسۈش يولىدىكى «توسالغۇ» دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەتتە بەزىبىر توقۇنۇشلار بولۇپ تۇرغاچقا، قەبىھلىكى تۇتۇپ تۇتاملاپ پۇلغا قاتىل ياللىۋېلىپ، ياڭ مىڭيىغا كىسلاتا چېچىپ كۆيدۈرگۈزۈۋەتتى. بۇ قەبىھ قاتىللىق پۈتكۈل جۇڭگونى تىترىتىۋەتتى.

يەنە شۇ 1997-يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى يىچۇن شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ چىجۇ بىلەن شەھەرلىك مالىيە-سودا ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە شەھەرلىك يېمەكلىكلەر گورۇھى ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ لىدىرى، باش دىرېكتور لىن چىجۇ شەھەر باشلىقىنى ئۆزلىرىنى قەستەن «قىيىنىدى» دەپ گۇمانلىنىپ ۋە ئۆزلىرىنىڭ «ئۆسۈشى» گە توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ، دەپ قاراپ مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق «ئەڭ ئاخىرقى قارار لايىھىسى» نى بېكىتتى. ئۇلار 500مىڭ يۈەنگە قاتىل ياللاپ، شەھەر باشلىقىنى قەتل قىلماقچى بولدى. قاتىل بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن «كاتتا خوجايىن» سالاھىيىتى بىلەن شەھەر باشلىقىغا يېقىنلىشىپ، شەھەر باشلىقىنى كۆپ قېتىم گۇاڭجۇ شەھىرىگە تەكلىپ قىلىپ، «يىچۇنغا مەبلەغ سېلىش ئىشى ھەققىدە دوستانە سۆھبەتلىشىش» يولى بىلەن قەتل قىلماقچى بولدى. ئەمما بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشقىچە قاتىل باشقا بىر دېلوغا چېتىلىپ قولغا چۈشتى. ساقچىلار سوراق قىلىۋېدى، قاتىل ئىككى ئەمەلدارنىڭ ئۆزىنى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ياللىۋالغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ساقچىلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ياڭ، لىنلارغا يالغاندىن «يىغىشتۇرۇپ» بولغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئۇلار خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا يەتكۈدەك بولۇشۇپ، تۇتام-تۇتام پۇللارنى ئېلىپ گۇاڭجۇغا بېرىپ، قاتىل بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ نەتىجىسىنى قۇتلۇقلاشقا ئاتلاندى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار بەلگۈلەنگەن جايغا يېتىپ بارغاندا بۇ يەردە پايلاپ تۇرغان ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشتى.

يۇقىرىقى ئىككى دېلودىكىدىنمۇ بەك پاجىئەلىك بولغىنى 1998-يىلى 11-ماي شەندۇڭنىڭ دېجۇ شەھىرىدە يۈز بەرگەن قاتىللىق دېلوسىدۇر. 1998-يىلى 11-ماي كەچتە دېجۇ شەھەرلىك ئامانەت قەرز كوپىراتىپى مەركىزىي كوپىراتىپىنىڭ 1-مۇئاۋىن مۇدىرى مياۋجەنگو ئۆيىگە قايتىش يولىدا زوراۋان قاتىللار تەرىپىدىن قاتتىق دۇمبالاپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ساقچىلار دەرھال تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. دېلو ئەھۋالى مەلۇم بولغاندىن كېيىن كىشىلەر ھاڭ-تاڭ قالدى. ئۇلار پەردە ئارقىسىدىكى قاتىلنىڭ دەل مەزكۇر مەركىزىي كوپىراتىپنىڭ 4-مۇئاۋىن مۇدىرى شياجىخۇا ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىگەنىدى. شياجىخۇانى دېجۇدىكى نامسىز شەخس دېگىلى بولمايتتى. ئۇ ئىلگىرى «دېجۇ شەھىرى بويىچە ئون مەشھۇر ياش» نىڭ بىرى بولۇپ سايلانغانىدى. مياۋجيەنگونى قەتل قىلىش ئۈچۈن شياجىخۇا 180مىڭ يۈەن خەجلەپ قاتىل ياللىغان. قاتىل ھەقىقەتەنمۇ «پۇلنى ئېلىپ كۆزدىن يوقىتىش» ئۇسۇلى بويىچە ئۆز مەجبۇرىيىتىنى پاك-پاكىز ئادا قىلغان. يۇقىرىقى ئىككى دېلودىكىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ قېتىمقىسىنى «سۈپەت ھەم سانغا كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ۋەزىپىنى تولۇق تاماملىغان» دېيىشكە بولاتتى.

ئەمەلدارلارنىڭ قاتىل ياللاپ ئادەم ئۆلتۈرۈشىدە قەتل قىلىنغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇلارنىڭ كەسىپداشلىرىدۇر. «ئەمەلدارنىڭ ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈش» ۋەقەسى دەسلەپ باشلانغاندا پۇقرالارنىڭ تاماقتىن كېيىن قىلىشىدىغان سۆھبەت تېمىسى بوپقالغانىدى. مانا ئەمدىلىكتە ئومۇملاشقان ھادىسىلەرگە ئايلىنىپ قالغىلى قوپتى. نۇرغۇن «ئەمەلدارنىڭ بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈش» دېلولىرىدىن قارىغاندا، مۇئاۋىنلىرىنىڭ 1-باشلىقىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى ناھايىتى مەركەزلىك بولغان. ئۇلارنىڭ 1-باشلىقلىق مەنسىپىگە ئېرىشىش ئۈچۈن

قىلچە تەپتارتماي قاتىل ياللاپ 1-باشلىقنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىشنىڭ كەينىگە «ھېچكىمگە ئېيتقىلى بولمايدىغان مەخپىيەتلىك» يوشۇرۇنغان. پۇقرالارنىڭ ئالىيجاناب ئارزۇسىنى چىقىش قىلغاندا، ئۇلار «دۆلەت خىزمەتچىسى»، «خەلقنىڭ چاكىرى» بولغاندىكىن باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، جان-دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ئورنىغا «بىر پەلەكنىڭ خەمەكلىرى تۇرۇپ، بىر-بىرىنىڭ پېيىنى قىيىپ» نېمە كەپتۇ؟ تۇرۇپلا ئويلاپ قالدىم: ئەجەبا، ئۇلار بالدۇرراق جياۋيۇلۇ ۋە كۇڭ فەنسېنلەرنى قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتماي «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» ئورنىغا چىقىشنىڭ «تەدبىر» نى قوللانسا ياخشى بولغان بولاتتى. ئەمما ئادەم ئۆلتۈرۈش بەدىلىگە «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغانلىقى ئەسلا مەنتىقىغە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قاباھەت قىلمىش. مەسىلىنىڭ تۈپ يىلتىزى زادى نەدە؟

«ھوقۇق چىرىكلىككە ئاپىرىدۇ، مۇتلەق ھوقۇق مۇتلەق چىرىكلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېگەنىكەن بىر غەرب پەيلاسوپى ناھايىتى بۇرۇنلا. ۋەھالەنكى، شۇ تاپتا مۇشۇ جۈملىنىڭ ئاخىرىغا: ھوقۇق قاتىللىققا ئاپىرىدۇ، مۇتلەقلەشكەن ھوقۇق مۇتلەقلەشكەن قاتىللىقنى روياپقا چىقىرىدۇ، دېگەن بىر جۈملە سۆزنى قوشۇپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. چىرىكلىكنى 1-قاتلام دېسەك، ئۇ ھالدا قاتىللىقنى چىرىكلىكنىڭ ئەسەبىيلىشىپ ئەڭ ئۈچىغا چىققان ھالىتى، دېيىشكە بولىدۇ. «ئەمەلدارلار قىرغىنچىلىقى» يۈزەكى جەھەتتىن قارىغاندا، «ئەمەلدار ئەمەلدارنىڭ قاياشى» نىڭ تەتۈرىسىچە كۆرۈنگەندەك قىلغان بىلەن، ماھىيەت جەھەتتىن ئۇلار بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، ھەر ئىككىسىلا ئەڭ چوڭ مەنپەئەتنى قوغلىشىدۇ. «ئەمەلدار ئەمەلدارنىڭ قاياشى» بولغان دەۋردە قانداقلا بولمىسۇن جەمئىيەت مۇئەييەن تەرتىپتە ئۈنۈملۈك كونترول قىلىنىپ تۇراتتى. بيۇروكرات بىلەن بيۇروكرات ئوتتۇرىسىدا «ئەمەلدار بولۇشنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرى» غا ھۆرمەت قىلىش ئادىتى بار ئىدى. خۇددى قارت ياكى شاھمات ئوينىغاندا ئۆزى ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە بولغىنىغا ئوخشاش. دەل مۇشۇ بىر يۈرۈش پرىنسىپلار بيۇروكرات بىلەن بيۇروكراتنىڭ مەنپەئەتىنى بىر-بىرىگە زىچ باغلاپ تۇراتتى. ۋەھالەنكى، ئەڭ ھالقىلىق يېرى شۇكى، چىرىكلىكنىڭ تەرەققىي قىلىش دەرىجىسى تېخى پۈتكۈل بيۇروكراتلىق سىستېمىسىنىڭ يۈرۈشىشىنى بۇزۇپ تاشلاش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىگەندەك قىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەڭ قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ تېخىمۇ كۆپ چىرىكلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە ئورۇنغا ئېرىشىش ھەر بىر بيۇروكرات ئۈچۈن ئېيتقاندا، قىلمىسا بولمايدىغان ئىش سانىلىدىغان بوپقالدى. «ئەمەلدار ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈش » تەك ئەھۋالدا ئۇنىڭ «قاياشى بولۇش» دىن «ئۆلتۈرۈش» كە ئۆزگىرىپ كېتىشى گېزى كەلگەندە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى: چىرىكلىك ئەكېلىدىغان غايەت زور پايدا ئەمەلدارلارنى ئازدۇرۇپ، ئۇلارنى قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈشكە ئاپارمافتا. «ئەمەلدار بولۇشنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرى » ئاللىقاچان ئۆز كۈچىدىن قالدى، ئەمەلدارلىق ئورنىمۇ ئۆزىدىكى «كىبىرلىكى» نى يوقىتىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، ئەمەلدار بولۇش پەقەت ۋە پەقەت ئەڭ زور مىقداردا پۇلغا ئېرىشىش ئۈچۈنلا بوپقالدى.

ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «ئەمەلدارنىڭ ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈش» ھادىسىسىدە ئادەم ئىقتىسادىي ھايۋانات بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇسى ئەڭ ئاز بەدەل بىلەن ئەڭ كۆپ نەپكە ئېرىشىشتۇر. قاتىل ياللاپ ئادەم ئۆلتۈرگەن ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىلا بىر-بىرىدىن ئەقىللىق چىققان. ئۇلار ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ بۇ سودىدا ئالىدىغان پايدىسىنى ئوبدان چاملاپ كۆرگەن - دە، مۇنداق يەكۈن چىقىرىشقان: گەرچە ئۆزۈم يۈز مىڭلاپ پۇل چىقىرىش بەدىلىگە قاتىل ياللاپ ئادەم ئۆلتۈرگۈزمەكچى بولغان، بىرلا قېتىمدا شۇنچە كۆپ پۇل خەجلىۋېتىشكە تەۋەككۇل قىلىۋاتقان بولساممۇ، ئەمما رەقىبىم يوقىتىلسىلا ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىمەن-دە، يېڭى ئورنۇمدىن پايدىلىنىپ، چىرىكلىك قىلىپ نەچچە ھەسسە كۆپ پۇل تاپىمەن. شۇ چاغقا بارغاندا ھازىر خەجلىگەن پۇلۇم پەقەت دېڭىزنىڭ بىر تامچىسىغىلا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەمەلدارلارنى تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشتۈرۈدىغان ئەڭ ياخشى سودىغا ئايلىنىپ قالغان. «تاغدا يولۋاس بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، تاغقا چىقىش» تىكى مەقسەت، ئۇۋچىنىڭ قىممەتلىك بولغان يولۋاس تېرىسىگە ئېرىشىشى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۇ بۇنداق خەتەرگە تەۋەككۇل قىلالايدۇ. ئۇنداق بولمىسا بىكاردىن بىكارغىلا ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بولمامدۇ. بەلكىم دەلدۈشلەرمۇ بۇنداق ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلماسلىقى مۇمكىن. چىرىكلىك بىلەن تولۇپ كەتكەن بۇ پايانسىز زېمىن شەخسلەرنىڭ شاپائەت ۋە ئاداۋىتىدىن تېخىمۇ مۇھىم. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىشنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەمما «يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىغا كىرمەي تۇرۇپ، قانداقمۇ يولۋاس كۈچىكىنى تۇتقىلى بولسۇن» دەيسىز؟

«ئەمەلدارلار قىرغىنچىلىقى» جەريانىدا پۇقرالار پەقەت «تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىۋېلىپ، يولۋاسلارنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ» . چۈنكى ئۇلارنىڭ قاتىللىقى ئاخىرلاشقاندا قان بىلەن تولغان ئېغىزلار پۇقرالارغا ئېچىلىدۇ. يەنى تاغدىن-باغدىن بولىدىغان پاراڭلاردىكى تېررورلۇقلارنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىكىلا ئىش بوپقالىدۇ.

---

يۇجيېنىڭ بۇ ماقالىسى ئەسلى «جەنۇب كۆزنىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل 1-سانىغا بېسىلغان. **ئۆمەرجان ھەسەن** تەرجىمىسى

(M1)



# ئىسلام ۋە غەرب

## سامۇئېل خۇنتىڭتون

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى سامۇئېل خۇنتىڭتون خەلقئارا سىياسىي تەتقىقات ساھەسىدىكى مەشھۇر ئالىم، ئۇ ھازىر ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا، رايون مەسىلىلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، جۇڭگونى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلغان، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئالبېرت ۋېدېرخېد Ⅲ ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، جون ئولىن ئىستراتېگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇلى، كارتېر ھۆكۈمىتى دۆلەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، «دىپلوماتىيە سىياسىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئىككى باش مۇھەررىرىنىڭ بىرى، ئامېرىكا سىياسىيشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەر - ماقالىلارنى يازغان.

1993-يىلى ئامېرىكىدا چىقىدىغان «دىپلوماتىيە» ژۇرنىلىنىڭ يازلىق سانى (بۇ ژۇرنال پەسىللىك ژۇرنال) دا سامۇئېل خۇنتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەت توقۇنۇشى» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دۇنيا ئىلىم مۇنبىرىدە زور زىلزىلە قوزغىدى. بولۇپمۇ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدە قوزغالغان ئىنكاس تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى. ئۇ، بۇ ماقالىسىدا ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتى يىمىرىلگەن، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدىكى توقۇنۇش ئىلگىرىكىدەك ئىدېئولوگىيەلەر پەرقىنى چېگرا قىلماستىن، بەلكى ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇش شەكلىدە قانات يايىدۇ، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى كەلگۈسى دۇنيا تىنچلىقىغا ئاساسلىق تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان ئامىل، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ، دۇنيادىكى مەۋجۇد مەدەنىيەتلەرنى تۆۋەندىكىدەك سەككىزگە بۆلگەن: 1. غەرب يەنى خرىستىئان دىنى مەدەنىيىتى، 2. كۇڭزى يەنى جۇڭگو مەدەنىيىتى، 3. ياپون مەدەنىيىتى، 4. ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى، 5. ھىندى دىنى مەدەنىيىتى، 6. پراۋوسلاۋىيە دىنى مەدەنىيىتى، 7. لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى، 8. ئافرىقا مەدەنىيىتى. ئۇ، ئۆزى تەۋە بولغان غەرب مەدەنىيىتىنى باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ بولۇپمۇ كۇڭزى مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتىدۇ، دەپ قارىغان.

شۇ يىلىلىق، يەنى 1993-يىلىلىق «دىپلوماتىيە» ژۇرنىلىنىڭ كۈزلۈك سانىدا بۇ ماقالىگە رەددىيە بەرگەن يەتتە پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغان. خۇنتىڭتون بۇلارغا قايىل بولماي يەنە شۇ يىلىلىق «دىپلوماتىيە» ژۇرنىلىنىڭ 11-، 12-ئايلىق سانى (ئەسكەرتىش: شۇ ساندىن باشلاپ ژۇرنال قوش ئايلىققا ئۆزگەرتىلگەن) دا «مەدەنىيەت بولمىسا، ئەمىسە يەنە نېمە؟» دېگەن تېمىدا مەخسۇس ماقالە يېزىپ قايتۇرۇپ رەددىيە بەرگەن.

كېيىن خۇنتىڭتون ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ نەزەرىيىنى تېخىمۇ قايىل قىلارلىق شەرھلەش مەقسىتىدە 1996-يىلى «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» دېگەن ئىلمىي ئەسەرنى يېزىپ چىققان، بۇ ئەسەر ھازىرغىچە 22 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ، بۇ ماقالىسىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا نېمىشقا بۇنداق زور غۇلغۇلا قوزغىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر

ئالەم مەدەنىيەت ئۆچۈرى

ھازىر دۇنيا سىياسىيسىنى چۈشىنىشتە بىر تەپەككۇر ئەندىزىسىگە ئىنتايىن موھتاج... سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىدېئولوگىيە ئىلگىرىكىدەك مۇھىم بولماي قالدى، ھەرقايسى دۆلەتلەر يېڭى قارشىلىشىش ۋە تەڭشەش قېلىپلىرىنى پەيدا قىلىشتى. شۇڭلاشقا، كىشىلەر دۇنيا سىياسىيسىنى يېڭى بىر تەپەككۇر ئەندىزىسىدە چۈشىنىشكە موھتاج. بۇ ئېھتىياجنى ‹مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى› ئەندىزىسى قاندۇرالىشى مۇمكىن».

مېنىڭچە، بۇ ماقالىنىڭ شۇنداق زور ئىنكاس قوزغىۋېتىشىدىكى سەۋەب، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق كۈچىيىۋاتقان، ئىنسانلارنىڭ ئارىسى بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقان، «يەرشارىلىشىش» نىڭ قەدىمى كۈنسايىن تېزلىشىۋاتقان بۈگۈنكى بۇ دۇنيادا كىشىلەر ئوخشاشمىغان ئىدىيە، ئەنئەنە، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ تىنچسىزلىقنىڭ مەنبەسى بوپقېلىشىنى خالىمايدۇ، بەلكى مەدەنىيەتلەرنىڭ يارىشىشىنى، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ھەم بارغانسېرى بىر-بىرىگە گىرەلىشىۋاتقان ئىقتىسادىي، سىياسىي مەنپەئەتلەر تۈپەيلىدىن مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى پەرقلەر ھېچقانچە سەلبىي تەسىر پەيدا قىلالمايدۇ، ئورتاق مەنپەئەت پەرقنى يوقىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ۋىنتىڭتوننىڭ ئۈمىدۋارلىقتا تولغان بۇ پەرەزنىڭ ئەكسىچە تتۇرىغا قويغان ھۆكۈمى ئۇلارنى ئالاقزادىلىككە سېلىپ ويغان، شۇنىڭ بىلەن غۇلغۇلا كۈچىيىپ كەتكەن. خۇنتىڭتون يەنە ئۆزىنىڭ مەقسىتىنىڭمۇ تىنچلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ خەتىرىگە بولغان دىققىتىنى قوزغاش پۈتكۈل دۇنيادا ‹مەدەنىيەتلەرنىڭ يارىشىشى› نى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق دەپ قارايمەن».

- تەرجىماندىن

پرېزىدېنت بىل كلىنتوننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى غەربلىكلەر غەرب بىلەن پەقەت ئىسلام رادىكال زوراۋانلىرى ئارىسىدىلا مەسىلە بار، ئىسلام دۇنياسى بىلەن ھېچ ئىش يوق، دەپ قارايتتى. بىراق 1400 يىللىق تارىخ باشقىچە دەلىلنى ئوتتۇرىغا چىقاردى: ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنى (پراۋۇسلاۋىيە مەزھىپى، پروتېستانت ۋە كاتولىك مەزھىپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ ئارىسى بوران-چاپقۇن بىلەن تولۇپ كەلدى، ئۇلار بىر-بىرىنى يەكلىدى. ئەركىن دېموكراتىزم بىلەن ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ 20-ئەسىردىكى توقۇنۇشىنى ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان، چوڭقۇر توقۇنۇشىغا سېلىشتۇرغاندا پەقەت قىسقا ۋاقىتلىق يۈزەكى تارىخىي ھادىسىدىن ئىبارەت. ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىدە بەزىدە تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنىڭ ئارىسى ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى كەسكىن رىقابەت ۋە جىددىي ئۇرۇشلار بىلەن تولغان. جون ئېسپوزىتو مۇنداق دەيدۇ: «تارىخنىڭ ئۆزگىرىشى ھەمىشە بۇ ئىككى قەۋمنى رىقابەتكە سېلىپ قويدى، ھەتتا بەزىدە ھوقۇق، زېمىن، روھىيەت تالىشىشتەك ھايات-ماماتلىق جەڭگىمۇ مۇپتىلا قىلدى». بىرنەچچە ئەسىردىن بۇيان بۇ ئىككى دىنىنىڭ تەقدىرى خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ كەلدى.

7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئەرەب - ئىسلام دىنى كېڭىيىش ئارقىلىق شىمالىي ئافرىقا، ئىبېرىيە① يېرىم ئارىلى، ئوتتۇرا شەرق، ئىران ۋە شىمالىي ھىندىستاندا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ئىككى ئەسىرگىچە مۇقىم تۇردى. 11-ئەسىرنىڭ ئاخىرى خرىستىئان دىنى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ غەربىي رايونلىرىنى قايتا كونترول قىلدى، سىتسىلىيىنى بويسۇندۇرۇپ، تولېدونى ئېلىۋالدى. 1095-يىلى خرىستىئان دۇنياسى ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە ئىستېلا ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يېرىم ئەسىر ئىچىدە خرىستىئانلار ئېروسالىم (قۇددۇس شەرىف) ۋە يېقىن شەرقتە خرىستىئان دىنىي ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇب بولۇپ، 1291-يىلى ئەڭ ئاخىرقى بازىسى ئەكرى شەھىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوسمان تۈركلىرى تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولدى. ئۇلار ئاۋۋال ۋىزانتىيىنى② ئاجىزلاشتۇردى، ئۇنىڭدىن كېيىن بالقان يېرىم ئارىلى ۋە شىمالىي ئافرىقىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى بويسۇندۇردى. 1453-يىلى كونىستانتىنپول شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. 1529-يىلى ۋېنانى قورشىدى. بېرنارد لۇيىس مۇنداق دەيدۇ: «مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، مۇر (شىمالىي ئافرىقىدىكى قەدىمكى بېربېر قەبىلىلىرىنىڭ ئەرەبلىشىپ كەتكەن ئەۋلادى. - بېكىتكۈچى ئىزاھى) لار ئىسپانىيىگە تۇنجى قېتىم قەدەم قويۇپ، تۈركلەر ئىككىنچى قېتىم ۋېنانى قورشىۋالغاندىن كېيىن، ياۋروپا ئىزچىل ئىسلام تەھدىتى ئاستىدا تۇرۇپ كەلدى». ئىسلام مەدەنىيىتى غەربنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى تەھدىتكە ئۇچرىتالايدىغان بىردىنبىر مەدەنىيەتتۇر، يەنە كېلىپ بۇنداق ئەھۋال تارىختا ئاز دېگەندىمۇ ئىككى قېتىم يۈز بەرگەن.

15-ئەسىرگە كەلگەندە بۇرۇلۇش يۈز بەردى. خرىستىئانلار ئىبېرىيە يېرىم ئارىلىنى قايتۇرۇۋېلىشقا باشلاپ، بۇ ئىشنى 1492-يىلى گرانادا③ دا تولۇق ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ياۋروپا دېڭىزچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى پورتۇگالىيىلىكلەرنى ۋە باشقىلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەركىزىي رايونلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھىندى ئوكيان ۋە باشقا يىراق جايلارغا يېتىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، رۇسلار تاتارلارنىڭ 200 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىنلا ئوسمانىيلار. ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، 1683-يىلى ۋېنانى قايتا قورشىۋالدى. ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى مەغلۇبىيىتى ئوسمانىيلارنىڭ خارابلىشىشىنىڭ باشلىنىشى بوپقالدى. يەنى بالقاندىكى پراۋۇسلاۋىيە مۇرىتلىرى ئوسمانىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش كۈرىشىنى باشلىدى، خابسبورگ ئىمپېرىيىسى كېڭەيدى، رۇسلارمۇ قارادېڭىز ۋە كاۋكازغىچە ئىچكىرىلەپ

كىردى. بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە «ئاپەت ئەكەلگەن خرىستىئانلار» «ياۋروپا كېسەل كۆرپە»لىرىگە ئايلىنىپ قالدى. 1-دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيەلەر ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىدا ئۆزلىرىنىڭ ۋاستىلىك ۋە بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. پەقەت تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىلا قالدى. 1920-يىلىغىچە پەقەت تۈركىيە، سەئۇدىي ئەرەبىستانى، ئىران ۋە ئافغانىستاندىن ئىبارەت تۆت مۇسۇلمان دۆلىتىلا غەيرىي مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى مەلۇم شەكىلدىكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى.

غەرب مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ چېكىنىشى مۇشۇ (20-) ئەسىرنىڭ 20-، 30-يىللىرى باشلاندى ۋە 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تېخىمۇ تېزلەشتى... سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى نۇرغۇن مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرىنى مۇستەقىللىققە ئېرىشتۈردى. ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا 1757-يىلدىن 1919-يىلىغىچە 92 ئورۇندىكى مۇسۇلمانلار رايونىغا غەيرىي ھۆكۈمەتلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 1995-يىلىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ 69ى مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى 45 مۇستەقىل دۆلەت ئىچىدە كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن. ئوخشاشمىغان دىندىكى دۆلەتلەر ئارا 1820-يىلدىن 1929-يىلىغىچە بولغان ئۇرۇشلارنىڭ %50تى مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن. بۇ پاكىتلار شۇ ئۆزگىرىۋاتقان مۇناسىۋەتلەردىكى توقۇنۇشنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇخىل توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەب 12-ئەسىردىكى خرىستىئان ئەسەبىيلىكى ياكى 20-ئەسىردىكى ئىپتىدائىي ئىسلام ئەقىدىچىلىكىدەك ۋاقىتلىق ھادىسىلەردە ئەمەس، بەلكى بۇ ئىككى دىننىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان مەدەنىيەتتە. بىر تەرەپتىن توقۇنۇش پەرقىنىڭ مەھسۇلى. بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنى قارىشى نوقۇل بىرخىل تۇرمۇش ئۇسۇلى بولغىنى ھالدا دىندىن ۋە سىياسەتتىن ھالقىپ كەتكەن، دىن بىلەن سىياسىينى بىرلەشتۈرگەن. خرىستىئان دىنى بولسا، دىن بىلەن سىياسىينى ئايرىپ قارايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن توقۇنۇش ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىقىدىن كەلگەن. بۇ ئىككى دىن بىر ئىلاھلىق دىن، ئۇلار باشقا كۆپ ئىلاھلىق دىنلارغا ئوخشاش باشقا ئىلاھنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلار مىنىڭلا ھېساب دەيدىغان بىرمەنبەلىك نۇقتىئىنەزەردە. يەنە كېلىپ، بۇ ھەر ئىككى دىن رەببىلئالەم يەنى ئالەمنىڭ ھۆكۈمرانى دەيدۇ. ئۆز دىنىنى پۈتكۈل دۇنيا ئىنسانلىرى ئىمان كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك بىردىنبىر ھەقىقىي ئېتىقاد، دەپ تەرغىب قىلىدۇ. بۇ دىنلار بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە دىن بولۇپ، ئۆز مۇخلىسلىرىنى غەيرىي دىن مۇرىتلىرىنى قايىل قىلىپ، بۇ بىردىنبىر ھەقىقىي ئېتىقادقا باشلاش مەجبۇرىيىتى بار، دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ كېڭەيمىچىلىك ئىستىلاسى يۈرگۈزدى، خرىستىئان دىنىمۇ پۇرسەت تاپسىلا شۇنداق قىلدى. «جىھاد» ۋە «ئەھلىسەلىپنىڭ شەرق ئىستىلاسى» دېگەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۇقۇملارمۇ بۇ ئىككى دىننى بىر-بىرىگە تېخىمۇ ئوخشاشلاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى يەنە باشقا ئاساسلىق دىنلاردىن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە يەھۇدىي دىنى بىرخىل مەقسەتلىك تارىخ قارىشىغا ئىگە بولۇپ، باشقا مەدەنىيەتلەردىكى دەۋرىي قىلىش ياكى تۇرغۇنلۇق قارىشىغا قەتئىي ئوخشىمايدۇ.

ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنى ئارىسىدىكى زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىنىڭ دەرىجىسى تارىختا نوپۇس، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، تېخنىكا ئۆزگىرىشلىرى ۋە دىنىي مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. 7-ئەسىردە ئىسلام دىنىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەرەبلەر ۋىزانتىيە ۋە ساسانىيلار ئىمپېرىيىسىگە كۆلەم ۋە سۈرئەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۆچۈپ كىرگەن. بىرنەچچە ئەسىر كېيىنكى ئەھلىسەلىپ يۈرۈشى ئەمەلىيەتتە 11-ئەسىردىكى ياۋروپا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى، نوپۇس كۆپىيىشى ۋە «كلونىيە» ④ ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىسى. مانا بۇلار نۇرغۇن چەۋەندازلار ۋە زور تۈركۈمدىكى دېھقانلارنىڭ ئېرۇسالىمغا يۈرۈش قىلىشىنى مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇردى. بىرىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئىستىلاسىدا ئۇلار كونستانتىنوپولغا كەلگەندە بىر ۋىزانتىيىلىك: «پۈتكۈل ياۋروپا، ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدىكى ۋە يىراق خېگرانىستىكى ياۋا ئادەملەرمۇ زور كۆلەملىك يۆتكىلىشنى باشلاپ، ھەممە نەرسىلىرىنى ئېلىپ ئاسىياغا كىرىپ كەلدى» دېگەنىدى. 19-ئەسىردىكى دۇنياۋى نوپۇس كۆپىيىش ياۋروپادا نوپۇس پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تارىختىكى ئەڭ چوڭ كۆلەملىك نوپۇس كۆچۈشكە سەۋەب بولدى، كۆچمەنلەر مۇسۇلمانلار رايونلىرى ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئېقىپ كىردى.

بىر تۈركۈم ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئامىللار 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىسلام دىنى ۋە غەربنىڭ توقۇنۇشىنى كەسكىنلەشتۈردى. ئاۋۋال مۇسۇلمانلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ئىشسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىسلام ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئاتىغان ياشلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، نەتىجىدە جەمئىيەتكە بېسىم شەكىللىنىپ، نوپۇسنىڭ غەربكە كۆچۈشىگە سەۋەب بولدى. ئىككىنچىدىن، ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىدە، مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە قىممەت قارىشىنى غەرب بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە مۇھىملىقىغا نىسبەتەن قايتا ئىشەنچ تۇرغۇزدى. ئۈچىنچىدىن، غەربنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۈزۈلمىسىنى كېڭەيتىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى توقۇنۇشلارغا ئارىلىشىشى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. تۆتىنچىدىن، كوممۇنىزمنىڭ گۇمران بولۇشى مۇسۇلمانلار بىلەن غەربنىڭ ئورتاق دۈشمىنىنى يوقاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر-بىرىنى

ئاساسلىق تەھدىت، دەپ قارايدىغان بولدى. بەشىنچىدىن، مۇسۇلمانلار بىلەن غەربلىكلەرنىڭ ئارىلىشىشى ۋە بىللە ئولتۇراقلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلاردا ئۆزلىرىگە نىسبەتەن يېڭى تونۇش پەيدا بولدى ھەم ئادەت ۋە قاراشلىرىنىڭ قايسى جەھەتتە ئوخشاشمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان يەرلىرىگە نىسبەتەن يېڭى تونۇش ھاسىل قىلدى. بۇ ئىككى دىنىدىكىلەرنىڭ ئۆز ئارا رول ئوينىشى ۋە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى مۇنداق بىر مەسىلىدىكى يەنى بىر مەدەنىيەت ئەزالىرىنىڭ باشقا بىر مەدەنىيەت ئەزاسى كونترول قىلغان دۆلەتتىكى ھوقۇقى مەسىلىسى جەھەتتىكى ئىختىلاپنى كۆچەيتىپ قويدى. 1980 ۋە 1990-يىللاردا مۇسۇلمانلار ۋە خرىستىئانلار جەمئىيىتىنىڭ بىر-بىرى بىلەن پېتىشىش دەرىجىسى جىددىي تۆۋەنلىدى. ئىسلام بىلەن غەرب ئارىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ يەنە باش كۆتۈرۈشىگە ھوقۇق ۋە مەدەنىيەتتىن ئىبارەت تۈپ مەسىلە سەۋەب بولدى! كىم كىمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ؟ كىم ھۆكۈمران ؟ كىم مەھكۇم؟ لېنىن ئوتتۇرىغا قويغان سىياسىي مەركەز مەسىلىسى ئىسلام بىلەن غەربنىڭ كۈچ سىنىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈپ سەۋەبتۇر. شۇنداقتىمۇ، لېنىن ئېھتىمال قىلچە ئەھمىيىتى يوق دەپ قارىغان يەنە بىر ئىددىيەت مەۋجۇد، ئۇ بولسىمۇ ھەق ۋە ناھەق ئىددىيىتىدىن كېلىپ چىققان، كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق دەيدىغان توقۇنۇشتۇر. ئىسلام يەنىلا ئىسلام(چوقۇم ھەق) ، غەرب يەنىلا غەرب(بۇنىڭدا نۇرغۇن گۇمان مەۋجۇد) بولۇپ تۇرۇۋەرگەن، بۇ ئىككى ئۇلۇغ مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ئارىسىدىكى تۈپكى توقۇنۇش ئۆتكەنكى 1400 يىلدىكىدەك، كەلگۈسىدىمۇ ئىزچىل ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەيدۇ.

بۇ ئىككىسىنىڭ نۇرغۇن ماھىيەتلىك مەسىلىلەردىكى مەيدان ئىختىلاپى ۋە توقۇنۇشى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. تارىختا زېمىن كونترول قىلىش مۇھىم مەسىلە ئىدى، بىراق ھازىر ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەس بوپقالدى. 1990-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرىي مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن 38 قېتىملىق توقۇنۇشنىڭ 19 قېتىملىقى مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار ئارىسىدا، 11 قېتىملىقى مۇسۇلمانلار بىلەن پىراۋوسلاۋىيلەر ئارىسىدا، قالغان يەتتە قېتىملىقى بولسا ئافرىقا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن. بۇ زوراۋانلىق ۋە يوشۇرۇن زوراۋانلىق توقۇنۇشىدا پەقەت بىرلا قېتىملىقى بىۋاستە ئىسلام بىلەن غەرب ئارىسىدىكى ئۆزۈلمە لېنىيىنى بويلاپ يۈز بەرگەن. يەنى كرودىيە ۋە بوسنىيە ئارىسىدىكى توقۇنۇش. غەرب زېمىن جاھانگىرلىكىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاخىرلىشىشى ۋە مۇسۇلمانلار زېمىن كېڭەيمىچىلىكىنىڭ قايتا باشلىنالماسلىقى جۇغراپىيە جەھەتتىن ئايرىپ تۇرۇدىغان بىر قاشا شەكىللەندۇرۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن غەربلىكلەر، بالقاندىكى كىچىككىنە يەردىلا چېگرا ئايرىپ تۇرۇدىغان قىلىپ قويدى. شۇڭلاشقا، غەرب بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى توقۇنۇش زېمىن مەسىلىسى ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى قورال-ياراقلارنىڭ تارقىلىپ كېتىشى، كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، نېفىت ئىگىدارچىلىقى، كۆچمەنلەر، ئىسلام تېررورچىلىقى، غەربنىڭ ئارىلىشىشى دېگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىگە مەركەزلەشتى.

سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ ئەزالىرى بۇ تارىخىي زىددىيەتنىڭ كۈنسايىن ئۆتكۈرلىشىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتتى. 1991-يىلى بارىي بۇزان«ئىسلام بىلەن غەرب ئارىسىدا» شەكىللىنىۋاتقان ئىجتىمائىي سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆرۈپ يېتىپ: «بۇ توقۇنۇشتا ياۋروپا ئالدىنقى سەپ بوپقېلىشى ئېھتىمال» ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلدى: «بۇ ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتى مەلۇم جەھەتتىن نەچچە ئەسىر داۋاملاشقان دەھرىيلىك بىلەن دىنىي ئەقىدە قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى قارمۇقارشىلىقتىن كەلگەن بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ تارىخىي ئاداۋىتىدىن كەلگەن. بىر جەھەتتىن، غەربنىڭ كۈچىگە بولغان ھەسەتتىن كەلگەن بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن غەربنىڭ كېيىنكى مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىدىكى ئوتتۇرا شەرق سىياسىيسىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقىنىغا بولغان ئۆچمەنلىكتىن ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆتكەن 200 يىل ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرغاندا ھېس قىلىدىغان ئازاب ۋە نومۇستىن كەلگەن» .

ئۇ يەنە: «ياۋروپانىڭ بىرلىشىش جەريانىنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە ئىسلام بىلەن بولغان ئىجتىمائىي سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى ياۋروپانىڭ ئورتاق تونۇشقا كېلىشىگە پايدىلىق» بوپقالدى، شۇڭلاشقا«غەرب ئىسلام بىلەن بولغان سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىنى قوللاش بىلەنلا توختاپ قالماي، ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش سىياسىتىنىمۇ قوللىنىدىغان مۇستەھكەم بىر ئورتاق گەۋدە ھاسىل قىلىشى لازىم» دەيدۇ. 1990-يىلى، غەربتە مۇھىم تەسىرگە ئىگە ئىسلام تەتقىقاتچىسى بېرنارد لۇئىس «مۇسۇلمانلارنىڭ غەزەپلىنىشىنىڭ مەنبەسى» نى تەھلىل قىلغاندا مۇنداق يەكۈن چىقارغان:

«بىز ھازىر بىلىشكە تېگىشلىك ئىش شۇكى، بىز شۇنداق بىرخىل كەيپىيات ۋە ھەرىكەتكە دۇچ كېلىۋاتىمىزكى، ئۇلار ئاللىقاچان مەسىلە ۋە سىياسەت دائىرىسىدىن، شۇنداقلا ئۇنى يۈرگۈزۈۋاتقان ھۆكۈمەت قاتلاملىرىدىن ھالقىپ كەتتى، بۇ، مەدەنىيەتنىڭ توقۇنۇشىدىن باشقا ئىش ئەمەس (بەلكىم بۇ ئاقىلانىلىق ئەمەستۇ) . شۇنداقتىمۇ بۇ چوقۇم بىزنىڭ كونا رەقىبىمىزنىڭ (مۇسۇلمانلارنىڭ. – ت) بىزنىڭ يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنى ئەنئەنىلىرىمىزگە، ھازىرقى دىنىدىن خالىي ھالىتىمىزگە، شۇنداقلا بۇ ئىككىسىنىڭ دۇنيا

مىقياسىدىكى كېڭىيىشىگە بولغان تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە قارشى ئىنكاسىدىن ئىبارەت».

ئىسلام قەۋمى ئىچىدىمۇ شۇنداق قاراشلار مەيدانغا كەلدى. زور تەسىرگە ئىگە مىسىرلىق مۇخبىر مۇھەممەد سەيدئەھمەد 1994-يىلى مۇنداق دېگەن: «ئېنىق ئالامەتلەر شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، غەرب ئەقىدىسى ۋە ئىسلامنى جانلاندۇرۇش ھەرىكىتى ئارىسىدىكى توقۇنۇش ئۆتكۈرلىشىۋاتىدۇ. ئۇ توقۇنۇش غەربتىكى ئاتلانتىك ئوكياندىن شەرقتىكى جۇڭگوغىچە يېتىپ باردى».

مەشھۇر بىر ھىندىستانلىق مۇسۇلمان 1992-يىلى مۇنداق بىشارەت بەرگەن: «كېلەركى قەدەمدىكىسى شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ قارشىلىقىدىن ئىبارەت. مەغرىبتىن پاكىستانغىچە ئىسلام دۆلەتلىرىنى قاپلىغان، يېڭى دۇنيا تەرتىپى ئورنىتىدىغان بىر مەيدان كۈرەش باشلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ».

تونىسلىق بىر مەشھۇر ئادۋوكات بۇ كۈرەش ئاللىقاچان باشلاندى، دەپ قارىغان: «مۇستەملىكىچىلىك ئىسلامنىڭ بارلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى بۇزۇشنى كۆزلەۋاتىدۇ. مەن ئىسلام مۇرتى ئەمەس. مەن دىنلار ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت ئارىسىدا زىددىيەت مەۋجۇد، دەپ قارايمەن».

1980- ۋە 1990-يىللاردا ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى پوتكۇل يۈزلىنىش غەربكە قارشى بولدى. بۇنىڭ بىر قىسمى ئىسلامنى جانلاندۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ شۇنداقلا ئاتالمىش «gharbzadegi» غا يەنى غەربنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى زەھەرلىشىگە قايتۇرغان ئىنكاسىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى ئىدى. ئۇ مەيلى كونكرېت مەزھەب شەكلى قانداق بولسۇن، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ شۇيەرلەرگە ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن كۆرسەتكەن تەسىرىنى تازىلايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

مۇسۇلمانلار رەھبەرلىرى ئىلگىرى ھەقىقەتەن ئۆزخەلقىغە: «بىز چوقۇم غەربلىشىشىمىز كېرەك» دەپ ئېيتقان. ئەمما ئۇلاربۇ گەپنى 20-ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىكىدە دېگەن بولسا، چوقۇم يالغۇز قالاتتى. دېمىسىمۇ غەرب قىممەت قارىشى ۋە تۈزۈلمىسىنى ماختايدىغان مۇسۇلمان تېپىشىمىز ھەقىقەتەن تەس. مەيلى ئۇلار سىياسىئون، ھۆكۈمەت ئەمەلدارى، ئالىم، سودىگەر ياكى مۇخبىر بولسۇن، ئەكسىچە ئۇلار ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ پەرقىنى، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەكىتلەپ، مەدەنىيىتىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن غەربنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىنى توسىدۇ. مۇسۇلمانلار غەربنىڭ كۈچىدىن شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ جەمئىيىتىگە، ئېتىقادىغا بولغان تەھدىتىدىن قورقىدۇ ۋە نەپرەتلىنىدۇ. ئۇلار غەرب مەدەنىيىتىنى دۇنياپەرەسلىك، چىرىكلەشكەن، خۇنۇك ۋە ئەخلاقسىزلىق، دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا غەرب مەدەنىيىتىنى ئازدۇرغۇچى دەپمۇ قارايدۇ، شۇڭلاشقا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا بولغان تەسىرىنى توسۇشنى تەكىتلەيدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ غەربكە ھۇجۇم قىلىشى غەربلىكلەرنىڭ ئېتىقادىدا كەمتۈكلۈك بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەمەس (ھېچبولمىسا «قەغەز يۈزىدىكى دىن»)، بەلكى غەربنى ھېچقانداق دىنغا ئېتىقاد قىلمايدۇ دەپ قارايدىغانلىقىدىن. مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە غەرب دىنىدىن خالىي، ھېچقانداق دىنىي ئېتىقادى يوق، شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇلار ئەخلاقسىز. غەربتىكى بۇ ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان خرىستىئان دىنىغا سېلىشتۇرغاندا يۇقىرىقى ھادىسىلەر تېخىمۇ چوڭ جىنايەت. سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە مۇسۇلمانلار غەربنى «خۇداغا ئىشەنمەيدىغان كوممۇنىزم» دەپ قارايتتى، سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مەدەنىيەت توقۇنۇشىدا، غەربنى «خۇداغا ئىشەنمەيدىغان غەرب» دەپ قارايدىغان بولدى.

غەربنى ھاكاۋۇر، دۇنياپەرەس، ئەزگۈچى، رەھىمسىز، خۇنۇك دەپ قارايدىغانلارنىڭ ئىچىدە ئىپتىدائىي ئەقىدە پەرەس مۇسۇلمان ئۆلىمالارلا ئەمەس، بەلكى غەرب بىزنىڭ تەبىئىي ئىتتىپاقدىشىمىز دەپ قارايدىغان كىشىلەرمۇ بار. 1990-يىللاردا مۇسۇلمان يازغۇچىلار نەشر قىلغان كىتابلارنىڭ ئىچىدە فاتىمە مۇنىسەنىڭ غەربتە ئالقىشلانغان «ئىسلام دىنى ۋە دېموكراتىيە» ناملىق ئەسىرىدەك ئەسەر يوق. غەربلىكلەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا بۇ كىتابنى ھازىرقى زامان ئەركىن ئىسلام ئاياللىرىنىڭ دادىل پىكرى دەپ قارايدۇ. بۇ كىتابتا غەربنىڭ ئوبرازىغا ئېتىبار قىلىنمىغان. فاتىمە مۇنداق كۆرسەتكەن: «غەرب – مىلىتارىزم ۋە جاھانگىردۇر. ئۇلار باشقا دۆلەتلەرگە مۇستەملىكىچىلىك ۋەھىمىسى بىلەن زەخمەت كەلتۈردى. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىسى بولغان شەخسىيەتچىلىك (بارلىق يامانلىقنىڭ مەنبەسى). غەربنىڭ كۈچى قورقۇنچلۇق، (سۈنئىي ھەمرا ئەرەبلەرنى تەربىيىلەشكە ئىشلىتىلەمدۇ ياكى ئەرەبلەرنىڭ بېشىغا بومبا تاشلاشقا ئىشلىتىلەمدۇ، بۇنى غەربلا قارارلاشتۇرالايدۇ. . .) غەرب بىزنىڭ كۈچىمىزنى ئاجىزلاشتۇرماقتا. ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتى ۋە تېلېۋىزىيە قاناللىرى، كىنو فىلىملىرى بىلەن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى ئىلەشتۇرمەكتە، بىزنى ۋەيران قىلماقتا. بازارلىرىمىزنى ئىگىلىمەكتە. بىزنىڭ بايلىق مەنبەلىرىمىزنى، ئىجادچانلىقىمىزنى ۋە يوشۇرۇن كۈچىمىزنى كونترول قىلىۋالماقتا. بۇ، بىزنىڭ ۋەزىيەتكە بولغان قارىشىمىز. دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشى بىزنىڭ قارىشىمىزنى ئىسپاتلىدى. غەرب ھەربىي پەن-تەتقىقاتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۈچىنى بەرپا قىلدى، كېيىن بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرگە سېتىپ بەردى. بۇدۆلەتلەر (پاسسىپ ئىستېمالچىلار) دۇر. بۇخىل بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىسلام چوقۇم ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇش، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشى، قوراللارنى ئۆزى ئىشلەپچىقىرىپ (ئۇ، يادرو قورالى ياكى ئادەتتىكى قورال ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتمىغان)، غەربكە ھەربىي

بېقىندى بولۇشتىن قۇتۇلۇشى لازىم. شۇنى يەنە تەكىتلەپ ئۆتەيكى، بۇ، ئۇزۇن ساقال قويۇۋالغان، ئۇزۇن يەكتەك كىيىۋالغان ئاياتۇللانىڭ قارشىسى ئەمەس.

سىياسىي ياكى دىنىي قاراشنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇسۇلمانلار بىردەك ئۆز مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئارىسىدا تۈپكى پەرق بار، دەپ قارايدۇ. خۇددى سەيق قانۇش ئېيتقاندەك: «تۈپ مەسىلە بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ غەربكە ئوخشىمايدىغان قىممەت قارىشى ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىدا». بىر مىسىر ھۆكۈمەت خادىمى مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكىلىقلار بۇ يەرگە كېلىپ، بىزنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار بىزنىڭ قىممەت قارىشىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىز ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيدۇ». بىر مىسىر مۇخبىرىمۇ شۇنداق قاراشتا مۇنداق دېگەن: «بىز ئوخشىمايمىز. بىز ئوخشىمايدىغان ئارقا كۆرۈنۈش، ئوخشىمايدىغان تارىخقا ئىگە. شۇڭلاشقا، ئوخشىمايدىغان كەلگۈسىگە ئىگە بولۇش ھەققىمىز بار». مەيلى ئېقىۋاتقان گېزىت-ژۇرنال ياكى كەسكىن ئىسلامچە ئىلمىي مەتبۇئات بولسۇن، ھەممىسى غەربنىڭ سۈيىقەستلىرىنى، شۇنداقلا غەربنىڭ ئىسلام تۈزۈلمىسى ۋە مەدەنىيىتىنى ئالقىنىغا ئېلىۋېلىش، بۇرمىلاش غەرىزىنى قايتا-قايتا چۈشەندۈرۈشتى.

غەربكە قارشى ئىنكاسنى ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرىنىڭ غەربكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. مۇستەملىكىچىلىكتىن كېيىنكى مەزگىللەردە مۇسۇلمان دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدىيە سىستېمىسى ۋە سىياسىتى غەربچە، تاشقى سىياسىتى غەربكە مايىل بوپقالدى، پەقەت ئالجىرىيە ۋە ھىندونوزىيىلا ئۇنداق بولمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقى مىللەتچىلىك ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بىراق ئىراق، لىۋىيە، يەمەن، ئىران، سۇدان، لىۋان ۋە ئافغانىستاندىكى غەربكە مايىل ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئورنىنى غەربنى تازا ئېتىراپ قىلىپ كەتمەيدىغان ياكى غەربكە ئېنىق قارشى تۇرۇدىغان ھۆكۈمەتلەر بىر-بىرلەپ ئالدى. باشقا دۆلەتلەرنىڭ يۆنىلىشى ۋە ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىمۇ مۇشۇ يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. بىراق ئۆزگىرىش ئۇنداق كەسكىن بولمىدى، بۇ دۆلەتلەر تۇنىس، ھىندونوزىيە ۋە مالايسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئامېرىكىنىڭ سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ئەڭ مۇستەھكەم ئىككى ھەربىي ئىتتىپاقدىشى تۈركىيە ۋە پاكىستانمۇ دۆلەت ئىچىدە ئىسلامىزمدىن كەلگەن سىياسىي بېسىمغا ئۇچرىدى، ئۇلار بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتى كۈنسايىن تېخىمۇ زور بېسىمغا ئۇچراۋاتىدۇ.

مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئىچىدە 1995-يىلغىچە ئون يىل ئاۋۋالقىغا قارىغاندا، غەربكە خېلىلا يېقىنلاشقان دۆلەت پەقەت بىرلا كۇۋەيت. غەربنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى يېقىن دوستلىرى غەربكە كۇۋەيت، سەئۇدىي ئەرەبىستانى ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدەك غەربكە ھەربىي جەھەتتە تايىنىدىغان دۆلەتلەر ئەمەس، بەلكى مىسىر، ئالجىرىيەدەك ئىقتىسادىي جەھەتتە تايىنىدىغان دۆلەتلەردۇر. 1980-يىللارنىڭ ئاخىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي ياۋروپانى ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتە قوللىيالىشى مۇمكىن بولمىغان ياكى قوللاشنى خالىمىغان چاغدا، بۇ ھاكىمىيەتلەر ئارقا-ئارقىدىن غۇلاپ چۈشتى. ئەگەر غەربمۇ مۇسۇلمان بېقىندى دۆلەتلەر ھاكىمىيەتلىرىنى قوللىيالمىغاندا، بۇلارمۇ شۇخىل تەقدىرگە قالغان بولاتتى.

مۇسۇلمانلارنىڭ غەربكە قارشى ھېسسىياتىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، غەربنىڭ «ئىسلام تەھدىتى»گە بولغان دىققىتىمۇ بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. بولۇپمۇ ئۇلار مۇسۇلمان رادىكاللىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تەھدىتتىن بەكرەك ئەنسىرەيدۇ. ئىسلام يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتىشنىڭ ۋە تېررورىزمنىڭ بىر مەنبەسى، دەپ قارالماقتا. ھەتتا ياۋروپادا، قارشى ئېلىنمايدىغان كۆچمەنلەرنىڭ مەنبەسى، دەپ قارالماقتا. بۇلارغا ئامما ۋە رەھبەرلەرمۇ ئوخشاشلا باش قاتۇرماقتا. مەسىلەن، 1994-يىلى نويابىردىكى بىر تەكشۈرۈشتە كىشىلەردىن «ئىسلام گۈللىنىشى» ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى مەنپەئىتىگە تەھدىت ئەكېلىدىغان ياكى ئەكەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە سورالغاندا، دىپلوماتىيىگە قىزىقىدىغان 35 مىڭ ئامېرىكا پۇقراسى ئىچىدە 60%ى: «ھەئە»، 20%ى: «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەن. بىر يىل ئاۋۋالقى ئىختىيارىي تەكشۈرۈشتە، قايسى دۆلەت ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئەڭ خەتەرلىك دەپ سورالغاندا، ئۇلارنىڭ جاۋابىدىكى ئالدىنقى ئۈچ دۆلەت ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىران، جۇڭگو ۋە ئىراق بولغان. يەنە 1994-يىلى ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە نېمىنىڭ ئامېرىكىغا «ئەڭ زور تەھدىت» ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، 72% ئامما ۋە 61% دىپلوماتىيە رەھبەرلىرى يادرو كېڭىيىپ كېتىشى دەپ قارىغان، 69% ئامما ۋە 33% رەھبەرلەر خەلقئارا تېررورىزم دەپ قارىغان. بۇ ئىككى مەسىلە ئىسلام دىنى بىلەن كەڭ دائىرىدە مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭدىن باشقا 33% ئاۋام ۋە 39% رەھبەر كېڭىيىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان ئىسلام تەقۋادارلىقى دەپ قارىغان، ياۋروپالىقلارمۇ ئاساسەن شۇنداق قاراشتا. مەسىلەن، 1991-يىلى ئەتىيازدا 51% فرانسىيىلىك فرانسىيىگە كېلىدىغان ئاساسىي خەۋپ جەنۇبتىن كېلىدۇ دەپ قارىغان، ئاران 8% ئادەم شەرقتىن كېلىدۇ دەپ قارىغان. فرانسىيىلىكلەر ئەڭ ئەنسىرەيدىغان تۆت دۆلەتنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان دۆلەتلەر. خەلقنىڭ 52%تى ئىراقنى، 35%تى ئىراننى، 26%تى لىۋىيىنى، 22%تى ئالجىرىيىنى كۆرسەتكەن. غەربنىڭ سىياسىي رەھبەرلىرى، گېرمانىيە، فرانسىيە باش مىنىستىرلىرىمۇ شۇنداق قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپىمۇ ئىسلام تەقۋادارلىرى غەربكە نىسبەتەن «ھېچبولمىغاندىمۇ

ئېلگىرىكى كوممۇنىزمغا ئوخشاشلا خەتەرلىك» دەپ جاكارلىدى. كلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭ بىر «مۆتىۋەر ئەمەلدارى» ئىسلام غەربنىڭ پۈتكۈل يەرشارىدىكى رەقىبى، دەپ كۆرسەتتى.

شەرقتىن كېلىدىغان تەھدىت ئەمەلىيەتتە تۈگىگەندىن كېيىن، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ پىلانى بارغانسېرى جەنۇبتىن كېلىدىغان يوشۇرۇن تەھدىتكە يۆتكىلىشكە باشلىدى (بۇ يەردىكى جەنۇب ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى بەزى دۆلەتلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. — ت). ئامېرىكىنىڭ بىر ھەربىي تەھلىلچىسى 1992-يىلى: «جەنۇب مۇداپىئە لىنىيىسى» مەركىزىي مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ ئورنىنى ئالماقتا ھەمدە «تېزلا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ يېڭى ئالدىنقى سېپى بوپقالىدۇ» دېدى. جەنۇبتىن كېلىدىغان تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا جەنۇبتىكى ئىتالىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىرلەشمە ھەربىي پىلان تۈزۈشتى ۋە بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە غەربتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرىدىن ئىسلام رادىكاللىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ چارىلىرىنى سورىدى. مانا بۇ تەسەۋۋۇردىكى تەھدىتمۇ زور بىر تۈركۈم ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ياۋروپادىكى مەۋجۇدلۇقىغا ئاساس بولۇپ بەردى. ئامېرىكىنىڭ بىر ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارى: «ئامېرىكىنىڭ ياۋروپادىكى ھەربىي قىسمى ئىسلام تەقۋادارلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭگۈشتىرى بولمىسىمۇ، بۇ پۈتكۈل رايوننىڭ ھەربىي پىلانىغا ھەقىقەتەن زور تەسىر كۆرسەتتى. 1990 ۋە 1991-يىلى ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە، فرانسىيە ئارمىيىلىرىنىڭ دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟ بۇ، دېڭىز قولتۇقى رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ ئېسىدە» دېدى. بەلكىم بۇ جۈملىگە ئۇلار بۇنى ھەمىشە غەزەپ - نەپرەت بىلەن ئەسلەيدۇ دېگەن جۈملىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەكتۇ.

غەرب بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان قارشىنى، شۇنداقلا ئىسلام رادىكالىزمىنىڭ باش كۆتۈرۈشىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئىسلام بىلەن غەربنىڭ 1979-يىلىدىكى ئىران ئىسلام ئىنقىلابىدىن كېيىن كېڭەيگەن مەدەنىيەت ساھەسىدىكى يېرىم ئۇرۇشى ھېچقانچە ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. بۇنى «يېرىم ئۇرۇش» دەپ ئاتاشنىڭ مۇنداق ئۈچ سەۋەبى بار: بىرىنچى، ئۇ پۈتكۈل ئىسلامىيەت بىلەن پۈتكۈل غەربنىڭ كۈرىشى ئەمەس، بەلكى ئىككى تەقۋادار دۆلەت (ئىران، سۇدان)، ئۈچ تەقۋادار ئەمەس دۆلەت (ئىراق، لىۋىيە، سۇرىيە) ۋە باشقا ئىسلامىزمچى تەشكىلاتلارنىڭ سەئۇدىي ئەرەبىستانى ۋە باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئامېرىكا بەزىدە ئەنگلىيە، فرانسىيە، باشقا غەرب دۆلەتلىرى ۋە گۇرۇھلار، ئىسرائىلىيە - يەھۇدىيلارغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىدۇر. ئىككىنچى، 1990ۋە 1991-يىللىرىدىكى دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۈرەش چەكلىك ۋاسىتىلارغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغاندى: بىر تەرەپ تېررورىزمنى، يەنە بىر تەرەپ ھاۋادىن زەربە بېرىش، مەخپىي ھەرىكەت ۋە ئىقتىسادىي جازا دېگەندەك ھەرىكەتلەرنى قوللاندى. ئۈچىنچى، زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرى گەرچە داۋاملىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۈزۈلمەي ئىزچىل داۋاملاشمىدى. بۇ يېرىم ئۇرۇش بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ئىنكاسىنى قوزغايدىغان، پات-پات يۈز بېرىپ تۇرۇدىغان ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقتىمۇ يېرىم ئۇرۇشمۇ يەنىلا ئۇرۇشتۇر. 1991-يىلى يانۋاردىن فېۋرالغىچە غەربتە يۈز بەرگەن پارتلاشلاردا ئۆلگەن، يارىلانغان ئەسكەر ۋە پۇقرا نەچچە مىڭغا يېتىدۇ. 1979-يىلىدىن كېيىنمۇ ئەمەلىيەتتە ھەر يىلى ئۆلۈش - يارىلىنىش بولۇپ تۇردى. بۇ يېرىم ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى دېڭىز قولتۇقىدىكى «ھەقىقىي ئۇرۇش»تا ئۆلگەنلەرنىڭ سانىدىن كۆپ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىككى تەرەپ ئەمەلىيەتتە بۇخىل توقۇنۇشنى ئۇرۇش دەپ قارايدۇ. ئايەتۇللا ھۇمەينىي بۇرۇنلا ناھايىتى توغرا ئېيتقان: «ئىران ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ.» كازافىي غەربكە قارشى جىھاد ئېلىپ بېرىشنى قەرەللىك جاكارلاپ تۇردى. باشقا رادىكال تەشكىلات ۋە دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار رەھبەرلىرىمۇ شۇنداق پوزىتسىيە تۇتقان. ئامېرىكا «تېررورچى دۆلەت» دەپ تىزغان يەتتە دۆلەتنىڭ بەشى مۇسۇلمان دۆلە (ئىران، ئىراق، سۇرىيە، لىۋىيە، سۇدان)، قالغان ئىككىسى كۇبا، شىمالىي چاۋشيەنلەردىن ئىبارەت. بۇ ئۇلارنى دۈشمەن دەپ قارىغانلىق بىلەن باراۋەر. چۈنكى بۇ دۆلەتلەر ئۆزىدە بار ئەڭ ئىلغار قوراللار بىلەن ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇلارمۇ بۇ دۆلەتلەر بىلەن ئارىدا ئۇرۇش ھالىتىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتۇر.

ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى بۇ دۆلەتلەرنى «قانۇنسىز»، «ئەكسىيەتچى»، «ئىشەنچسىز» دەپ ئەيىبلىدى ۋە ئۇلارنى مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەر قاتارىدىن چىقىرىۋېتىپ، قوش تەرەپلىمە ۋە كۆپ تەرەپلىمە قارشى تەدبىر قوللىنىدىغان قانۇنلۇق ئوبيېكتقا ئايلاندۇردى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خەلقئارا سودا مەركىزىنى پارتلاتقانلارنى (بۇ، 1993-يىلىدىكى پارتلىتىشنى كۆرسىتىدۇ. — ت) «ئامېرىكىغا قارشى بىر مەيدان شەھەر تېررورلۇقى ئۇرۇشى قوزغىماقچى» دەپ ئەيىبلىدى. يەنە مانخاتتوندا پارتلىتىش دېلوسىنى پەيدا قىلماقچى بولغانلارنى «ئامېرىكىغا قارشى بىر مەيدان ئۇرۇشقا قاتناشقان جەڭچى» دەپ ئەيىبلىدى. ئەگەر مۇسۇلمانلار، غەرب ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش ئاچتى دەپ، غەرب بولسا مۇسۇلمانلار غەربكە قارشى ئۇرۇش ئاچتى دەپ جاكارلىسا، ئۇنداقتا بىز ئۇرۇشقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەلۇم بىر ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ،

دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز. بۇ يېرىم ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىدىن ۋە بىر-بىرىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ. ھەربىي نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ ئۇرۇش تېررورىزمنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇشىدۇر. باتۇر ئىسلام مۇجاھىدلىرى ئېچىۋېتىلگەن غەرب جەمئىيىتىدىن پايدىلىنىپ، تاللىغان نىشانلىرىنى پارتلىتىدۇ، غەربنىڭ كەسپىي ئەسكەرلىرى بولسا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن پايدىلىنىپ، تاللىغان نىشانلىرىغا بومبا تاشلايدۇ. ئىسلام غازىلىرى مەشھۇر غەرب رەھبەرلىرىنى قەستلەيدۇ، ئامېرىكا بولسا رادىكال ئىسلام ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشنى پىلانلايدۇ. 1980-يىلىدىن باشلاپ 1995-يىلىغىچە بولغان 15 يىل ئىچىدە، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرقتە 17 قېتىملىق ھەربىي ھەرىكەتكە قاتناشقان. نىشانىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار. ئامېرىكا باشقا مەدەنىيەتكە تەۋە خەلققە بۇنداق ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ باقمىغان.

دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىدىن باشقا، ھەر ئىككى تەرەپ ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش پارتلاپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىنى نۇۋاپىق تۆۋەن دەرىجىدە ساقلاپ كەلدى. «ئىقتىساد-نۇناسلار» ژۇرنىلى مۇنداق دېگەن: «ئەگەر لىۋىيە ۆزىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ يولۇچىلار پاراخوتىنى پارتلىتىۋەتسە، ئامېرىكا بۇنى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇرۇش ھەرىكىتى دەپ قاراپ، سۇ ئاستى پاراخوت خادىملىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ يۈرمەيدۇ. پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، لىۋىيە ئالاھىدە ھەرىكەت خادىملىرىنىڭ يولۇچىلار ئايروپىلانىنى پارتلىتىۋەتكىنىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىش» (بۇ 1988-يىلى لىۋىيە ئالاھىدە خادىملىرىنىڭ ئامېرىكا يولۇچىلار ئايروپىلانىنى پارتلىتىۋەتكىنىنى دېمەكچى. — ت). بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ قوللانغان زوراۋانلىق ۋاستىلىرى ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە قوللانغان زوراۋانلىق ۋاستىلىرىدىن كۆپىنچە ئوخشىمايدىغىنى، سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنىڭ پۇقرالىرىنى ھەتتا ھەربىيلىرىنىمۇ مەقسەتلىك ئۆلتۈرمىگەن. بولمىسا بۇنداق ئىشلار يېرىم ئۇرۇشتا بولۇپ تۇرىدۇ.

ئامېرىكا رەھبەرلىرى: يېرىم ئۇرۇشقا قاتناشقىنى پەقەت ئاز ساندىكى مۇسۇلمانلار، ئۇلارنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىمۇ كۆپ ساندىكى مۆلايىم مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى دېيىشىدۇ. بۇ بەلكىم توغرىدۇ، بىراق دەلىل كەم. تاھازىرغىچە مۇسۇلمان دۆلەتلەردە غەربكە قارىتىلغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلەرگە قارشى ئېتىراز بىلدۈرۈش ھەرىكەتلىرى بولۇپ باقمىدى. مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ، ھەتتا غەرب بىلەن دوستانە، غەربكە تايىنىدىغان، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ھۆكۈمەتلەرمۇ غەربكە قارشى زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر ئەيىبلەنگەندە، كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ سۈكۈت قىلدى. يەنە بىر جەھەتتىن ياۋروپا دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكىنىڭ مۇسۇلمان رەقىبلىرىگە قوللانغان ھەرىكىتىنى قوللايدۇ ھەم ناھايىتى ئاز ئەيىبلەيدۇ. بۇ، سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى قوللانغان ھەرىكەتلىرىگە كۈچەپ قارشى تۇرغانلىقى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ. مەدەنىيەت توقۇنۇشىدا، ئىدېئولوگىيە توقۇنۇشىغا ئوخشىمايدىغان ھالدا، مەۋقەنى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بەلگىلەيدۇ.

غەرب دۇچ كەلگەن تۈپ مەسىلە ئىسلام تەقۋادارلىقى ئەمەس، بەلكىم ئوخشاشمايدىغان مەدەنىيەت يەنى ئىسلام. ئۇنىڭ خەلقى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ ھەم ئۆز كۈچىنىڭ زەئىپ ئورۇندا تۇرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئىسلامنىڭ دۇچ كەلگىنى ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئەمەس، بەلكى باشقا بىر مەدەنىيەت — غەرب. ئۇلار ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياۋىلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ كۈچى ئاجىزلاۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ئەۋزەللىك يەنىلا ئۇلارغا ئۆز مەدەنىيىتىنى پۈتكۈل دۇنياغا كېڭەيتىش مەجبۇرىيىتىنى يۈكلىگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. مانا بۇلار ئىسلام بىلەن غەربنىڭ توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈپ سەۋەبتۇر.

## بېكىتكۈچىدىن ئىزاھلار

① ئىبېرىيە — ياۋروپانىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يېرىم ئارال. تارىختا ھازىرقى ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيە جايلاشقان يەر.

② ۋىزانتىيە — قارا دېڭىز بوغۇزىغا جايلاشقان شەھەر، مىلادىدىن 7 ئەسىر ئىلگىرى يۇنانلار بىنا قىلغان. مىلادىيە 330-يىلى رىم پادىشاسى كونىستانتىن بۇ شەھەرنى پايتەخت قىلىپ، نامىنى كونىستانتىنوپول قىلىپ ئۆزگەرتكەن. مىلادىيە 395-يىلى رىم پادىشالىقى پارچىلانغاندىن كېيىن، شەرقىي رىم پادىشالىق (يەنى ۋىزانتىيە پادىشالىقى ۋە يەنى رۇم پادىشالىقى) نىڭ پايتەختى بولۇپ قالغان. 1453-يىلى ئوسمان تۈركلىرى ئىشغال قىلىپ، شەھەر نامىنى «ئىستانبول» غا ئۆزگەرتكەن.


③ گرانادا — ئىسپانىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى. بۇ شەھەر ئەرەبچە «كەرناتاھ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئەسىردە شۇيەردە مۇستەقىل خەلىپىلىك دۆلەت قۇرغان.

④ كلۇنىيە — فرانسىيىدىكى بىر ئىبادەتخانىنىڭ نامى. مىلادى 10 — 11-ئەسىرلەردە ئىبادەتخانىلارنى باشقۇرۇش، مۇخلىسلارنى ئائىلىسىدىن چەتلەشتۈرۈش، نىكالاندۇرماسلىق، پاپالىق ھوقۇقىنى دەھرىي پادىشالارغا تۇتقۇزماسلىق، پاپاغا پادىشاھنى ئورنىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بېرىش ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان؛ بۇ ھەرىكەت تارىختا «كلۇنىيە ئىسلاھاتى»، «كلۇنىيە ھەرىكىتى» دەپ ئاتالغان.

---

شىنخۇا نەشرىياتى 1999-يىلى يانۋاردا قايتا نەشر قىلغان «مەدەنىيەت توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» ناملىق كىتابتىن **ئابدۇرېھىم دۆلەت** تەرجىمىسى (M2)

تەرجىمىسنى بېكىتكۈچى: توختى باقى ئارتىشى (ئالىي تەرجىمان، تەكلىپ قىلىنغان)



# قانىتى بوغۇلغان تىنچلىق كەپتىرى

ئابدۇربهم دۆلەت

باللىق چاغلىرىمنىڭ بىر قىسمى يېزىدا ئۆتكەن. شۇ چاغلاردا بىزنىڭ ئۆينىڭ ئۇدۇلىدا بىر زومگەر قوشنىمىز بولىدىغان. ئۇ باشقا قوشنىلارغا قارىغاندا خېلى قول-ئىلكىدە بار ــ هاللىق ئىدى. هازىر ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ، ئۇلارنىڭ بەشمۇ، ئالتىمۇ ئوغلى بولىدىغان، ئۇلارمۇ خۇددى ئاتا-ئانىسىدەكلا جېدەلخور، بىر-بىرىدىن ئۆتە كۆكەملەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ مەهەللىدە دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغاندى. ئۇلار باشقىلارنىڭ بېغىغا ئېقىۋاتقان سۇنى باغلاپلا ئۆز بېغىغا باشلىۋالاتتى، ئۇنىڭغا هېچكىم چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەيتتى. بىزنىڭ مەهەللىدە هېچكىم ئۇلارنى ياقتۇرمىسىمۇ، هېچقايسىسى ئاشكارا ئۆكتە قوپالمايتتى. مەهەللىدىكىلەر قۇلاق تىنچ، خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن چېقىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆكتەملىكلىرىگە سەۋر قىلىپ، ئىچىگە تىنىشىپ ئۆتەتتى. مەهەللىنىڭ جامائەت ئىشىدىمۇ هەممە ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. ئۇلار سورۇن بېشى، مەهەللە ئاقساقلى ئىدى. هەتتا مەهەللىمىزدىكى بەزى تولىمۇ نامرات كىشىلەر ئۇلارنى ئىجاتچىمىز، غەمگۇزارىمىز، دەپ بىلىشەتتى. مەن ئۇنىڭ ئېمىشقىلىقىنى هېچ چۈشىنەلمەيتتىم. مەهەللىدە بىرەر كىم ئۇلار بىلەن جېدەللىشىپ قالسا، سېكرىتار ياكى كەنت باشلىقى كېلىپ جېدەلنى سورىسىمۇ، يەنىلا ئاۋۋال زومگەر قوشنىمىزغا ئەمەس، يەنە بىر تەرەپكە نەسىهەت قىلاتتى. زومگەر قوشنىمىزغا نەسىهەت قىلغاندا بولسا، يەنە بىر تەرەپكە سۆزلىگەندەك بۇيرۇق-تەنبىه تەلەپپۇزىدا ئەمەس مەسلىهەت، ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا گەپ قىلاتتى. مەن بۇنىڭغىمۇ هەيران قالاتتىم هەم هېچ چۈشىنەلمەيتتىم.

سېكرىتارلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن قوشنىمىز زومگەرلىكىنى يەنە قىلىۋېرەتتى، مەهەللىنىڭ ۋەزىيىتىدە هېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايتتى.

مانا ئەمدى مەنمۇ چوڭ بولدۇم. ئەلۋەتتە، تېخى چوڭ بولدى دېگىلى بولماس. ئەمما مەن شۇ ۋاقىتتا، هەرگىزمۇ مەن چوڭ بولغاندا ياشايدىغان، كۆرىدىغان دۇنيانىڭ، دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ بىزنىڭ شۇ مەهەللىدىكى كىچىك دۇنيا بىلەن ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن. دۇنيا دېگەندە كۆپچىلىك ياقتۇرمىسىمۇ، بولىدىغان ئىش بولۇۋېرىدىكەن، توساپ قالغىلى بولمايدىكەن.

مانا هازىر دۇنيادا بىزنىڭ هېلىقى قوشنىمىزدەك زومگەر دۆلەتلەرمۇ، شۇ دۆلەتلەر بىلەن ئارازلىشىپ قېلىش، ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن هەربىر سۆز - هەرىكىتىگە ئالاهىدە دىققەت قىلىدىغان دۆلەتلەرمۇ، يەنە شۇ دۆلەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجاتچىسى دەپ بىلىدىغان هېلىقى نامرات قوشنىلىرىمدەك دۆلەتلەرمۇ تۇرۇپتۇ. ئەينى ۋاقىتتا مەن هېلىقى نامرات قوشنىلىرىمىزنىڭ زومگەر قوشنىمىزنى نېمىشقا غەمگۇزار دەپ بىلىدىغانلىقىنى هېچ چۈشىنەلمەيتتىم. مانا ئەمدى بۇنىڭ تېگىگە يەتكەندەك، سېكرىتار ۋە كەنت باشلىقىنىڭ نېمىشقا زومگەر قوشنىمىزغا مەسلىهەت، ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا گەپ قىلىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەنگەندەك بولدۇم.

مەهەللىمىز شۇ چاغدا پات-پات بوپقالىدىغان قوشنىلارنىڭ جېدەللىرىنى هېسابقا ئالمىغاندا(ئەلۋەتتە، شۇ جېدەللەردىمۇ هېلىقى زومگەر قوشنىمىز ئۆزىچە قازىلىق قىلىپ كېتەتتى) ئاساسەن دېگۈدەك تىنچ-خاتىرجەم ئىدى.

ئەمدى ئويلاپ باقسام، مەھەللىمىزنىڭ بۇ تىنچلىقى قوشنىلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ بىر قىسىم مەنپەئەتىنى، ئىززەت-غۇرۇرىنى قۇربان قىلىشى بەدىلىگە كەلگەنىكەن. ھاقارەتلىك تۇرمۇشتا ياشاشقا كۆنۈش دەل ئاز-تولا مەنپەئەت - غۇرۇرنى قۇربان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەم بۇ خىل ھاقارەتلىك تۇرمۇشنى ئۆزگەرتەلمىگەن ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغانىكەن، چىداشقا، ھېلىقى بەدەللەرنى تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. ناۋادا قوشنىلىرىمىز بۇ بەدەللەرنى تۆلەشكە كۆنمىگەن بولسا، مەھەللىمىزدىن جېدەل-ماجرا ئۈكسىمىگەن، خاتىرجەملىك بولمىغان بولاتتى. مانا بۇ بىزنىڭ مەھەللىنىڭ «تىنچلىق»ى.

دېمەك، دۇنيانىڭ ئىشلىرى خۇددى بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئىشلىرىدەكلا ئاددىي. پەقەت ئۇنى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان، چۈشىنىكسىز قىلىپ قويغىنى كۆلەم ۋە مىقدارنىڭ ھەددىدىن زىيادە كېلەڭسىز بوپكەتكىنى. پەقەت ئائىلىلەرنىڭ ئورنىغا مىللەت، دۆلەتلەر ئالماشتى، خالاس. يەنە ئۇنىڭغا قوشۇلغان خەلقئارالىق تەشكىلات، دۇنيا تەرتىپى، قانۇن-تۈزۈم، ئارمىيە.. دېگەندەكلەر خەلقئارا ئىشلارنى بىزگە سەل مۇرەككەپ بىلدۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ.ھازىر دۇنيا تەرتىپى ئورنىتىش، دۇنيا ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش دېگەندەك چوڭ گەپلەر پەقەت ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتە كۈچلۈكلىكىدىن ئۆز مۇرادىنى باشقىلارغا تېڭىشقا ئىشەنچىسى بار دۆلەتلەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتىدۇ. خەلقئارالىق قارار-بەلگىلىمىلەرنىڭ ماقۇللىنىشى شۇ دۆلەتلەر ئاۋاز قوشماي ئىشقا ئاشمايدۇ. ئەينى چاغدا، بىزنىڭ زومىگەر قوشنىمىزمۇ مەھەللىنىڭ ئومۇمىي «مەنپەئەتىنى كۆزلەپ»، جامائەت ئىشلىرىدا مەھەللىنىڭ باشقا بىرنەچچە چوڭى بىلەن باش قوشۇپلا بىر قاتار قائىدە - يوسۇنلارنى بەلگىلەپ قوياتتى. باشقا قوشنىلارنىڭ ئوي-خىياللىرى بىلەن كارى يوق ئىدى. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرى خالىمىسىمۇ، شۇ قائىدە-يوسۇنلار بىلەن ئىش كۆرۈشكە مەجبۇر ئىدى. زومىگەر قوشنىمىزنىڭ دائىملىق ئۇلپەتلىرىمۇ مەھەللىمىزدىكى ھاللىقراق كىشىلەر، سېكرىتار، كەنت باشلىقى، كەنت كادىرلىرى ئىدى. مانا ھازىر دۆلەتلەرمۇ بىر-بىرى بىلەن شۇنداق «ئۇلپەتلىشىۋېتىپتۇ».

ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بىزنىڭ قوشنىلىرىمىز پات-پات غىڭشىلدىشىپ قالسىمۇ، يەنىلا تېزلا يارىشىۋېلىپ، ئاداۋەتلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشىپ، بىر-بىرىدىن ئەھۋال سوراپ چاي قويۇشاتتى. قوشنىدارچىلىقتىن مېھر-مۇھەببەتنى، ئىللىقلىقنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. ھازىر دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئادەمگە «ئاغزىدا كۈلكە-چاقچاق، يېڭىدە خەنجەر-پىچاق» دېگەن ماقالنى ئەسلىتىپ قويىدۇ. ھازىر خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىن مېھر-مۇھەببەت، ئىللىقلىقنى ھېس قىلىش مۇمكىنمۇ؟

توغرا، كۈچلۈك رىقابەتكە تولغان ئىجتىمائىي مېخانىزمغا ئىگە بۇ زامانىۋى دۇنيا ئۆزىنىڭ ئېنىق بولمىغان نىشانىغا قاراپ شىددەتلىك ئىلگىرىلەش داۋامىدا چىقارغان سوغۇق شاماللىرى بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا ئاران پىلىلداپ يېنىۋاتقان مېھر-مۇھەببەت، كۆيۈمچانلىق شامىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. 7-ئاينىڭ تومۇز ئىسسىقلىرىدىمۇ ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدى توڭلاپ تىترەۋاتىدۇ. ئىستېمال ئېڭى، دۇنيادا بولىدىغان بارلىق مۇناسىۋەتلەرگە خۇددى سۇ تۇپراققا سىڭگەندەكلا سىڭىپ، سەمىمىيلىك، خالىسلىق، ئىخلاسمەنلىك كۆھىقاپتىن ئورۇن ئالدى.

مانا بۈگۈن مەدەنىيەتلىك ئىنسانلارنىڭ جىنايەتلىرىمۇ مەدەنىيەتتىن رەڭ ئېلىۋاتىدۇ. نەتىجە، قوللىنىلغان ھەرقانداق ۋاستىنى ھەققەتكە ئايلاندۇرۇپ، مەدەنىيەتلىك ئىنسانلارنىڭ جىنايەتلىرىگە پەلسەپىۋى ئاساس يارىتىپ، ئۇنى تېخىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار بىلىم-مەدەنىيەتتىن تون كىيىۋېلىپ، جىنايەتتە تېخىمۇ تەپتارتماس، قاپ يۈرەك بوپكەتتى. بۇ، كىشىلىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىن كۆرە دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىدە تېخىمۇ روشەن ئەكس ئەتتى.

بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرى ھازىرقى دەۋرنى دېموكراتىيە، ئەركىنلىكنىڭ ئالتۇن دەۋرى، دەپ قاراپ، ئەركىنلىكنى چەك-چېگرىسى ئېنىق بولمىغان بىر فورمىدا چۈشىنىۋاتىدۇ. كىشىلەر بارغانسېرى خۇسۇسقا تەۋە بارلىق ئىشلاردا ئۆزىمىزنىڭ دېگىنى ھېساب، ئىشلىرىمىز ئۆز ئىختىيارىمىزدا، تەقدىرىمىز ئىلكىمىزدە، دەپ ھېس قىلىشماقتا. ئەمەلىيەتتە كىشىلەر ئۆزلىرى ھېس قىلىشقاندەك شۇنداق ئەركىن-ئازادمۇ؟

دەۋرىمىزنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، شەخس ئۆزىنى ئەركىن سانايدۇ، ئەمما ئۇ ئاللىقاچان تاشقى تەسىرلەرنىڭ يىغىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇلار ھازىر ئۆزى پەيدا قىلغان مۇھىتنىڭ تەجرىبە ماتېرىياللىرى. ھازىر شەخسنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنيا ئىنساننى خالىغان بىر رەۋىشتە قايتا «چۇۋۇپ-توقۇۋاتىدۇ» (مۇھەررىردىن)، كىشىلەر ئۆزىگە ئوخشىيالماي ئاۋارە. مۇھىتنىڭ غايەت زور كۈچى ئالدىدا ئۇلار خالاپ - خالىماي، بىلىپ - بىلمەي ئۆزگەرمەكتە. ئۇلار: بىز ئۆزگىرىۋاتىمىز، دۇنيا ئۆزگىرىۋاتىدۇ، دەيدۇ. ماھىيەتتە بولسا ئۇلار ئۆزگىرىۋاتمايدۇ، بەلكى ئۆزگەرتىلىۋاتىدۇ. ئىنسانلار تاشقى ئۈچۈرلار مەركەزلەرشكەن فوكۇس نۇقتىغا ئوخشاپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ تەقدىر-ئىستىقبالى ئەتراپىدىكى دۇنيانىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن. ھازىر ئىنسانلار ھەل قىلىۋاتقان مەسىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ غايىسى، پىلانى ئىچىدىكى مەسىلىلەر بولماستىن، بەلكى دۇنيا، مۇھىت ئۇلارغا تاڭغان مەسىلىلەردۇر. بۈگۈنكى كىشىلەر ئۆزلىرى خالىغان ئىشنى قىلغاندىكى لەززەتتىن مەھرۇم. شۇڭلاشقا بۇ دەۋر گۈزەل غايە-ئارمانلار ئۆلۈۋاتقان دەۋردۇر. ئەقىلنى خۇرۇچ، بايلىقنى تۇۋرۇك، تېخنىكىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ، بازارنى تەڭشىگۈچ قىلغان بۇ ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي تۇرمۇش مېخانىزمىدا ئىنسانلار قويۇندا قالغان قەغەز پارچىلىرىدەك ئوڭ-تەتۈر ئۇچۇشۇپ يۈرۈشمەكتە. ئۇلار: بىز خالىغانچە پەرۋاز قىلىۋاتىمىز، دېگەن ساختا تۇيغۇدا. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇچۇش-قونۇشنى ئۆزلىرى ئەمەس، قويۇن بەلگىلەۋاتىدۇ، ئەمما كىشىلەر بولسا بۇنى ھېس قىلىشالمايۋاتىدۇ. بۇ قويۇننى دەل ئىنسانلار ئۆزلىرى چىقارغان.

ھازىر يەر شارىنى بىر ھارۋىغا ئوخشاتساق، ئىنسانلار بۇ ھارۋىدىكى يولۇچىلاردۇر. ھارۋىنىڭ بىر چاقى مەنپەئەتپەرەسلىك، يەنە بىر چاقى ئىستېمالىزم. ھازىر بۇ ھارۋىنى غەربتىن ئىبارەت بۇ ئاساۋ ئات ئەپقېچىۋاتىدۇ. يولۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قەيەرگە مېڭىۋاتقىنىدىن خەۋەرسىز

بولۇپلا قالماي، ئاتنى باشقۇرۇشقىمۇ ئامالسىز قالماقتا. بۇ ئات شۇنچىلىك ھاكاۋۇركى، ئۇ: «مەن ئۆز ئىگەمدىنمۇ ئەقىللىق، ئۇنىڭ مىنى يېتىلىشى، ماڭا تىزگىن سېلىشى ھاجەت ئەمەس، مەن ھارۋىكەشكە موھتاج ئەمەس، دەپ جاكارلىدى. ھارۋىغا چىقالمىغانلار يېتىشۋېلىش ئۈچۈن ھارۋىنىڭ كەينىدىن يۈگرىمەكتە، ھارۋىدىكى بەزى يولۇچىلار يارىلىنىپ قېلىشتىن قورقماي ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈۋالماقتا. يەنە بەزىلىرى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالماقتا. ئىنسان ئۈچۈن نىشانسىز سەپەرگە چىقىپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق خەۋپ بولمىسا كېرەك. مانا بۇ ئەھۋال مۇنداق بىر قاتار سوئاللارنى تاشلىدى:

1. ھارۋىغا چىقىش كېرەكمۇ-يوق؟
2. ھارۋا قەيەرگە كېتىۋاتىدۇ؟
3. ئەگەر چىقمىساق نېمە بولىدۇ؟
4. بىزمۇ بىر ھارۋا ياسىيالامدۇق، يوق؟

روشەنكى، بۈگۈنكى دۇنيا خۇددى ئامېرىكىلىق تارىخچى ستاۋۇلاروس ئېيتقاندەك: «ياۋروپانىڭ كېڭەيمىچىلىكى ۋە يەر شارى خاراكتېرلىك زوراۋانلىقىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا بۇنداق زوراۋانلىق ۋە كېڭەيمىچىلىك قوزغىغان ئىنكاسنىڭ مەھسۇلى». بۇ نۇقتىنى بىز چوقۇم چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەك. ھازىرقى دۇنيانىڭ تەرەققىياتى 17-، 18-ئەسىرلەردە ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە ئەقلىي تەپەككۇرنى مەنبە قىلغان. ئۇلارنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى دۇنيانى ئەقلىي چۈشىنىشنى، رېئاللىققا تېخىمۇ كۈچلۈك ئەقلىي روھ بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتى تېخىمۇ تىنچ- مۇقىم، تەرتىپلىك بولىدۇ، بۇ، تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، دەپ قارىغان. جورج ئورۋېل، ماركس، ماكس ۋېبىرلارمۇ شۇنداق قارىغان. ئەمما بۈگۈنكى دۇنيانىڭ رېئاللىقى بۇ خىل ئۈمىدۋار پەرەزلەرنى پولاتتەك پاكىتلىرى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. ھازىر ئىنسانلار بارغانسېرى ئەنسىزلىك، خەۋپ ھېس قىلماقتا. بۈگۈنكى دۇنيانى غەرب جەمئىيەتشۇناسى ئانتونىي گىددېنس: «چۆلۈۋۈرسىز دۇنيا» دەپ ئاتايدۇ. ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى بىرژېنسكىي: «قالايمىقان دۇنيا» دەپ، يەنە بىر جەمئىيەتشۇناس (ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ): «كونتروللىسىز دۇنيا» دەپ ئاتىغانىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ شۇنداق دەپ ئاتىشىمۇ ئاساسسىز بولمىسا كېرەك. ئانتونىي گىددېنس مۇنداق دەيدۇ: «ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كونترول قىلغىلى بولمايدىغان كۈچنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا».

مانا مۇشۇنداق بىر دۇنيانى بىز چۈشىنىشكە موھتاج. بەلكى ئىنسانلار تارىختىكى ھەرقانداق بىر دەۋردىكىگە قارىغاندا، بۇ دەۋرنى چۈشىنىشكە بەكرەك موھتاجدۇر. چۈنكى ئىنسانلار تارىخىدا شەخسكە تەسىر كۆرسىتىشتە، ئۇنى كونترول قىلىشتا ھازىرقىدىنمۇ كۈچلۈكرەك بىر دەۋر بولمىغان بولسا كېرەك. ئۆز دەۋرىنى چۈشەنمەسلىك، زامان ئۆزگىرىشلىرىگە ئىنكاسچان، سەزگۈر مۇئامىلىدە بولالماسلىق بىزنىڭ نۇرغۇن تارىخىي قىسمەتلىرىمىزنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى. ئۆزىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان رېئال مەسىلە، شەيئىلەرنى چۈشەنمىگەن ئادەم ياكى قەۋم ھەرقانداق بىر ئىشتىكى تەشەببۇسكارلىقتىن مەڭگۈ مەھرۇم.

مەن تەكىتلەۋاتقان بۇ چۈشىنىش ئۆز نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ قويۇش ياكى دۇنيا ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ قويۇش ئېھتىياجىدىن ئەمەس بەلكى بۇ خىل چۈشىنىشنىڭ بىزنىڭ تەقدىر-ئىستىقبالىمىزدىكى رولى، تەسىرى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئاجايىپ مۇھىم ۋە قىممەتلىكتۇر. بۇ بىزنىڭ كېلەچىكىمىز، مەۋجۇدلۇقىمىزغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ زامان بىزگە تاڭغان بىر زۆرۈرىيەت.

دەۋرىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان زامان ھادىسىلىرىنىڭ چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، سەۋەبلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئۇ تەسىر كۆرسىتىدىغان ساھەلەرنىڭ كۆپلىكى بىزدىن ئۇ ھەقتە ناھايىتى ئەتراپلىق، كەڭ دائىرىلىك، ھەر خىل ساھە، پەنلەر نۇقتىسىدىن چىقىپ پىكىر يۈرگۈزۈشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، بىز تىنچلىق دېگەن مەسىلە ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەكچى بولساق، نوقۇل سىياسىي نۇقتىدىن تەھلىل قىلىشلا يېتەرلىك ئەمەس، يەنە ئۇنى ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئېكولوگىيە، دىن نۇقتىسىدىنمۇ تەھلىل قىلىش زۆرۈر. بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ زىچ بىرىكىپ كېتىشى دەۋرىمىزنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى. بىز تىنچلىق ھەققىدىكى بۇ مۇلاھىزىمىزدە بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ئىزچىل نەزەردىن ساقىت قىلمايمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ دەۋرىمىزدىكى مۇھىم تارىخىي، ئىجتىمائىي ھادىسە — «يەر شارىلىشىش» ئەكەلگەن نەتىجىدۇر. شۇڭلاشقا مەن «يەر شارىلىشىش» ئۇقۇمىنى ۋە ئۇنىڭ بىز ياشاۋاتقان دۇنياغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىپ ئۆتۈش، بىزنىڭ بەھس تېمىمىز بولغان «دۇنيا تىنچلىقى»نى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردىمى زور، دەپ ئويلايمەن.

تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدىن ئالغاندا، «يەر شارىلىشىش» تارىختىكى ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي ئىنقىلاب، ئۆزگىرىشلەر (يېزىلىقتا كۆچۈش، سانائەتلىشىش، ئاقارتىش ھەرىكىتى دېگەندەك) گە ئوخشاش تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. بۇ خىل مۇقەررەرلىكنى ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئورتاق مەنپەئەتى ئوبيېكتىپ شەرتلەر بىلەن، بىرلىشىش، ھەمكارلىشىش، چۈشىنىشتىن ئىبارەت سۇبيېكتىپ شەرتلەر بىلەن، تۆمۈر يول، پاراخوت، پوچتا، تېلېفون، تېلېۋىزور، كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت قاتارلىقلار رېئال تېخنىكىلىق مۇمكىنچىلىكلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. مانا مۇشۇ بىرلەشمە ئامىللارنىڭ ئورتاق نەتىجىسى بولغان «يەر شارىلىشىش» ھازىر ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ بارلىق ساھەلىرى (دىپلوماتىيە، سىياسىي، تىنچلىق، ئائىلە، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەممە ساھەلەر) گە ئىنتايىن چوڭقۇر، ئىنقىلاب خاراكتېرلىك تەسىرلەرنى پەيدا قىلماقتا ياكى ئانتونىي گىددېنسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «يەر شارىلىشىش ئىنتايىن چوڭقۇر رەۋىشتە، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقماقتا».

تېخنىكا ئىنقىلابى، بازارنىڭ كۈچى، ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، سىياسەت-ئىستراتېگىيىلەر «يەر شارىلىشىش»نىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تېزلىشىشىگە سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىللاردۇر. دۇنيا تارىخىغا قارىساق شۇنى بىلەلەيمىزكى، ئىنسانلار تارىخىدىكى ھەر بىر قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش، مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيىسىگە غايەت زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ،

ئۇلارنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرىشكە سەۋەب بولۇدىغان ماس ئىجتىمائىي ئىنقىلابلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. نەيزە، ئوقيانىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئىنسانلارنى ئىپتىدائىي دەۋردىن ئوۋچىلىق دەۋرىگە باشلاپ كىرگەن بولسا، جوتۇ، گۈرجەك دېگەندەك دېھقانچىلىق قوراللىرىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئىنسانلارنى تېرىم مەدەنىيىتى دەۋرىگە باشلاپ كىرىپ، فېئودال ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئەمەلىي ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئاساسلىق قاتناش قورالى بولغان ئات ئۇلارنىڭ شۇ دەۋردىكى دۇنياۋى مۇتلەق نوپۇزىنى تىكلەش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ يايلاق مەدەنىيىتى ۋە ئۆزگىچە ئىجتىمائىي تۇرمۇش فورمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئىشخانا قول سانائىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى، پاراخوت، پويىز، ملتىقلارنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى يېقىنقى زامان كاپىتالىزمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا قەدەر چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ دەۋردە تېلېفون، كومپيۇتېر، سۈنئىي ھەمراھ، ئىنتېرنېت ... قاتارلىقلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىز ھازىر باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئۈچۈر ئىنقىلابىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ھەم بۇ ئۈچۈر ئىنقىلابى ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىغىلا، دۆلەتلەرنىڭ سىياسەتلىرىگىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، مەدەنىيەت، تۇرمۇش ئۇسۇلى، قىممەت قارىشى، ئىدېئولوگىيە، خۇسۇسىي ئىشلارغا قەدەر تەسىر كۆرسەتمەكتە. يەنى ئىنسانلارنى يېڭى بىر دەۋرگە باشلاپ كىرمەكتە. مانا بۇ يېڭى دەۋردە قانداق مەۋجۇد بولۇش، قانداق ياشاش ھەربىر دۆلەت، قەۋملا ئەمەس، ھەربىر ئادەم، شەخسلەرمۇ ئويلىنىشى جىددىي بولغان مەسىلىلەردۇر. ستاۋۇلاروس ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى قوزغىغان تېخنىكا ئىنقىلابىغا ماس ھالدا ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئېلىپ بارالماي، تېخنىكا ئىنقىلابى پەيدا قىلغان بوشلۇقلارنى ۋاقتىدا تولدۇرالماسلىقى ئىنسانىيەت بەختسىزلىكىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى، دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە ئىجتىمائىي ئىنقىلاپ ئارىسىدا شەكىللىنىپ قالغان تۇرغۇن مەزگىل نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى دۇنيا تارىخىدىكى نۇرغۇن بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان». شۇنىسى روشەنكى، تېخنىكىنىڭ ئىجابىي تەرىپى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ سەلبىي تەرىپىنى يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. ئىنسانلار تا ھازىرغا قەدەر ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلار بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئارىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلالماي كەلدى.

ھازىر دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە «يەر شارىلىشىش» دېگەن بۇ ئۇقۇمغا بولغان چۈشەنچە ـ ئىزاھلار خىلمۇ خىل. ئەنگىلىيىلىك داۋىدخېرد قاتارلىقلار «يەر شارىلىشىش» ھەققىدىكى قاراشلارنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە ئايرىيدۇ: 1. رادىكاللار، 2. گۇمانخورلار، 3. ئىسلاھچىلار. تۆۋەندە بۇلارنىڭ قاراشلىرىنى ئىخچام بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1.رادىكاللار: ئۇلار «يەر شارىلىشىش» ئىنسانلارنى ئىلگىرىكىگە پەقەت ئوخشىمايدىغان بىر يېپيېڭى دەۋرگە ئەكىردى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى دولقۇنىدا ئىلگىرىكى مەۋجۇد تۈزۈملەر، دۆلەت ئۆزىنىڭ مەۋجۇد بولۇش ئاساسىنى يوقىتىشقا باشلىدى، دۆلەت دەۋرى ئاياغلاشتى. بازار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ۋە بەلگىلەيدىغان بىردىنبىر كۈچ، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنىڭ ۋەكىلى ياپونىيىلىك كېنىچى ئوخمائىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەقىقىي ئۆز ئارا ئېقىشىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى چېگرىسىز يەر شارى ئىقتىسادىدىكى ئەھمىيەتلىك ۋە قاتناشقۇچىلىق رولىنى يوقاتتى... ئەنئەنىۋى دۆلەتلەر يەر شارى ئىقتىسادىدىكى تۇراقسىز، ھەتتا مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدىغان پائالىيەت بىرلىكىگە ئايلىنىپ قالدى». ئۇلار: «يەر شارىلىشىش» دۆلەت ھالقىغان ئىشلەپچىقىرىش، سودا، پۇل مۇئامىلە تورىنى قۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ دۆلەتسىزلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ خىل چېگرىسىز ئىقتىسادتا دۆلەت ، ھۆكۈمەتلەر يەر شارى كاپىتالىنىڭ توشۇغۇچىسىغا ئايلىنىپ، دۆلەت، رايون ھالقىغان كۈچلۈك ئىجتىمائىي باشقۇرۇش مېخانىزمى ئىچىدىكى ۋاستىچى بوپقالدى. دۆلەتنىڭ نوپۇزى، ھوقۇقى ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، ئۇنىڭ ھوقۇقى ھەرخىل تۈزۈم، ئىجتىمائىي تەشكىلات، خەلقئارالىق ئورگانلارغا تارقىلىپ كەتتى. «يەر شارىلىشىش» يېپيېڭى ئىجتىمائىي ئورگان، تەشكىلاتلارنى قۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئورگانلار پەيدىنپەي دۇنيا جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي بىرلىكى بولۇپ تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، دەپ قارايدۇ.

رادىكاللارنىڭ نەزىرىدە دۆلەت ئىقتىسادى بارغانسېرى دۆلەتتىن ھالقىۋاتقان، پۈتكۈل يەر شارىنى ئالمىشىش سورۇنى قىلىۋاتقانىكەن، تەبىئىي ھالدا دۆلەتنىڭ نوپۇزى، قانۇنىي ئورنى خىرىسقا ئۇچرايدۇ. دۆلەت، ھۆكۈمەتلەر يا ئۆز چېگرىسى ئىچىدە يۈز بەرگەن ھەممە ئىشلارنى باشقۇرۇپ كېتەلمەيدۇ ياكى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرالمايدۇ. .. ئىقتىسادىي ھوقۇق ۋە سىياسىي ھوقۇق بارغانسېرى دۆلەتسىزلىشىۋاتىدۇ، شۇڭلاشقا ھەرقايسى ئەل سىياسىيئونلىرى نېمىدەپ داۋراڭ سېلىشسۇن، دۆلەت بارغانسېرى «ئىقتىسادىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ۋاقىتلىق بىر تەشكىلىي شەكىلگە ئايلىنىپ قالىدۇ» (ئوخمائىي).

2. گۇمانخورلار: ئۇلار «يەر شارىلىشىش»نى پەقەت يۇقىرى دەرىجىدىكى خەلقئارالىشىش، رادىكاللارنىڭ نۇقتىئىينەزىرى پەقەتلا بىر ئەپسانە، مۇبالىغە، دەپ قارايدۇ. دۆلەت يەنىلا ئىقتىسادتىكى ئاساسلىق بىرلىك ۋە باشقۇرغۇچى. بۇ قاراشنىڭ ۋەكىللىرى تومپسون، خىرست قاتارلىق كىشىلەر «يەر شارىلىشىش» بىلەن خەلقئارالىشىشنى ئايرىش (پەرقلەندۈرۈش) كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۇلار دۆلەت بارغانسېرى خەلقئارا قائىدىلەرنىڭ چەكلىشىگە ئۇچراۋاتىدۇ دەپ قارىمايدۇ بەلكى دۆلەتنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىي سىستېمىسىدىكى مەركىزىي فونكسىيىلىك رولى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ، دۆلەتلەر خەلقئارالىشىشنىڭ پاسسىپ زىيان تارتقۇچىلىرى بولماي بەلكى يېڭى قايتا قۇرغۇچىلىرى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. گۇمانخورلار: خەلقئارالىشىش ئومۇمىي دۇنيا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىگە ماھىيەت خاراكتېرلىك ئۆزگەرتىش ئەكېلەلمەيدۇ، تەڭسىزلىك ئومۇمىي دۇنيا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدىكى ئومۇمىي ھادىسە، بۇ قۇرۇلمىدا ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىدى، دەل بۇ خىل تەڭسىزلىك دىنىي ئەقىدىچىلىك، مىللەتچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە سەۋەبچى بولۇپ، دۇنيانىڭ بىر قانچە مەدەنىيەت گۇرۇھلىرىغا بۆلۈنۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئومۇمىي

جەھەتتىن ئېيتقاندا، كومانخورلار رادىكاللارنىڭ دېگىنىدەك بارلىق نۇقتىئىنەزەرلەرگە قارشى تۇرىدۇ. ئۇلار: «يەر شارىلىشىش» ھەققىدىكى تالاش-تارتىشنى پەقەتلا بىر مۇلاھىزىدىنلا ئىبارەت، مەيلى قانداق مۇنازىرە، سىناق ئېلىپ بارمىسۇن يەر شارى ئىقتىسادى يەنىلا ئاۋۋالقىدەك تۇرىدۇ، دۇنيا يەنىلا ئاۋۋالقى لېنىيىدە ئايلىنىۋېرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئانتونىي گىددېنس بۇلار توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «كومانخورلارنىڭ قارىشىچە، كۆپىنچە دۆلەتلەر تاشقى سودىدا ناھايىتى ئاز پايدىغا ئېرىشىدۇ، زور كۆلەملىك سودىلار يەنىلا رايونلار ئارا ئېلىپ بېرىلىدۇ، مەسىلەن، ياۋروپا ئىتتىپاقى، شىمالىي ئامېرىكا سودا رايونى، ئاسىيا-تىنچ ئوكيان سودا رايونى... قاتارلىقلار». قانداقلا بولمىسۇن، كومانخورلار خەلقئارالىشىشنى، رايونلىشىشنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

3. ئىسلاھچىلار: ئىسلاھچىلار يېڭى ئېرا ھارپىسىدا، «يەر شارىلىشىش» سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مەركىزىي كۈچ، بۇ ئۆزگىرىشلەر ھازىرقى دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ تەرتىپىنى قايتا قۇرماقتا، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنى مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مۆتىدىللەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇلار رادىكاللاردەك دۆلەت يوقىلىدۇ دەپ قارىماستىن، بەلكى دۆلەت يېڭى مەنىلەرگە، فۇنكسىيىلەرگە ئىگە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنىڭ نوپۇزلۇق ۋەكىلى ئانتونىي گىددېنس ئۆزىنى رادىكاللارغا تەۋە دەپ قارىسىمۇ، ئەمما ئۇ رادىكاللارنىڭ «يەر شارىلىشىش»نى پەقەت ئىقتىسادىي نۇقتىدىنلا چۈشەندۈرۈشكە قوشۇلمايدۇ. ئۇلار «يەر شارىلىشىش» بېشارەتلەۋاتقان دۇنيانى ئۆزگىرىشچان، ئوچۇق نەزەردە چۈشىنىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئىسلاھچىلار «يەرشارىلىشىش» دۇنيانى يېڭى بىر دەۋرگە ئەكىردى، دۆلەتلەر، جەمئىيەتلەر ئۆزلىرىنى تەڭشىشى، دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرى ۋە دىپلوماتىيىسى روشەن پەرق، چېگرىسى بولمىغان دۇنياغا ماسلىشىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇلار رادىكاللارنىڭ دۆلەت يوقىلىدۇ دېگىنىگىمۇ ياكى كومانخورلارنىڭ ھېچنېمە ئۆزگەرمەيدۇ دېگىنىگىمۇ قوشۇلمايدۇ. ئۇلار: ھوقۇقنىڭ بارغانسېرى خەلقئارالىق ئاپپاراتلار، دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر، شەخسلەرنىڭ قولىغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئىلگىرىكىدەك خەلقئارا ئىشلاردىكى بىردىنبىر مەركىزىي بىرلىك بولماي قالىدۇ... 21-ئەسىردە ھەربىر دۆلەت پۇقراسى چوقۇم «دۇنيا پۇقراسى» بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى يەنى مىللىي ئەنئەنە، ئورتاق گەۋدە ۋە باشقا تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

گەرچە يۇقىرىقى ئۈچ خىل قاراشنىڭ تەشەببۇس نۇقتىئىنەزەرلىرى پەرقلەنسىمۇ، شۇ مەسىلە ئورتاقكى، بىز ياشاۋاتقان يەر شارى زور بىر قېتىملىق ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش يەر شارىنىڭ ھەرقانداق بىر بۇرجىكىگە قەدەر ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەكتە. يەر شارىدا ھايات ياشاۋاتقان بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن زامان ھادىسىسى بولمىش «يەر شارىلىشىش»نى ئاز-تولا چۈشىنىشىمىز، شۇنداقلا ئۇنى باشقا مەسىلەرنى چۈشىنىشتىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. مېنىڭ تىنچلىق باش تېما قىلىنغان بۇ مۇھاكىمىدە «يەر شارىلىشىش»نى مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتۈشۈم دەل يۇقىرىقى ئەمەلىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىندۇر.

شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «يەر شارىلىشىش» يەككە لېنىيىلىك جەريان ئەمەس، دۇنيانىڭ ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلىرىگە قەدەر چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بىر تارىخىي ھادىسە، ئۇنى قانداقتۇر مەلۇم بىر ساھە بىلەنلا چەكلەپ چۈشىنىش ئاقىلانىلىك ئەمەس. ئۇ ئاۋۋال ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى، ئاندىن كېيىن شۇنىڭ ئېھتىياجى زۆرۈرىيىتىدىن مەيدانغا كەلگەن سىياسىينىڭ يەر شارىلىشىشى، ئاندىن ھەرئىككىلىسىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى بولغان مەدەنىيەتنىڭ يەر شارىلىشىشىدۇر. دېمەك، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى سىياسىي ۋە مەدەنىيەتنىڭ يەر شارىلىشىشىنى زۆرۈر ئىمكانىيەت، شەرتلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ ۋە شۇ خىل تەقەززانى پەيدا قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «يەر شارىلىشىش» ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرلەر دۇنيانىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىقىنىڭ تەسۋىرى بولماستىن، «يەر شارىلىشىش» كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان دۇنياۋى ئۆزگىرىشلەر ھەققىدىكى ئىلمىي پەرەز ۋە بېشارەتلەردىن ئىبارەت. بىز يەڭگىللىك بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلالمايمىز ياكى رەت قىلالمايمىز. ئەمما «يەر شارىلىشىش»نىڭ ھازىر مەۋجۇد بىر تارىخىي ھادىسە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ دۇنياغا چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسىتىۋاتقانلىقى پاكىت. 1997-يىلى يۈز بەرگەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىقتىسادىي كرىزىسىنىڭ پۈتكۈل دۇنيا ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتىشى، ھەتتا رۇسىيە ئىقتىسادىنىمۇ داۋالغۇتۇۋېتىشى، «ياۋرو»نىڭ يولغا قويۇلۇشى، WTOغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ كۆپىيىشى، شۇنىڭغا ماس ھالدا خەلقئارالىق سودا تۈزۈملىرى تۈزۈلۈپ، ئەسلىدىكى يەرلىك دۆلەت تۈزۈملىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى، خۇددىي ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى ئېيتقاندەك: «دۆلىتىمىز WTOغا كىردى، ئەمدى ئىشلار (ئەمەلىيەتتە سودا ئىشلىرى - ئا) خەلقئارالىق قائىدىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» دېگەن سۆزلىرى، 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن دۇنيادا تېزلا تېررورلۇققا قارشى خەلقئارالىق ئىتتىپاقنىڭ شەكىللىنىشى، يۇگوسلاۋىيىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى سلوبودان مىلوشېۋىچنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى ئىرقىي يوقىتىش جىنايىتى ئۈچۈن گائاگا خەلقئارا سوتىدا سوتلىنىشى، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىش داۋراڭلىرى... يەنە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان خەنزۇلارنىڭ روژدېستۋو (مىلاد) بايرىمى ئۆتكۈزۈشى، بىزنىڭ بولسا تۇغۇلغان كۈن ئۆتكۈزۈپ تورت يەپ، شام پۈۋلەشلىرىمىز، happy birthday to you دەپ ناخشا ئېيتىشلىرىمىز... «يەر شارىلىشىش»نىڭ ھەقىقەتەن ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرگە ئۆزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى، بىز ياشاۋاتقان دۇنيا، تۇرمۇش مۇھىتىمىز، تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز، مەدەنىيەت، ئەنئەنىلىرىمىزنى ئاستا-ئاستا ئۆزگەرتىۋاتقانلىقىنى رېئال پاكىتلىرى بىلەن ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

روشەنكى، «يەر شارىلىشىش» غەربتىن باشلانغان بىر ھادىسە. بۇ ھادىسىگە نىسبەتەن غەيرىي غەرب ئەللىرى پۈتۈنلەي پاسسىپ ئورۇندا. «يەر شارىلىشىش»نى مەلۇم

نۇقتىدىن ئېيتقاندا، غەربلىشىش دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ ھادىسىدىن قانداق پايدىلىنىش، ئۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش بىلەن ئۆزلۈكنى ساقلاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش غەيرىي غەرب ئەللىرى ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم بىر مەسىلە. بولۇپمۇ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن قەتئىي، تۈپتىن سىغىشالمايدىغان ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەقدىرى مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار تەشەببۇس-تەلىماتلىرى ياكى ئەزالىرىنىڭ شۇنىڭغا بولغان ساداقىتى، ئىخلاسى تەرىپىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەمەلىي ئىقتىسادىي، پەن-تېخنىكا كۈچى ھازىرلىغان - ھازىرلىمىغانلىقى، مەنپەئەت ھەققىدە ئورتاق چۈشەنچىگە كېلىپ، مەدەنىيىتىنىڭ ئارقا تۈۋرۈكى بولغان مۇقىم بىر ئىقتىسادىي ،سىياسىي گەۋدە ھاسىل قىلىش-قىلالماسلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىشى مۇمكىن. دەۋر ھادىسىلىرى بىلەن ئۆز تەشەببۇسى ئارىسىدىكى زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلىش ئۇلارنى قىيناۋاتقان بىر مۇھىم مەسىلە بولسا كېرەك.

نۆۋەتتە، دۇنيا سىياسىي سىستېمىسىدىكى ئاساسىي مەركىزىي پائالىيەتلەر بىرلىكى،سىياسىيدىكى باش رولچى يەنىلا دۆلەت. گەرچە بىز ھازىر دۆلەتلەرنىڭ فونكسىيىسى، رولى، ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلساقمۇ،كۆز ئالدىمىزدىكى دۇنيا ھەرگىزمۇ رادىكاللار تەسۋىرلىگەندەك دۆلەت يوقالغان، ئىقتىسادىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ۋاقىتلىق بىر تەشكىلىي شەكىلگە ئايلىنىپ قالغان» ،ئىقتىسادتا دۆلەتسىزلىشىش تولۇق ئەمەلگە ئېشىپ بولغان دۇنيا ئەمەس.نۆۋەتتىكى دۇنيا تىنچلىقىغا ھەققىي،ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتىدىغان كۈچ يەنىلا دۆلەتلەردۇر. شۇڭلاشقا بۇ مەسىلىنى چۈشىنىش ۋە تەھلىل قىلىشتا، يەنىلا دۆلەتنى مەركىزىي بىرلىك قىلىپ، شۇ نۇقتىدىن كۆزىتىش،تەھلىل قىلىش كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىققا تېخىمۇ ئۇيغۇن،دەپ قارايمەن. روشەنكى، نۆۋەتتىكى دۇنيا تىنچلىقى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي،ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە باغلىق.

ئامېرىكا سىياسىيشۇناسى مېل گورتوف نۆۋەتتە دۆلەتلەرئارا يەرشارى خاراكتېرلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئىنتايىن جىددىي - تەخىرسىز مەسىلە،دەپ قارايدۇ ھەم مۇنداق دەيدۇ:«ھەرقايسى دۆلەتلەر رەھبەرلىرى سىياسىي، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى جەھەتلەردە قورال-ياراق،ھەرخىل ياردەم تۈرلىرى ۋە خەلقئارالىق ئىتتىپاقلارغا، بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشقا مەبلەغنى قانچە كۆپ سالغانسېرى شەخس، جەمئىيەت ۋە بىزنىڭ بۇ پلانېتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى شۇنچە تەھدىتكە ئۇچراۋاتىدۇ» .ھازىر پۈتكۈل يەرشارىدا قورال-ياراققا سېلىنغان مەبلەغ يىلىغا ئىككى تىرلىيون 100مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. پۈتكۈل دۇنيانىڭ ھەربىي خىراجىتى 20يىلدىن بېرى بىر قاتلاندى. 1985-يىلى 940مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن،ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 200مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتنىڭ ھەربىي خىراجىتى %80تىن ئېشىپ كېتىدۇ.1987-يىلدىن بېرى قورال-ياراق چىقىمى ئازايغان بولسىمۇ،1994-يىلى يەنىلا 700مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. 3-دۇنيا ھۆكۈمەتلىرى بولۇپمۇ ھەربىي ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن ھۆكۈمەتلەرنىڭ قوراللىرىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى بازاردىن سېتىۋېلىندۇ. پۈتكۈل دۇنيانىڭ قورال-ياراق سېتىۋېلىش سوممىسى 1990-يىللىرى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قورال سېتىۋېلىش توختامى 1994-يىلى 25مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قورال سېتىۋالىدىغان پۇلى ئۆزلىرىنىڭ كەمچىل بايلىق مەنبەلىرىدىن ،تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ بانكىسى، ھۆكۈمىتى قەرز بەرگەن پۇللاردىن كەلگەن. ئەگەر ھەربىي خىراجەتنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنى خەلققە، مائارىپقا، ساقلىقنى ساقلاش، ئوزۇقلۇق مەسىلىلىرىگە ئىشلەتسە، ئەھۋالدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ. مەسىلەن، بىر يادرو سۇ ئاستى كېمىسى ياساشقا 1مىليارد 500مىليون ئامېرىكا دوللىرى كېتىدۇ. بۇ پۇل تەرەققىي قىلىۋاتقان 23دۆلەتتىكى 160مىليون بالىنىڭ ئوقۇش راسخوتىغا يېتىدۇ. ئۈچ مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بىلەن ئەڭ نامرات دۆلەتنى يېمەكلىكتە ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش سەۋىيىسىگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ. يەنە ئازراق مەبلەغ چىقارسا ھەريىلى 15مىليون بالىنى ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك،سۇ كەملىك سەۋەبىدىن ۋە ئاسان داۋالىغىلى بولىدىغان ھەرخىل كېسەللەر بىلەن ئۆلۈپ كېتىشتىن ساقلىغىلى بولىدۇ.مانا بۇ «تىنچلىق» دەۋر شوئارى بولغان پلانېتىنىڭ ئەھۋالى.

دۆلەتلەر «دۆلەت مەنپەئەتى» ،«دۆلەت بىخەتەرلىكى» دېگەن ئۇقۇملارنى ئىنتايىن تار دائىرىدە ئۆز دۆلىتىنىڭلا مەنپەئەت ،بىخەتەرلىكى نۇقتىسىدىن چۈشىنىۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى كۆز ئالدىمىزدا بولسا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشى،زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى دېگەندەك دۆلەت، رايون ھالقىغان، بىردۆلەتنىڭلا ئەمەس، بەلكى يەرشارىدىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەت، بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىۋاتقان يەرشارى خاراكتېرلىك مەسىلىلەر دۆلەتلەردىن ئىلگىرىكى ئىختىلاپ، مەسىلىلەرنى قايرىپ قويۇپ، يەرشارى خاراكتېرلىك ھەمراھلىق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىئورنىتىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ب د ت نىڭ سابىق باش كاتىپى ۋۇدەن 1969-يىلىلا مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ئارتۇقچە كۆپتۈرۈپ، مۇبالىغە قىلماقچى ئەمەسمەن، بىراق مەن ب د ت نىڭ باش كاتىپى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرىمغا ئاساسەن مۇنداق يەكۈن چىقىرالايمەن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر بۈنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا ئۆزلىرىنىڭ تارىختىن بۇيان تالاش-تارتىش قىلىپ كېلىۋاتقان مەسىلىلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بىر يەرشارى خاراكتېرلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنى چەكلەپ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇرالغۇ مۇھىتىنى ياخشىلاپ، نوپۇس پارتلىشىنى تىزگىنلەپ،تەرەققىيات ئۈچۈن زۆرۈر شارائىت يارىتالىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇخىل ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى بۈنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا ئورنىتىلمىسا،يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مەسىلىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ، كونترول قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن» .

گەرچە بۇ 1969-يىلى ئېيتىلغان ئاگاھلاندۇرۇش بولسىمۇ، ئەمما بىز ھازىرغا قەدەر بۇنىڭ ئەمەلىي ئالامەتلىرىنى كۆرەلمىدۇق. ھازىرقى دۇنيادا سىياسىي توقۇنۇشلار

توقۇنۇشۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىغىلا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، باشقا دۆلەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرىگە ھەتتا ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىستېمال بۇيۇملىرى،يېمەكلىك تەمىناتى، دىپلوماتىيە سىياسىتى،ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پۇرسىتىگە قەدەر تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. ھازىر مەلۇم بىر دۆلەتتىن ئېتىلغان بىر پاي زەمبىرەك ئوقى نيۇ-يورك ۋول-ستىرىت كوچىسىدىكى ناسداك،داۋجونس كۆرسەتكۈچلىرىنى پۇلاڭلىتىۋېتىشى، دۇنيانىڭ بىر چېتىدىكى سىياسىي داۋالغۇش ياكى سايلام نەتىجىسى دۇنيانىڭ يەنە بىر چېتىدىكى بەزى پايچېكلارنى بىر كېچىدىلا مىليونېر ياكى قاقسەنەم قىلىۋېتىشى،بىر دۆلەتنىڭ قورال-ياراق زاۋۇتىنىڭ تاراق-تۇرۇقلىرى يەنە بىر دۆلەت باشلىقلىرىنى خاتىرجەم ئۇخلاتماسلىقى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يەرشارىلىشىۋاتقان بۈگۈنكى بۇ دۇنيادا تىنچلىق ھەم مۇمكىن نەرسىگە،ھەم مۇمكىن ئەمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، «يەرشارىلىشىش» دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى بارغانسېرى بىر-بىرىگە باغلاپ،ئىختىلاپلارنى تۈگىتىپ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشقا ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئاساس سالىدۇ.يەنە بىر جەھەتتىن دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ،سىياسىي ئەھۋالى بىر-بىرىگە بەكلا ئايدىڭ بوپقېلىپ، بىر-بىرىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى ئوڭايلا چۈشىنىپ قالىدۇ-دە، مۇناسىۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيەت يەنىلا ئوڭايلىقچە پەسەيمەيدۇ،ھەتتا تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ھازىر تىنچ ئوكياننىڭ بىر قىرغىقىدىكى دۆلەت ياساۋاتقان باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ مۇساپە ئۇزۇنلۇقى يەنە بىر قىرغىقىدىكى دۆلەتنىڭ قورال-ياراق ئالىملىرىغا يېڭى تەلەپ ئەكېلىۋاتىدۇ. ھازىر دۇنيادا «قۇم باسقان شەھەر» رومانىدىكى «بىغەملەر شەھىرى» دەك بىغەم دۆلەتلەر يوق.

يەنە شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق مەيلى قانچىلىك كۈچەيسۇن، يەنىلا ئۇنىڭدا شەخسىيەتچىلىك ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولغاچقا، بۇ خىل ھەمكارلىق مۇتلەق ئىشەنچىلىك كاپالەتكە ئىگە ئەمەس،بۇزۇلۇش ئېھتىمالى ھەرۋاقىت مەۋجۇد.چۈنكى شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنپەئەت ھەم تىنچلىقنىڭ، ھەم توقۇنۇشنىڭ تۈپ مەنبەسى.

ھازىر دۆلەتلەرنىڭ ئالدىغا ئۈچ خىل تاللاش ئېھتىماللىقى قويۇلغان: بىرىنچىسى، ئەگىشىش. يەنى بىر كۈچلۈك دۆلەت يادرولۇقىدا مەلۇم بىر ئىتتىپاق ھاسىل قىلىپ، شۇ يادرولۇق دۆلەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، رايى بويىچە ئىش كۆرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۆز مەنپەئەتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش.ئەمما بۇنىڭدا بىرى، شۇ يادرولۇق دۆلەت ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك، يەنە بىرى، ئەگەشكۈچى دۆلەتلەر غۇرۇر جەھەتتە بەدەل تۆلىشى كېرەك. ئىككىنچىسى، قارشىلىشىش.بۇنىڭدا ئامال قىلىپ قارشى تەرەپ بىلەن تەڭلىشەلىگۈدەك ماغدۇر توپلاپ، كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈپ، تىنچلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئەمما بۇ ناھايىتى مۈشكۈل بىر جەريان.ئۈچىنچىسى، بىتەرەپ تۇرۇش. بۇنى شەرھلەش ھاجەتسىز.ئەمما بۇخىل تاللاش مەزكۇر دۆلەتنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا تۇرغۇن ھالدا قويۇشى ھەم دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ كۈنسايىن بىردەكلىشىشى ئۇنىڭ بۇ خىل تاللاش ئىمكانىيىتىنى يوققا چىقىرىشى مۇمكىن.

دۆلەتلەر دۇنياۋى تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرالامدۇ؟ بۇ، دۆلەتلەرنىڭ قۇدرىتى - ئىقتىدارىغىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ بۇ قۇدرەت - ئىقتىدارنى قەيەرگە ئىشلىتىشنى بىلەلەيدىغان ئەقىل-پاراسىتىگە باغلىق. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەتنى ئالىملار ئىدارە قىلسۇن دەيدۇ، پلاتون پەيلاسوپلار ئىدارە قىلسۇن دەيدۇ. لۇئىس پرووۋل «سىياسىينىڭ جىنايىتى» دېگەن كىتابىدا:«پەقەت مەلۇم پەلسەپىۋى ئەقىل ۋە دىنىي ئېتىقاد پرىنسىپىغا ئىگە ئادەملەرنىڭلا مەمۇرىي،سىياسىي ھوقۇق يۈرگۈزۈش لاياقىتى بولىدۇ،چۈنكى ساپ مەنىۋى كۈچلا جەمئىيەتنى چىرىكلىشىشتىن ساقلايدىغان ‹تۇز› دۇر» دەيدۇ.ئەمما دۇنيانىڭ رېئاللىقىدىن قارىغاندا، ،پەيلاسوپلار دەۋرى ئاياغلىشىپ چولپانلار دەۋرى يېتىپ كەلگەندەك، پەيلاسوپلارنىڭ تەلىماتلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارنى گۈزەل غايىگە باشلاشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەندەك قىلىدۇ. مانا بۇ، بىزنىڭ دەۋرىمىزنىڭ كرىزىسى. بىز تېخى بۇنىڭ ئۈچۈن غايەت زور بەدەللەرنى تۆلەيمىز. دېمەك، ھاكىمىيەتنىڭ ئىدىيىسى دۇنيا تىنچلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ ھالقىلىق ئامىل.

بۈگۈنكى دۇنيا ھەرقايسى دۆلەت ھاكىمىيەتلىرىدىن ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنىلا ئەمەس، مۇھىمى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. تار مىللەتچىلىك ۋە دۆلەتچىلىك، روشەنكى، دۇنيا تىنچلىقىنى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىتىدۇ. گەرچە مىللەتچىلىك مەلۇم بىر مىللەتنى بىرلەشتۈرەلىگەن، ئىتتىپاقلاشتۇرالىغان بىلەن، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنى بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت چوڭ ئائىلىسىدىن ئايرىپ تاشلايدۇ. مىللەتچىلەر، بىز ھەممىدىن ئەۋزەل، ئۆزگە مىللەتلەر بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يارالغان دېگەن قاراشقا مايىل. شۇڭلاشقا، ئىنسانىيەت تىنچلىق ئۈچۈن مىللەت، ئىرق،دۆلەت ھالقىغان، بارلىق ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى باراۋەر كۆزدە تۇتۇلغان، ئورتاق ئۆلچەم، ئورتاق قىممەت قاراشقا ئىگە بولغان بىر ئورتاق ئىدىيىگە موھتاج، ۋەھالەنكى بۇ موھتاجلىقنى قاندۇرۇش بىر مۇشەققەتلىك ئەمگەكتۇر.

ماركسنىڭ دۆلەتكە بەرگەن «دۆلەت - بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان قورال» دېگەن تەبىرىدىن بۇنىڭ پەقەت مۇستەبىت ئەللەرگىلا ماس كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى مۇستەبىتلەرلا دۆلەتنى شۇنداق قورالغا ئايلاندۇرۇۋالغان. بۇنداق ئەللەردە دۆلەتنىڭ ھەممە قاتلام پۇقرانىڭ مەنپەئەتىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلالىشى ناتايىن. بۇ، سىياسىي، ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكنىڭ بىر يىلتىزى. جاھاندا، ئۆز دۆلىتى قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ياخشى ئىش ياكى يامان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدىغان خەلق ناھايىتى ئاز. دۆلەت ئۆزى ئىگە بولغان مائارىپ، تەشۋىقات، گېزىت-ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزىيە دېگەندەك ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ۋە شۇلار ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئاتموسفېرادىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشقان بىر خەلق يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. خەلقنىڭ ئىدىيىسى، خاراكتېرى دۆلەتنىڭ تەربىيىسىدىن كېلىدۇ. بۇنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى شۇكى، خەلق ئۆزى خالىغاننى قىلغاندەك قىلىدۇ-يۇ، ئەمما ئەمەلدە يەنىلا دۆلەتنىڭ كۆڭلىدىكىسى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

دۆلەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتىنى ساقلاش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خەلققە ئۆزىنى قۇدرەتلىك، ئىقتىدارلىق قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن دۆلەت (گەرچە خەلقى ئۇنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تىنچلىقىغا ھەسسە قوشۇۋاتقان كۈچ دەپ قارىسىمۇ) دۇنيادىن ئۆزىگە رەقىب ئىزدەشكە باشلايدۇ. دۆلەت ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن خەلقىنىڭ قوللىشىغا موھتاج. دۆلەت بۇنىڭ ئۈچۈن خەلققە پاراۋان تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىشتىن باشقا، ئۆزىنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا ئىقتىدارلىق، قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا موھتاج. دۆلەتنىڭ قۇدرەت ـ قابىلىيىتى باشقا رەقىب دۆلەتلەر بىلەن بولغان رىقابەت ـ كۈرەشتە نامايان بولىدۇ. دېمەك، شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، ھەرقانداق بىر دۆلەت دۈشمەنسىز قېلىشنى خالىمايدۇ. دۈشمىنى يوق دۆلەتلەردە خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى زەئىپ، ھاكىمىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئېنىقسىز بولىدۇ. ھاكىمىيەت بۇنداق بوپقېلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ھاكىمىيەتنىڭ بىر ئىقتىدارى شۇكى، ئۇ مەلۇم بىر كەيپىيات دولقۇنى پەيدا قىلىپ، خەلقنى مۇشۇ دولقۇن ئارقىلىق ئۆزى خالىغان ياققا ئاقتۇرالايدۇ. ھەتتا نۇرغۇن سەگەكلەرمۇ مۇشۇ دولقۇندا بىلىپ ـ بىلمەي ئېقىپ كېتىدۇ.

ئەگەر بىر دۆلەتنىڭ دۈشمىنى بولمىسا، بۇ دۆلەتنىڭ خەلقى، ھاكىمىيىتىنىڭ قۇدرىتى، ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىدۇ، ھاكىمىيەتكە بولغان ئىشەنچىسى تەبىئىي سۇسلىشىپ قالىدۇ. بۇ نۇقتا ھۆكۈمدارلارغا تولىمۇ ئايدىڭ. شۇڭلاشقا ئۇلار خەلقىغە مەلۇم بىر دۆلەتنى بىزنىڭ مەنپەئەت، بىخەتەرلىكىمىزگە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ، دەپ كۆرسىتىپ، خەلق ئارىسىدا شۇ دۆلەتكە قارشى بىر پىكىر ئېقىمى پەيدا قىلىدۇ. روشەنكى، بۇ پىكىر ئېقىمىنىڭ پەيدا بولۇشى، خەلقنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلىش روھىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. گەرچە بۇ دۆلەتلەر دەرھال بىر ـ بىرىنىڭ ياقىسىدىن ئېلىشمىسىمۇ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا جىددىي كەيپىيات پەيدا قىلىپ، پۇقرالىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى خېلىلا يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ساقلايدۇ. مەسىلەن، تۆۋەن ئاۋازدا ئامېرىكا پرېزىدېنتلىقىغا سايلانغان جورج ۋالكېر بۇشنى «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن بىر يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىتتا دۆلەت ئىچىدە قوللاش نىسبىتىنىڭ ئىزچىل ئېشىشى، ھەتتا تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىدىن كېيىن قوللاش نىسبىتى %90 كە يېقىنلىشىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى روزۋېلتتىن ئېشىپ كېتىپ، رېكورت ياراتقانلىقى يۇقىرىقى پىكىرىمىزنى دەلىللەيدۇ. بەزىدە ئاتالمىش دۆلەت مەنپەئەتى دۆلەتلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ، خەلقنى ئالدىشىنىڭ باھانىسى بولالايدۇ. لۇئىس پرووۋل مۇنداق دەيدۇ: «دۆلەتنى باھانە قىلىپ ھەققانىيلىقنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنمىغان سىياسىي جىنايەتلەر يوق دېيەرلىك. ھۆكۈمدارلار دۆلەتنى ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان، بىگۇناھلارنى جازالايدىغان، باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان، ئادالەتنى دەپسەندە قىلىپ ھوقۇقىنى كېڭەيتىدىغان باھانە قىلىۋالىدۇ. سىياسىي تۇرمۇشتا ئادالەتسىزلىك يالغانچىلىق ۋە باھانە بىلەن پەردازلىنىپ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى كۆرەلمەيدۇ».

نۆۋەتتە، دۇنيا سىياسىيسىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، مەدەنىيەتنىڭ سىياسىيغا، دۇنيا تىنچلىقىغا بولغان تەسىرى كۈنسايىن روشەن ـ كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ. خەلقئارالىق ھەمكارلىقلارمۇ ئاۋۋال ئوخشاش مەدەنىيەت سىستېمىسىغا ئىگە دۆلەتلەر ئىچىدە ئالدى بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ياۋروپا ئىتتىپاقى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى دېگەندەك. بوسنىيە ـ گېرتسىگوۋىنا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گەرچە نۇرغۇن غەرب ئەللىرى بوسنىيە مۇسۇلمانلىرىغا ھېسداشلىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارغا بولغان ئەمەلىي ياردەم يەنىلا ئىران، سەئۇدىي ئەرەبىستانى دېگەندەك مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىن كەلدى. ھازىر غەرب دۆلەتلىرى بىخەتەرلىك جەھەتتە ئۆزى بىلەن مەدەنىيەتتە قېرىنداش دۆلەتلەردىن ئەنسىرىمەيدۇ. ئامېرىكا ھەربىي جەھەتتە ياۋروپا ئەللىرىدىن غەم يېيىشى ھاجەتسىز، ھەقىقىي تەھدىت غەيرىي غەرب مەدەنىيىتىگە تەۋە دۆلەتلەردىن كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

مانا مۇشۇلار ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئارىسىدىكى توقۇنۇشتۇر. بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت ئارىسىدىكى توقۇنۇش نۆۋەتتىكى ۋە كەلگۈسى دۇنيانىڭ تىنچلىقىغا ئەڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. بۇنداق بولۇشىدا مۇنداق ئۈچ خىل سەۋەب بار: بىرىنچى، ئىككى مەدەنىيەتنىڭ تەشەببۇسلىرىدىكى پەرق. غەرب مەدەنىيىتى خرىستىئان دىنى ۋە يۇنان-رىم پەلسەپىسىنى يىلتىز قىلغان. ئىسلام مەدەنىيىتى بولسا ئىسلام دىنىنى يىلتىز قىلغان. ھەر ئىككىلا مەدەنىيەت ئۆزىنى ئىنسانلار قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر مەدەنىيەت، دەپ قارايدۇ ھەم ئۆز ئەزالىرىدا بۇ مەدەنىيەتنى پۈتكۈل دۇنياغا كېڭەيتىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس مەجبۇرىيەت بار، دەپ تەرغىب قىلىدۇ. مانا بۇ، ئىككى مەدەنىيەتنىڭ مۇقەررەر يوسۇندا توقۇنۇشۇپ قېلىشىنى بەلگىلەيدىغان تۈپ سەۋەب. ئىككىنچى، تارىخىي سەۋەب. مەلۇمكى، ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۈچ قىتئەنى تۇتاشتۇرغان بىر زور ئىمپېرىيىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، فىلىپ ھىتتى ئېيتقاندەك، ياۋروپاغا ئىزچىل تەھدىت سېلىپ كەلدى ھەم ئەھلىسەلىپنىڭ سەككىز قېتىم شەرققە يۈرۈش قىلىشىغا سەۋەب بولۇپ، نۇرغۇن قانلار تۆكۈلۈپ، باشلار كېسىلدى. يېقىنقى دەۋرلەردە بولسا، شەرق ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، غەرب خرىستىئان دۇنياسى ماس قەدەمدە باش كۆتۈردى ھەم دېگۈدەك بارلىق مۇسۇلمانلار رايونلىرىنى مۇستەملىكە قىلىۋالدى. ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى نۇرغۇنلىغان پارچە-پارچە ئەرەب دۆلەتلىرى غەرب جاھانگىرلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ تارىخىي ھادىسىلەر تەبىئىي ھالدا بۇ ئىككى مەدەنىيەت خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر تارىخىي ئۆچمەنلىك شەكىللەندۈرۈپ قويدى، ھەم خرىستىئانلارمۇ ئەزەلدىن ئىسلام دىنىنى ئېتىراپ قىلىپ باقمىدى. فىلىپ ھىتتى «ئىسلامىيەت ۋە غەرب» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇيەردە (غەرپتە ـ ت) بۇ پەيغەمبەر (مۇھەممەد) بىر يالغانچى، ساختا پەيغەمبەر، «قۇرئان» بولسا مۇھەممەدنىڭ ئويدۇرمىسى، ئىسلام بولسا بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى مەغلۇبىيەتلىك تۇرمۇش يولى، دەپ تەسۋىرلىنىدۇ». ئۈچىنچى، رېئال سەۋەبلەر. غەرب

جاھانگىرلىكنىڭ باش كۆتۈرگىنىدىن تا ھازىرغىچە بولغان ئۇزۇن تارىخىي جەرياندىكى غەرب بىلەن ئىسلامىيەت كۈرىشىدە مۇسۇلمانلار باشتىن ئاخىر پاسسىپ، ئاجىز ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. بولۇپمۇ رېئاللىق تابوگۇنكىچە ئۆزگەرمىدى. مۇسۇلمانلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى مول نېفىت زاپىسى بۇ رايوننىڭ سىياسىي جەھەتتىمۇ دىققەت مەركىزى بولۇپقېلىشىنى بەلگىلىدى. نېفىت مەنپەئىتىنى بىخەتەرلىك كاپالىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بۇ رايوننىڭ سىياسىي سىستېمىسىدا بەلگىلىك تەسىر كۆچ ساقلاش غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مۇھىم تاشقى سىياسىتى بولدى ھەم ئەمەلدىمۇ شۇنداق بولدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بۇ رايوندىكى سىياسىي، ھەربىي مەۋجۇدلۇقى بىرقىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي غۇرۇرىغا تەگدى ھەم بۇمۇسۇلمانلارنىڭ غەربكە قارشى تۇرۇشىنىڭ رېئال سەۋەبى بوپقالدى. تېخىمۇ كونكرېت ئېيتساق،ئامېرىكىنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىدە توختىماي سالاچىلىق قىلىشى،يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتائىسرائىلىيىگە ئۇزۇن ھەربىي، ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشى توقۇنۇشنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈردى. مۇنۇ سانلىق مەلۇمات پىكرىمىزنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ: يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئامېرىكىنىڭ ھەرخىل شەكىللەر بىلەن ھەريىلى ئىسرائىلىيىگە بېرىدىغان ياردىمى ئالتە مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولغان، سانى بۇنىڭدىن كۆپ بولغان ھۆكۈمەت ئىناۋەتلىك قەرزى بۇنىڭ سىرتىدا. ئامېرىكا يەنە ھەمىشە ئىسرائىلىيىنى ئەڭ يېڭى قوراللار بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. سۈۋەيش قانىلى ئۇرۇشىدا، 1982-يىلى ئىسرائىلىيە لىۋانغا تاجاۋۇز قىلغاندا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى 18يىللىق ئىشغالىيەت مەزگىلىدە ئىسرائىلىيە ھەمىشە ئامېرىكا تەمىنلىگەن ئەڭ يېڭى قوراللارنى ئىشلەتكەن. ھازىرمۇ ئىسرائىلىيە گازارايونى ۋە ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا قوزغىغان ھۇجۇملاردىمۇ ئامېرىكا تەمىنلىگەن باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە 16 — Fبەلگىلىك ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنى ئىشلىتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە غەرب ئىسلامىيەت دۇنياسىنى مەدەنىيەتسىز — قالاق دەپ قارايدۇ. بىر ئامېرىكىلىق مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكا چوقۇم ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ زامانىۋى دۇنياغا كىرىشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك...ئاۋۋال بىز چوقۇم ئەرەب ئەللىرىنى پەسكويىغا چۈشۈرۈشىمىز كېرەك. ئەمما بۇنىڭ شەرتى شۇكى،ئۇلار چوقۇم زامانىۋىلىشىشنى قوبۇل قىلىشى كېرەك».بۇگەپتىن ئادەم خۇددى ئامېرىكا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۇستازىدەك تەسىراتقا كەپقالىدۇ. ئۇلار چوقۇم ئۆزلىرى كۆزدە تۇتقان «زامانىۋىلىق»نىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىشى كېرەك. غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە غەرب ئەندىزىسىنى قوبۇل قىلىش — قىلماسلىق ئىلغار-قالاقلىقنىڭ ،مەدەنىيەتلىك ياكى مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمىدۇر.

دېمەك، يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر ئىسلام دۇنياسى بىلەن غەرب دۇنياسىنىڭ توقۇنۇشۇپ قېلىشىنى بەلگىلىگەن.

خۇددى سامۇئېل خۇنتىڭتون ئېيتقاندەك: پەقەت ئىسلام مەدەنىيىتى غەرب مەدەنىيىتىنى تەھدىتكە ئۇچرىتالايدىغان بىردىنبىر مەدەنىيەتتۇر.ئىسلام مەدەنىيىتىدىن باشقا مەدەنىيەتلەرگە تەۋە كىشلەرگە نىسبەتەن ئۆز مەدەنىيىتىدىن ۋاز كېچىش ياكى ساقلاپ قېلىش پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشى، ئۇمەقتە ئۇلار ھېچنېمىنىڭ ئالدىدا جاۋابكار ئەمەس. ئەمما مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۆز مەدەنىيىتىدىن ۋاز كېچىش ئۆز ۋەتىنى، زېمىنىدىن ۋاز كەچكەندىنمۇ ئېغىرراق جىنايەتتۇر، ئۇلار بۇنى ئاللاغا ئاسىيلىق قىلغانلىق، دىنىدىن چىققانلىق، بۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەتتە ئاللاغا جاۋاب بېرىمىز، دەپ قارايدۇ. باشقا مەدەنىيەتتىكىلەر ئۈچۈن مەدەنىيىتىدىن ياتلىشىش بۇنداق ئېغىر ئاقىۋەتتىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا، مۇسۇلمانلار ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تەشەببۇسى،خاراكتېرىگە زىت مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى قەتئىي چەكلەيدۇ ۋە ئۇنى دۈشمەن دەپ بىلىدۇ، ئۆز مەدەنىيىتىنى قوغداشنى ئاللا يۈكلىگەن بۈيۈك مەجبۇرىيەت،دەپ قارايدۇ.دېمەك مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىسلام ئەقىدىچىلىرىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىگە بارغانسېرى ئېغىر تەھدىت شەكىللەندۈرۈۋاتقان غەرب مەدەنىيىتىنى ،غەرب دۆلەتلىرىنى،بولۇپمۇ ئامېرىكىنى ئۆزىگە دۈشمەن ھېسابلىشى تەبىئىيلا مۇقەررەرلىشىپ قالغان. شۇڭلاشقا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دۇنيانىڭ يېڭى بىر دەۋرگە كىرىشىگە سەۋەبچى بولغان«11-سېنتەبىر» ۋەقەسى ئىچكى مۇقەررەرلىككە ئىگە تەسادىپىيلىقتۇر. ئامېرىكىدىكى مەلۇم گېزىتنىڭ مۇھەررىرى داۋىد پلوتىز بىن لادېنلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:«لادېنلارنى توسۇشقا ئامال بارمۇ - يوق؟ ئامېرىكىلىقلار بىلىدىغان پەلەستىن ئادەمبومبا تېررورچىلىرى ۋە ئىرلاندىيە تېررورچىلىرىنىڭ بىز چۈشىنەلەيدىغان ئارزۇسى بار، ئۇلارنىڭ تېررورلۇق قىلىشى ھېسداشلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى ۋەھىمە پەيدا قىلىش ئۈچۈن. ئۇلار مۇشۇ يوللار ئارقىلىق سىياسىي ئېتىراپقا ئېرىشىشنى،ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەمما لادېن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئادەمنى ناھايىتى ئەنسىرىتىدۇ. چۈنكى ئۇلار بىزدىن بىرنەرسىگە ئېرىشمەكچى ئەمەس، ئۇلارغا بىزنىڭ ھېسداشلىقىمىزمۇ كېرەك ئەمەس ياكى ئۇلار بىز ئۇلارغا بېرەلەيدىغان ماددىي ياردىمىمىزغىمۇ موھتاج ئەمەس.ئۇلار خەلقئارا جەمئىيەتكە قاتنىشىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇلار سىياسىي تەرەپتىن ئەمەس، دىن تەرەپتىن ھەرىكەتلەندۈرۈلگەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ خۇداسىدىن ئۆزگە ھېچقانداق ئادەمگە، ئەلۋەتتە، بىزگىمۇ قۇلاق سالمايدۇ».

دىنىنىڭ سىياسىيغا، دۇنيا تىنچلىقىغا تەسىر كۆرسىتىشى بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىيسىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكتۇر. 20-ئەسىردە نۇرغۇن زىيالىيلار پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى،ئەقلىيلىكنىڭ كۈچىيىشى دىنىنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ يوقىلىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ،دەپ قارىغانىدى.ئەمما كېيىنكى تەرەققىيات ئۇلارنىڭ قارىشىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولغان بىر رېئاللىق بىلەن بۇ پەرەزنى رەت قىلدى. سامۇئېل خۇنتىڭتون بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:« 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى بۇ ئۈمىد — پەرەزلەرنىڭ قىلچە ئاساسى يوقلۇقىنى ئىسپاتلىدى. ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي زامانىۋىلىشىشنىڭ پۈتكۈل دۇنيادا قانات يېيىشى بىلەن بىرگە يەرشارى خاراكتېرلىك دىنىي گۈللىنىش ھەرىكىتى تەڭ يۈز بەردى. ئۇ بارلىق قۇرۇقلۇق،بارلىق مەدەنىيەت، ھەممە دۆلەتكە قەدەر كېڭەيدى. .. ئۇ، مەغلۇبىيەتلىك مودېرنىزمدىن ئايرىلىپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇگۇشسىز ۋە توپۇق يولغا كىرىپ قېلىشنى خۇدادىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بولغان، دەپ قارىدى. ئۇنىڭ

مەقستى ئەقىدە، ئەھكاملارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى〈 ياۋروپاغا ئىككىنچى قېتىم ئىنجىلنى تەشۋىق قىلىش 〉 ، ئىسلامنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى 〈 زامانىۋىلىقنى ئىسلاملاشتۇرۇش 〉 ئىدى» .بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىپادىسى ئىسلامىيەت دۇنياسىدا تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك، تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى. ئىسلام ئەقىدىچىلىكى دېگۈدەك بارلىق ئىسلام رايونلىرىدا تېزلا باش كۆتۈردى ھەم ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش نەزەرىيە،تەشەببۇس سىستېمىسىنى شەكىللەندۇردى. سۇدان ئىسلام رەھبىرى ھەسەن تۇرابىي مۇنداق دەيدۇ:« بۇ ئويغىنىش ئومۇمىيۈزلۈك بولىدۇ، ئۇ پەقەت شەخسىي تەقۋادارلىقلا ئەمەس، بەلكى بىلىم ۋە مەدەنىيەتتىكى ئىسلاھاتلا ئەمەس، ۋەياكى سىياسىيغىلا قارىتىلمىغان، بەلكى بۇ شۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يىغىندىسى،بۇ، جەمئىيەتنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى قايتا قۇرۇشتۇر» .

دېمەك، شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئىككى دۇنيا( ئىسلام دۇنياسى ۋە غەرب دۇنياسى) ئارىسىدىكى توقۇنۇش ۋە زىددىيەت كەلگۈسى دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىل بوپقالىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، مۇسۇلمانلارنىڭ پاسسىپ - ئاجىز ئەھۋالدا ئىكەنلىكى ئۇلارنى غەربكە قارشى تۇرۇشتىن توسالمايدۇ. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، غەرب يەنە خېلى ئۇزۇنغىچە كۈچلۈك، غالىب ئورۇندا تۇرۇشى مۇمكىن. مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن مۇھىم مەسىلە، ئۇلارنىڭ تارىخىي تەقدىرداشلىق تۇيغۇسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مۇقەددەس پرىنسىپ بىلەن ئۆزگىرىشچان رېئاللىقتىكى مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش، ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتلەردە بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئۆز -ئۆزىگە تايىنىش ۋە ئۆز-ئۆزىنى قامداشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بولۇشى مۇمكىن. جامالىددىن ئافغانىي بىر ئەسىر ئىلگىرى:ئاللا ئىككى كىتاب نازىل قىلدى،بىرى«قۇرئان» ، يەنە بىرى تەبىئەت، دېگەنىدى.قارىغاندا، تېخى مۇسۇلمانلار «قۇرئان»ئوقۇش بىلەن تەبىئەتنى ئوقۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەنمىگەن ئوخشايدۇ.

يۇقىرىدا دىنىنىڭ دۇنيا سىياسىيسىغا تەسىر كۆرسىتىشىنى نۆۋەتتىكى دۇنيا سىياسىيسىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى دەپ ئۆتتۇق. ئۇنداقتا بىزنىڭ دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن دىنىنىڭ يوقىلىشىنى ئۈمىد قىلىشىمىز ئەقىلغە ئۇيغۇنمۇ – يوق؟ تارىخ ۋە رېئاللىق دىنىنىڭ يوقىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئانتونىي گىددېنىس مۇنداق دەيدۇ:« بىز دىن بولمىغان دۇنيادا ياشىيالامدۇق؟ مەن بۇنىڭغا ياشىيالمايمىز، دەپ جاۋاب بېرىشكە مەجبۇرمەن» . بۇگەپ يەنە ئادەمگە ئارنولدتويىنبىنىڭ «ئانا زېمىن ۋە ئىنسانىيەت» دېگەن ئەسىرىدىكى «خۇددى ئىلگىرىكى نۇرغۇن تارىخىي دەۋرلەر ۋە جايلاردا بولۇپ ئۆتكىنىدەك، شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، دىن ياكى سەنئەت ئەڭ دانا كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا يەنە بىر قېتىم تەڭداشسىز نەرسىگە ئايلىنىشى مۇمكىن» دېگەن سۆزىنى ئەسلىتىدۇ. دەل مۇشۇ جايدا ئېينىشتېيننىڭ مۇنۇ سۆزىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش ناھايىتى زۆرۈر:« پەقەت بىلىم، تېخنىكا بىلەنلا ئىنسانلارنى بەختلىك، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ. ئىنسانىيەت ئالىيجاناب ئەخلاقىي مىزان ۋە قىممەت قاراشنى ئوبيېكتىپ ھەقىقەت ھەققىدىكى بايقاشلارنىڭ ئۈستىگە قويۇشتا تولۇق ئاساسقا ئىگە. ئىنسانىيەتنىڭ ساكيامونىي،مۇسا، ئېيسا قاتارلىق ئۇلۇغ زاتلاردىن ئېرىشكەن تەلىماتلىرى ماڭا نىسبەتەن بارلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىم ۋە ئىجابىي قاراشلىرىمدىنمۇ بەكرەك مۇھىم» .

مەلۇمكى، ئىنسانلار تارىخى ئەمەلىيەتتە بىر ئۇرۇش تارىخىدۇر. بىز دۇنيا تارىخىدىن ئۇرۇش بولمىغان بىرەر دەۋرنى تاپالمايمىز.«تىنچلىق» ھەرگىزمۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزنىڭلا باش تېمىسى بوپقالماستىن، بەلكى پۈتكۈل تارىخىي دەۋرلەرنىڭ باش تېمىسىدۇر. مەيلى ئىنسانىيەت قانداق بىر يېڭى دەۋرگە قەدەم قويمىسۇن،مەنپەئەت ۋە غۇرۇر ھەم تىنچلىقنىڭ، ھەم ئۇرۇشنىڭ مەنبەسى بوپكەلدى. ئەلۋەتتە بىز سىياسىي ئىزاھلىمىلاردا بۇ ئىبارىلەرنى تومتاقلا ئىشلەتمەيمىز،ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئابستراكتلاشتۇرۇلغان،چوڭايتىلغان ئىبارىلەرنى يەنى « مەنپەئەت»نىڭ ئورنىغا ئىستراتېگىيە،ھوقۇق، ئىقتىساد دېگەنلەرنى، «غۇرۇر»نىڭ ئورنىغا دىن، مەدەنىيەت،قىممەت قاراش دېگەنلەرنى ئىشلىتىمىز. ئىنسانلار ئەزەلدىن ئۆز جىنايەتلىرىنىڭ قانۇنلۇقى ئۈچۈن تالاي-تالاي نەزەرىيە – پەلسەپىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكەن.

مەيلى تارىختا بولسۇن، مەيلى كۆز ئالدىمىزدا بولسۇن توقۇنۇشۋاتقان، ئۇرۇشۋاتقان تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت بىز تەرەپتە، دەيدۇ. ھەقىقەتنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىنى ئادەملەر ئايرىپ بولالمايدۇ. مۇھىمى كىمنىڭ ئۆز ھەقىقىتىنى قوغدايدىغان قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدە. تارىخ بىزگە ھەقىقەتنىڭ كۈچ ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭ كۈچكە موھتاج ئىكەنلىكىنى،ئاجىزلار قولىدىكى ھەقىقەتنىڭ ھەمىشە كۈچلۈكلەر قولىدىكى سەپسەتىنىڭ قۇربانى بوپكېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. تارىختا كىم كۈچلۈك بولسا شۇ غەلىبە قىلدى، كىمدە ھەقىقەت بولسا شۇلار غەلىبە قىلغىنى يوق. ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆز تەشەببۇس - تەلىماتلىرىنى گېزىت-ژۇرنال يۈزىدىلا تەشۋىق قىلىش،مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىش، نۇتۇق سۆزلەش بىلەنلا چەكلەنگەن،ئەمەلىي كۈرەشتە دېھقانلارغا يەر تەقسىم قىلىپ بېرىش،كوممۇنا قۇرۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، «مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدىغانلىقى»نى تونۇپ يەتمىگەن، ئۆزىنى ھەربىي جەھەتتىن كۈچەيتمىگەن بولسا، جۇڭگونىڭ بۈگۈنى بولامتى؟

تارىخ ئاجىزلارنىڭ كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى ئېزىنخائوئېر:«تارىخنى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ دۈمبىسىگە يازىدۇ» دېگەنىدى. ۋەھالەنكى ئاجىزلار بىلگەن تارىخمۇ دەل كۈچلۈكلەر شۇلارغا ئوقۇپ بەرگەن تارىختۇر،چۈنكى ئۇلار ئۆز دۈمبىسىگە يېزىلغان تارىخنى قانداق كۆرەلىسۇن؟ كىشىلەر نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلى قانداق بولسا شۇنداق چۈشەنمەستىن، قانداق چۈشەندۈرۈلگەن بولسا شۇنداق چۈشىنىدۇ.

مۇشۇ يەردە بىر گەپ ئېسىمگە كېلىپ قالدى. كىچىك ۋاقتىمدا،ئېھتىمال باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم بولسا كېرەك، مەشھۇر ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى،تىلچى،ئەدىب داموللا ئابدۇلھەمىد يۈسۈفىي ھەزرىتىم بىزنىڭ ئۆيگە مېھمانغا كەلگەنىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ زات ئاكامغا مۇنداق دەپ بەرگەنىكەن:«بىر ئالىم بىلەن بىر گېنېرال ھەمسەپەر بوپتۇ. ئالىم:بىر ئۆمۈر ھەقىقەت ئىزدىدىم، لېكىن نېمىنىڭ ھەقىقەت

ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم، دەپتۇ. ھېلىقى گېنېرال بولسا يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ: كۆردۈڭمۇ؟ ھەقىقەت دېگەن مانا مۇشۇ، دەپتۇ».

ئىنسانلار ئەزەلدىن سادىر قىلغان جىنايەتلىرىگە باھانە كۆرسىتىپ كەلدى. باھانە دېگەن ھەرقانداق جىنايەتكە تېپىلىۋېرىدۇ. شەيتانمۇ ئادەمنى مەندىن ئۈستۈن ياراتتىڭ،دەپ خۇداغا ئاسىيلىق قىلغانىكەن. خۇداغا ئاسىيلىق قىلىشقا باھانە تېپىلغان يەردە باشقا جىنايەتلەرگە باھانە تېپىلمايتتىمۇ؟ قاتىلمۇ ئۆزىنى چۈشەندۈرەلەيدۇ، پاھىشىمۇ ھەم شۇنداق. بىر قېتىم مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 8-يۈرۈش قانىلىدا ئىتالىيىلىكلەرنىڭ بىر مۇسۇلمانلار رايونىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن«قۇملۇق شىرى»دەيدىغان بىر كىنونى كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭدا ئىتالىيىلىك بىر قوماندانىنىڭ يەرلىك خەلقلەرگە دېگەن مۇنۇ گېپى پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ:« سىلەر بىزنى، بىزگە تاجاۋۇز قىلدىڭلار،دەپ ئەيىبلەمسىلەر؟ ئەجەبا گېرمانىيە،ئەنگلىيە،ياپونىيىلەر باشقا يەرلەرگە تاجاۋۇز قىلسا بولۇدىكەن، بىز سىلەرگە تاجاۋۇز قىلساق بولمامدىكەن؟» ياپونىيىمۇ ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزىنى «شەرقىي ئاسىيا ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرىكى» ئۈچۈن – ئاسىيانىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن دەپ چۈشەندۈرگەنىدى.

توغرا، مۇستەملىكىچىلەر ئەزەلدىن ئۆزىنى ئاقلاپ كەلدى. مۇستەملىكىچىلىك ئىنسانلارنىڭ ئەڭ كەچۈرگۈسىز جىنايەتلىرىنىڭ بىرى بولسا كېرەك. ئۇلار يەرلىك خەلققە بىزنىڭ كېلىشىمىز سىلەرنىڭ بەختىڭلار، تەرەققىياتىڭلار ئۈچۈن، بىز سىلەرنىڭ قالاق ھالىتىڭلارنى ئۆزگەرتىشىڭلارغا ياردەم بېرىمىز،دەيدۇ. مۇستەملىكىنىڭ ئەڭ ئېغىر زىيىنى شۇكى، يەرلىك خەلق بارغانسېرى ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت، ئەنئەنە، تۇرمۇش ئۇسۇلى، قىممەت قاراشلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شياڭگاڭنىڭ بەزى كىنولىرىدىن خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان خەنزۇلارنىڭ چېركاۋلاردا توي قىلغانلىقىنى كۆرۈمىز. بۇنى پەقەت ئەنگلىيىنىڭ شياڭگاڭنى مۇستەملىكە قىلىۋالغانلىقىدىن كۆرۈمىز. جاھانگىرلار مۇستەملىكە قىلىۋالغان جايلارغا ئارمىيىنىلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ دىنى، مەدەنىيىتىنىمۇ ئەكىرگەن. غەرب جاھانگىرلىرى جۇڭگونىڭ دېڭىز بويىدىكى بەزى يەرلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغاندا، مىسسيونېرلار شۇ جايلاردا دىن تارقاتقان، چېركاۋ سالغانىدى.

قايسى بىر سان «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىغا مۇنداق بىر ۋەقەلىك بېسىلغان، تەپسىلىي تېكىستى تازا ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ، ئەمما ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: 1920 – 1930-يىللىرى بولسا كېرەك، قەشقەردە ئەنگلىيە،رۇسىيىنىڭ كونسۇلخانىلىرى بارئىكەن. شۇ چاغلاردا شىۋېتلار قەشقەرلىكلەرگە ھەقسىز «ئىنجىل» تارقىتىۋاتقانىكەن.بىرەيلەن بىر شىۋېتتىن سوراپتۇ: ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ساۋاتسىز، ئۇلارغا«ئىنجىل»تارقىتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇ دەپتۇ: بىز غايىمىزگە نىسبەتەن سەۋرچان كىشىلەرمىز. ئۇيغۇرلار ساۋاتسىز بولغىنى بىلەن ،كىتابلارنى ئۇلۇغلايدۇ، تەكچىگە ئېلىپ توپا قوندۇرماي ساقلايدۇ،40 – 50يىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ باللىرى، نەۋرىلىرى«ئىنجىل»نى كۆرۈپ، ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۇ كىتابنى ئوقۇغانىكەن، دەپ ئوقۇيدۇ، مانا شۇ بىزنىڭ غەلىبىمىز ئەمەسمۇ؟ مۇستەملىكىشۇناس ئەيمى سېپاير:««مۇستەملىكە دېگەنلىك ئادەمنى نەرسىلەشتۈرۈش» دەيدۇ.مۇستەملىكىچىلەر يەرلىك خەلققە ئەركىنلىك بېرىشىدۇ، ئەمما بۇ خۇددى پادىشاھنىڭ ئاغۋاتنى ئۆيلەپ قويغىنىدەك بىر ئىشتۇر.

## تۈگەنچە

تىنچلىق ئەمەلگە ئاشامدۇ؟

«11-سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكىلىق دېلفىر ئىسىملىك بىر سېستىرا:«مېنىڭچە، ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر كىچىك توقۇنۇشلارغا قول تىقىشىنىڭ ھاجىتى يوق،بىز ئەمدى تىنچلىنىۋالايلى. بىز ئۆزىمىزنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىگە قايتىدىن قاراپ چىقىشىمىز،زادى نېمىدەپ، نېمە قىلىپ سالغانلىقىمىز ئۈچۈن تېرروررچىلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك» دېگەنىدى.ئەگەر كۆپ سانلىق ئامېرىكىلىق ،بولسا جورج ۋالكېربۇش، كوللىن پوۋېللارمۇ مۇشۇ سېستىرادەك ئويلىغان بولسا،بەلكىم ئىشلار باشقىچە بولار ئىدى. غەرب پۇقرالىرىمۇ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاراتقان سىياسىتىنى قوللايدۇ. پارس قولتۇقى ئۇرۇشى مەزگىلىدە سادام ھۈسەيىن بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قەھرىمانىغا ئايلىنىپ كەتتى. خۇددى بىر پەلەستىنلىك ئايال ئېيتقاندەك:« سادامنىڭ چىن مۇسۇلمان ئەمەسلىكىنى بىلىمەن، ئۇنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنغان. لېكىن ماڭا سادام بىلەن جورج بۇش (بۇش – چوڭ بۇش – ھازىرقى پرېزىدېنتى J. V بۇشنىڭ ئاتىسى بولۇپ،شۇ چاغدىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئىدى. – مۇھەررىردىن) بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، قىلچە ئىككىلەنمەي سادامنى تاللايمەن . مانا بۇ گەپمۇ پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ پىكرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

كېسىپ ھۆكۈم قىلىش مۇمكىنكى، بۇ ئىككى دۇنيانىڭ مەيلى پۇقرا،مەيلى سىياسىيونلىرىنى قەتئىي مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدۇ. كىچىك ۋاقتىمدا ھېلىقى زومىگەر قوشنىمىز باشقا بىر قوشنىمىز بىلەن جېدەللىشىپ تازا تىللىشىۋاتقاندا، مۇنداق بىر ئىش بولغانىدى: بىزنىڭ زومىگەر قوشنىمىزنىڭ بىر نەۋرىسى (يەتتە -سەككىز ياشلار چامىسىدا بولسا كېرەك) ئۆيى تەرەپكە كېتىۋاتقانىكەن. كېلىشتە قارشى تەرەپ قوشنىمىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئاستا ئۆتۈۋېلىپلا، بېغىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئۆيدىكىلىرىگە قوشۇلۇپ، ھېلىقى قوشنىمىزنى سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ كەتكەنىدى. ھېلىقى كىچىك بالا ئاتا-ئانىلىرىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنىڭ توغرا - خاتالىقىنى بىلمەيدۇ،ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيى بولغىنى ئۈچۈنلا گەرچە ئۆزلىرىنىڭ خاتا بولسىمۇ ئۆيدىكىلىرى تەرەپتە تۇرىدۇ. مانا بۇ، ئادەملەرنىڭ تىپىك ھەققانىيەت تۇيغۇسى.ھازىرمۇ مىللەتلەر ،دۆلەتلەر ،مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ئىشلارمۇ شۇنداق كېتىۋاتىدۇ، ھېچكىم ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنى ئەيىبلەپ باقمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇسى تولىمۇ نىسبىي ئۆزگىرىشچان بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ كەسكىن، يۈز-خاتىرىسىز بولمايدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر تارىختا قۇرغان ئىمپېرىيىلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ، شۇنى مىللىي غۇرۇرىنىڭ

دەستىكى قىلىشىدۇ، ئەمما ھېچكىم شۇ ئىمپېرىيىنى قۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك بىگۇناھ باشلارنىڭ كېسىلگىنىنى،قانچىلىك قانلارنىڭ بىھۇدە ئاققانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. مەردانىلىك بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ جىنايىتىنى ئەيىبلىمەيدۇ،ئەمما باشقا مىللەتلەرنىڭ قېنىغا نان چىلاپ يېيىش ئۇلار ئۈچۈن ھېچقانچە گەپ ئەمەس. زۇلۇمغا چىدىمىغان كىشىلەر قورال كۆتۈرۈپ ئۆزلىرىنى ئازادمۇ قىلالايدۇ، يەنە ئۆز قوشنىلىرىغا تاجاۋۇزمۇ قىلالايدۇ،ئادەم دېگەن مانا شۇنداق مەخلۇق.

تارىختا سەلتەنەت خۇددى ھۇما قۇشىدەك چۆرگىلەپ كەلگەن. بىزمۇ كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ دۇنيادا يەنە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. تارىختا، مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىلىدىغان ئىشلار مۇمكىن بوپقالغان چاغلارمۇ بولغان. چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇللار ئىمپېرىيىسىنى ھېچكىم ھالاك بولىدۇ،دەپ ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايتتى؛ موسكۋاغا قەدەر بېسىپ كىرگەن تاتارلارنىڭ كېيىن دەل رۇسلار تەرىپىدىن سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنىپ، ئېچىنىشلىق خانىۋەيران بولۇشىنى كىم ئويلىغان؟ ياۋروپاغا تەھدىت سېلىپ كەلگەن ئىسلام ئىمپېرىيىسىمۇ يوقالدى.نەچچە ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن ئوسمان تۈركلىرىمۇ تارىخ سەھنىسىدىن غۇلىدى. ناپالېئون، ھىتلېرلارمۇ يوقالدى. قۇدرەتلىك سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بىر كېچىدىلا پارچىلىنىپ كەتتى. جاھان شۇنداق داۋاملىشىدۇ.بىزدە«غوجامنىڭ غوجىسى بار،چامغۇرنىڭ ئورىسى» دېگەن ماقال بار.

دېمەك، گەرچە ئىنسانلارتارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتەلىسىمۇ،ئەمما بەلگىلىيەلمەيدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيادا پەقەت ھەممىنىڭ كۈچى باراۋەر بولغاندا ئاندىن نىسبىي تىنچلىق ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن.ئۇ ھالدا ھەممەيلەن بىر-بىرىدىن تەپتارتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن بولسىمۇ ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدا ھەمراھ-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىشى مۇمكىن. ئەمما مۇنداق كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى قاچان شەكىللىنىدۇ؟ دېمەك، بۇمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. يا بولمىسا بىر دۆلەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، مەنپەئەت، غۇرۇردىن ۋاز كېچىپ، ھاقارەتتە ياشاشقا چىداش كېرەك،ئەمما بۇمۇ مۇمكىن ئەمەس. تىنچلىق مەلۇم جاي،مەلۇم ۋاقىتتا ئورنىتىلىشى مۇمكىن، ئەمما ھەرۋاقىت بۇزۇلۇشى مۇمكىن.يەرشارى خاراكتېرلىك تىنچلىقنىڭ ئورنىتىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەندە ئىختىلاپ،زىددىيەت مىللەت بىلەن مىللەت، دۆلەت بىلەن دۆلەت، مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەت ئارىسىدىلا ئەمەس، ئىككى شەخس ئارىسىدا ھەتتا بىر ئادەمنىڭ ئۆزىدىمۇ مەۋجۇد. ئىككى دوستنىڭ ئىناق، چىقىشىپ ئۆتۈشى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشتا ئورتاق،پەرقسىز ئىكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى پەرقلەرگە يول قويغانلىقى، ئىختىلاپلىق جايلارنى تىلغا ئېلىش، مۇنازىرە قىلىشتىن ساقلانغانلىقىدىن. دوستلۇقنىڭ ئاساسى باراۋەرلىكتۇر. قاچانكى بىر دوست مېنىڭ دېگىنىم ھېساب دەيدىكەن، شۇ چاغدا دوستلۇق بۇزۇلىدۇ.

ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ژۇۋۇلىسىدا گۈزەللىككە مايىل خۇرۇچمۇ، رەزىللىككە مايىل خۇرۇچمۇ بولىدۇ. ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئەڭ ياخشى ئادەم بولۇش مۇمكىنچىلىكىمۇ، ئەڭ رەزىل ئادەم بولۇش مۇمكىنچىلىكىمۇ بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ياخشى - يامانلىقى، شۇ كىشىنىڭ تەبىئىتىدە قايسى خىل خۇرۇچنىڭ غالىب ئورۇنغا ئۆتۈۋالغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا، ئادەم مەلۇم ئېتىقادنىڭ ياردىمىدە رەزىللىك خۇرۇچىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا، ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمەسلىككە، گۈزەللىك خۇرۇچىنى كۈچەيتىپ، ئۇنى نامايان قىلىشقا موھتاج. ئىنسانلار ئارىسىدىكى بارلىق زىددىيەت، ماھىيەتتە شۇ ئىككى خىل خۇرۇچ ئارىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت.

ئاخىرىدا ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا ۋېل دولانتنىڭ «پەلسەپىنىڭ قىسسىسى» دېگەن كىتابىدىن مۇنۇ ئابزاسنى تەقدىم قىلىمەن:

«بۆرە يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىن كەلگەن بىر مېھمان يەرشارىنى زىيارەت قىلغىلى كەپتۇ. ئۇنىڭ بويى 50000ئىنگلىز چىسى كېلىدىكەن.ئۇ، ئوتتۇرا دېڭىزغا كەلگەندە دېڭىزدا توختاپ بىر كېمىنى قولىغا ئاپتۇ. كېمىدىكىلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ كېتىپتۇ. پەيلاسوپلار بولسا، بۇ ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ. مېھمان مۇنداق دەپتۇ:

«ئەي ئەقىللىق زەررىچىلەر، خۇدا سىلەردە ئۆزىنىڭ قۇدرەت - كارامىتىنى نامايان قىپتۇ. شۈبھىسىزكى، سىلەر بۇيەرشارىدا ئاجايىپ كۆڭۈللۈك، خۇشھال-خۇرام ياشاۋېتىپسىلەر. چۈنكى سىلەر كىچىكلىكىڭلاردىن ماددىنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكىدىن قۇتۇلغان. تاشقى قىياپىتىڭلاردىن قارىماققا، سىلەرنىڭ روھىڭلاردىن باشقا ھېچنېمەڭلار يوقكەن، شۇڭلاشقا سىلەر مۇقەررەر ھالدا خۇشاللىق ۋە تەپەككۇر ئىچىدە ياشايسىلەر. مانا بۇ مۇكەممەل روھنىڭ ھەقىقىي راھىتى.مەن باشقا جايدا ھەقىقىي بەختنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم.بەخت راستىلا بۇيەردە ئىكەن».بىر پەيلاسوپ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:«بىزنىڭ ھەرقانداق يامان ئىشنى قىلىشقا يەتكۈدەك بايلىقىمىز بار، بۇنى سىز چوقۇم بىلىشىڭىز كېرەك. مەسىلەن، مەن ھازىر سىزگە سۆزلەۋاتقان مۇشۇ پەيتتە،ئۆزىمىزدىن بولغان قالپاقلىق 100مىڭ مەخلۇق 100سەللىلىك مۇسۇلماننى قىرغىن قىلىۋاتىدۇ،مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار بىر-بىرىنى قىرغىن قىلىشىۋاتىدۇ. بۇ زېمىندا قەدىمدىن تارتىپ تاھازىرغىچە شۇنداق بوپكەلدى».

«ھۇ، خۇمپەرلەر! - مېھمان بىردىنلا غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ، - ھەرقايسىڭنى دەسسەپ مىجىقىڭنى چىقىرىۋەتمىسەم!»

«بۇنداق كۈچ سەرپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، - دەپتۇ پەيلاسوپ، - ھازىر ئىنسانلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئۆزىنى ھالاك قىلىشقا يېتەرلىك.يەنە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ يۈزدىن بىرى قالمايدۇ... ئەمما جازالىنىشقا تېگىشلىكى ئۇلار ئەمەس، بەلكى ئۆمرىنى راھەت-پاراغەتتە ئۆتكۈزۈدىغان، بىكارتەلەپ زالىم پادىشاھلار. چۈنكى ئۇلار ئوردىدا ئولتۇرۇشۇپ،ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ،ئاندىن خۇدانىڭ غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلغىنىغا شۈكۈر - سانالار ئوقۇشىدۇ».

2002-يىل 20-يانۋار، لوپ

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزا 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى(M1)



# ئۇرۇش ۋە تىنچلىق

ئادىل ئابدۇقادىر

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى دەلىل قىلغاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ 5000 يىلدىن ئاشتى. ئىنسانلار بۇ 5000 يىل داۋامىدا توختاۋسىز ئىزدىنىش، ئىلگىرىلەش ئارقىلىق ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ بۈگۈنىنى روياپقا چىقاردى ھەم ئۆزىنىڭ ئەقلىي قۇۋۋىتى ئارقىلىق ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىردى. تارىختا بۇ خىل مۇناسىۋەت گاھىدا ئىزگۈلۈك بىلەن خاراكتېرلەنسە، گاھىدا ئاپەت تۈسىنى ئالدى. ئادەم بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئالەم ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇنىيەت ھەم سىرلارنى بىلىش ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئالەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىك مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بوپكەلدى. شۇنداقلا ئالەم ئۆز ئىچىگە ئالغان مۆجىزىكار ئىمكانىيەت ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل ئېھتىياجىنى قامداپ كەلدى. بۇخىل مۇناسىۋەت مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئادەم بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەت بولغاچقا، تاكى 20-ئەسىردە «دۇنيا مۆھىت ئاسراش چاقىرىقى» ئوتتۇرىغا قويۇلغىچە، بۇ خىل مۇناسىۋەتتە ھېچقانداق توقۇنۇش كۆرۈلمىدى. ئەكسىچە ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات ئىستىكى مۇشۇ خىل مۇناسىۋەت ئارقىلىق قانائەت تاپتى ھەم راۋاجلاندى. ئەمما يەنە بىر خىل مۇناسىۋەت، يەنى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئالەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتكە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان يوسۇندا، تارىختىن بۇيان باراۋەرلىك ھەم ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى قىلىپ كەلدى. بۇ ئىككى خىل مۇناسىۋەتنىڭ پەرقى شۇكى، ئادەم بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاڭ بىلەن مەۋجۇد شەيئىينىڭ باغلىنىشى بولسا، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاڭ بىلەن مەۋجۇدىيەت باغلىنىشى شەكىللەندۈرگەن پەرقلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، بۇخىل مۇناسىۋەت مۇرەككەپ ھەم زىددىيەت بىلەن تولغانىدى. ئىنسانىيەت تارىخى مۇشۇخىل مۇرەككەپلىك ھەم زىددىيەتنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلىپ راۋاجلاندى. ئىنسانلار ئاڭ پەرقى شەكىللەندۈرگەن زىددىيەتنى پەسەيتىپ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا باراۋەر مۇناسىۋەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى، ئىزدەندى، ھەتتا دەريا-دەريا قان تۆكتى. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ دانىشمەنلىرى بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ھەرخىل يوسۇندا شەرھلەشتى ھەم نۇرغۇن نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى، ئەمما مەسىلىنى ھەل قىلالمىدى. ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ھەم زىددىيەت پەسەيمىدى، ئەكسىچە كۈنسېرى ئۆتكۈرلەشتى. ماتېرىيالىستلار دەل مۇشۇ خىل مۇناسىۋەتكە ئاساسەن تارىخنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھەرخىل يوسۇندا شەرھلىدى. تارىخ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلغاندىن

سىرت، يەنە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ھەرخىل مۇناسىۋەت ۋە ئاڭ پەرقى شەكىللەندۈرگەن دۆلەت، مىللەت، دىن، ئىرق دېگەنگە ئوخشاش مەلۇم بىر ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ بىرلىكىنى ئۆزىگە بەلگە قىلدى. ئادەم بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئادەملەرنىڭ ئالەمنىڭ سىر-قانۇنىيەتلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە چۈشىنىشى ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي تەرەققىيات يۆنىلىشى ھەم سۈرئىتىنى بەلگىلىدى. ئالەم ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىنى خورىماس ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولسا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۇنى سىستېمىلاشتۇردى، شۇنداقلا ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان ھەم ئۇنى بىر تەرەپ قىلىدىغان قانۇن، ئەدلىيە، سوت، ئارمىيە، دۆلەت دېگەنگە ئوخشاش تۈرلۈك مەنىۋى ئىختىرالارنى روياپقا چىقاردى. ئادەم بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ماتېرىيالىستىك نۇقتىدىن گەرچە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى دېگەندىن ئىبارەت قىسقا ئىبارىگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن ئادەم بىلەن ادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۇنداق قىسقا بىر ئىبارىگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيانقى تارىخى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچلۈك-ئاجىزلىق دەرىجىسى بويىچە پادىشاھ-پۇقرا، باي-نامرات، ئەزگۈچى-ئېزىلگۈچى دېگەندەك قارمۇقارشى ئىككى خىل قۇتۇپ بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى. شۇنداقلا قانۇن، سىياسەت، ئەخلاق، دۆلەت، سىنىپ قاتارلىق ئۇقۇملار ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىدىغان پرىنسىپ سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. زوراۋانلىق، دىكتاتورا يۈرگۈزۈش ھامان كۈچلۈكلەرنىڭ ھوقۇقى سۈپىتىدە قوغدالدى.

ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىدە گەرچە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مۇتەپەككۇرلار توختاۋسىز ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن دەۋر چەكلىمىلىكى تۈپەيلى ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە ھەم پرىنسىپلار مەلۇم ئىنسانلار تۈركۈمى، مەلۇم تېررىتورىيىدىكى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكىلا مەركەزلىشىپ قالدى. ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئىزگۈلۈككە ئىگە ۋەھىيلەرگە ئېرىشەلمىدى، شۇنداقلا ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك، باراۋەرلىكنى پرىنسىپ قىلغان ھايات ئەندىزىسىنى تۈزۈپ چىقالمىدى. ئەكسىچە، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك قاراشلار، نەزەرىيىلەر ھەم ئاتالغۇلار ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بەكلا چوڭايتىۋەتتى. ئىنسانلار مىللەت، ئىرق، دۆلەتتىن ئىبارەت سىياسىي بىرلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى، ئىمپېرىيە تارىخى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بۇخىل پەرق بارغانسېرى روشەنلەشتى. بولۇپمۇ 19-ئەسىردىن كېيىن بۇخىل پەرق ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. تۈرلۈك سىياسىي ئۆلچەملەر ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. دۆلەت، مىللەتنى بىرلىك قىلغان ئەركىنلىك ، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق دېگەنگە ئوخشاش سىياسىي ئاتالغۇلارنىڭ كاتالىزاتورلۇق رولى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا بىرلىك، باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پۈتۈنلەي چەتكە قاقتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مۇتەپەككۇرلار ئەيىبلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئىنسانلار ھازىرغىچە پەيغەمبەرلەر ھەم مۇتەپەككۇرلار ئوتتۇرىغا قويغان نۇرغۇن ئىزگۈلۈككە ئىگە نەرسىلەرنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلارنى يادلاپ، شەرھلەپ قويۇپلا ئۇنىڭغا رىئايە قىلماي ياشاپ كەلدى.

ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مىللەت، دۆلەت، ئىرق پەرقى مەنپەئەت قارىشىنى شەكىللەندۈردى. بۇخىل مەنپەئەت قارىشى ئوخشىمىغان دۆلەت، مىللەت، ئىرقنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، ئوخشىمىغان يۆسۈندا راۋاجلاندى. شۇنداقلا ئۇ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۆلچىمى بوپقالدى. ئىنسانلار دۇچ كەلگەن مەسىلىنىڭ خاراكتېرى، ئىجتىمائىيلىقى ئوخشاش بولمىغاچقا، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بۇخىل چارىسى، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت، قېرىنداشلىقنى دۈشمەنلىككە، زوراۋانلىققا ئايلاندۇرۇپ قويدى ھەم ئۇ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا سەۋەبكار بوپكەلدى. بۇخىل مەنپەئەت توقۇنۇشى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئوزۇقلۇق تالىشىش بولۇپ ئىپادىلەنگەن بولسا، كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەرگە كەلگەندە زېمىن تالىشىش، ئىستېلاچىلىق، تاجاۋۇزچىلىق، مىللىي توقۇنۇش، مۇستەقىللىق، ئىقتىسادىي رىقابەت بولۇپ ئىپادىلەندى. ئىنسانلار بۇخىل توقۇنۇشنى باراۋەرلىك ئاساسىدىكى بىرەر ئورتاق ئۆلچەمنى ئاساس قىلىپ ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك، ئاجىزلىق پەرقىغە ئاساسەن ھەل قىلىش يولىنى تاللىۋالدى. نەتىجىدە ئىنسانلار ئۇرۇش ھەم ئۇرۇش قورالىنى ئىجاد قىلدى. ئەقلىي ئىختىرالارنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، زوراۋانلىق، قىرغىنچىلىققىمۇ ئىشلىتىلىشى ھەم ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلغارلىشىشى، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى، شۇنداقلا زوراۋانلىق ھەم زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئايلاندى. باراۋەرلىك، تىنچلىق ئىنسانلار ئەڭ ئىنتىلىدىغان ئىزگۈ ئۇقۇملار سۈپىتىدە، تەدرىجىي ئىنسانلاردىن يىراقلاشتى. ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەت دەخلىسىزلىكىنى قوغداش

ئۈچۈن ئىنسانلار قان تۆكۈش، زوراۋانلىق، ۋەھشىيلىكتىن ئەيمەنمەيدىغان بولدى. نۇرغۇن توغرا پىكىر، كۆز قاراشلار، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ باراۋەرلىكى، ئادەم بىلەن ئالەمنىڭ بىرلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھايات ئەندىزىلىرى مۇشۇ خىل ياۋايىلىقلار تەرىپىدىن ئىنكار قىلىندى ياكى دەپسەندە قىلىندى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزگۈلۈككە ئىگە چاقىرىقلىرى ھەم بۇرمىلىنىۋېتىلدى. بۈگۈنكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۆتمۈشتىكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىن مەدەنىيەت، تەرەققىيات، تۈزۈلمە جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ، ئادەملەر بولسا بىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭرىلىكى، مۇرەككەپلىكى بىلەن ئۆتمۈشتىكى ئادەملەردىن ھەم پەرقلىنىدۇ. شۇنداقلا ئىنسانلار دۇچ كەلگەن مەسىلىنىڭ خاراكتېرى ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، بۈگۈنكى ئىنسانلار ئېرىشمەكچى بولغان تىنچلىق، ئۇرۇشنىڭلا قارشى تەرىپىدىكى ئۇقۇم بولماستىن، بەلكى يەنە ئىنسانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەم تەبىئەت ئېكولوگىيىسى تەڭپۇڭسىزلىقىنىڭمۇ قارشىسىدىكى ئۇقۇم بوپقالدى. ئەمما ئۇرۇش يەنىلا ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق ئىستىكىنى ھەدېگەندە بەربات قىلىپ كېلىۋاتقان تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

ئىنسانلار سانائەتلىشىشكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۇرۇشنىڭ ئىنسانىيەتكە ئەكەلگەن بالايىئاپىتى ھەم تەشۋىشى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە ئارتىپ باردى. مىلتىقنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ھەم ئۇنىڭ ئۇرۇشتا ئىشلىتىلىشى ئەرلەرنى ئەركەكلىكىنى نامايان قىلىدىغان مەيداندىن مەھرۇم قىلىپلا قالماستىن، ھاياتلىقتا يېڭى تەھدىت ئەكەلدى ھەم ئۇ ئىستېلاچىلىق - زوراۋانلىقنىڭ دەسمايىسىگە ئايلاندى. دۇنيادا ئارقا-ئارقىدىن يۈز بەرگەن ئېستېلاچىلىق ئۇرۇشلىرى ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ دۇنياغا كېڭىيىشىنى تېزلەتتى ھەم ئىنسانلارغا ئۇرۇش ئۇسۇلى، ئۇرۇش تېخنىكىسى ۋە ئۇرۇش قوراللىرىنى توختاۋسىز يېڭىلاشنى ئۆگەتتى. چىڭگىزخان قىلىچ بىلەن ئاتقا تايىنىپ دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇشنى قەستلىگەن بولسا، ناپالېئون مىلتىق ھەم پورۇخنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەربىي تالانتىنى جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. گەرچە تارىختا شۇلارغا ئوخشاش ئەربابلارنىڭ ياراتقان تۆھپىلىرى ئۈچۈن مەدھىيە ئوقۇلۇپ، ئۇلارغا شەرەپ ئوردېنلىرى بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ شۇخىل ھۆكۈمرانلىق غەرىزى ئىنسانلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى قىسمەن بەلگىلەپ قويدى ھەم ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى كېيىنكى ئۇرۇش تەلۋىلىرى ئۈچۈن ئۈلگە بولۇپ بەردى.

ھەرقايسى مىللەت ھەم دۆلەتلەرنىڭ تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرۈدىغان بولساق، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي قەھرىمانلىرى، داھىيلىرىنىڭ ئىش-ئىزلىرى ھەم پۈتكۈل مىللەتنىڭ قانلىق تارىخى خاتىرىلەنمىگەن بىرەر تارىخنى ئۇچرىتالمايمىز. بولۇپمۇ مىللىي قەھرىمان ھەم داھىيلارغا بەرگەن ئالىي ئۇنۋانلار، ئۇلارغا ئوقۇلغان مەدھىيىلەر تارىخنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىنسانلار تارىخقا باھا بېرىشتە ، تارىخ يېزىشتا دائىم ئۆزلىرىنىڭ مەۋقەسىنى چىقىش قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ تارتقان خورلۇق ھەم زۇلۇملىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە بىر مىللەتنىڭ مىللىي قەھرىمانى، ئۇلۇغ داھىي دەپ قارالغان كىشىلىرى باشقا بىر مىللەتنىڭ نەزىرىدە ياۋۇز ئالۋاستى ياكى قانخور جاللات بولۇشى مۇمكىن. ياپونىيە باش ۋەزىرى شاۋچۈەنچۈنىيلاڭنىڭ ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي «ياساكومىي بۇزۇرگاھى»نى تاۋاپ قىلىشى ھەم تارىخ كىتابلىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشى بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە يېتەرلىك، ئەلۋەتتە. تارىختىكى مىللىي قەھرىمانلارنىڭ مەدھىيىلىنىشى، ئۇلارغا ئابىدىلەرنىڭ تىكلىنىشى، قەھرىمانلارنىڭ روھىدىن ئۆگىنىشنىڭ تەرغىب قىلىنىشى، تارىخىي مۇزېيلارنىڭ ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىكى رولى دېگەنلەر قارىماققا ناھايىتى توغرىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۇخىل تەربىيە يېتىشتۈرگەن تار مىللەتچىلىك ئېغى ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەت تىنچسىزلىقىنىڭ يەنە بىر مەنبەسى. ھىتلېر بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ.

ئۆتكەن بىر ئەسىر ئىچىدە دۇنيادا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك مىللىي زۇلۇم، ئىرقىي كەمسىتىش، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشلار بولۇپ ، ھۆكۈمران مىللەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان مىللىي زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك، ئىرقىي كەمسىتىش بۇ ئۇرۇشلارنى ھەم ھەددى-ھېسابسىز قان تۆكۈلۈشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاسىتە سەۋەب، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ ئۈچۈن تارىختىكى ھېچقانداق بىر ھۆكۈمران ئاھ ئۇرغىنى ياكى ئۆز قىلمىشى ئۈچۈن ھەسرەت چەككىنى يوق. ئەكسىچە، نەچچە ئون مىليون ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ھىتلېر يەنىلا بىر قىسىم گېرمانىيىلىكلەرنىڭ مەڭگۈ داھىيسى بوپكەلمەكتە. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى قانلىق قىرغىن قىلغان ستالىن ئۇلۇغ داھىي، دەپ مەدھىيىلىنىپ كەلمەكتە. ئافرىقا خەلقى ئۆز تېرىسىنىڭ قارا بوپقالغانلىقىنىڭ خورلۇقىنى تاكى 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تارتتى. ھېلىھەم غەربتە پات-پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش نامايىشلىرى بۇ مەسىلىنىڭ تېخىچە تۈپتىن ھەل بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللەتچىلىك، ئالىي ئىرق دېگەنلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە تەشەببۇس قىلىنغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟ ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا قىر-چاپ قىلىشى بەدىلىگە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەمەلىيەتتە دۆلەت، مىللەت، ئىرق، دىن بىرلىكىنى بەلگە قىلغان تارىخى

ئاداۋەت، ئارازلىق ھەم دۈشمەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

تەرەققىي قىلغان ئىنسانلارنىڭ ۋەھشىيلىكمۇ تەڭ تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. بۇخىل ۋەھشىيلىك قىرغىنچىلىق قوراللىرىدىلا ئەمەس، ئىنسانلارنى شۇخىل ۋەھشىيلىككە ئۆگەتكەن مەۋجۇد ئىدىيىلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. شۇڭا ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىق، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئىختىراسى سۈپىتىدىكى مەۋجۇد ئىدىيىلەر راۋاجلىنىپلا تۇرىدىكەن، ئۇ ئاخىرلاشمايدۇ، ئەكسىچە بارغانسېرى كەسكىنلىشىدۇ. بۇنى دەلىللەش ئۈچۈن يىراق ئۆتمۈشكە مەنسۇپ تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلاش بىھاجەت. پەقەت دەۋرىمىزگە يېقىن بولغان مۇشۇ بىرقانچە ئەسىرلىك تارىختا قارايدىغان بولساق، ئىنسانلار ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان قانلىق پاجىئەلەر بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

18-ئەسىردىن كېيىن غەربتە قوزغالغان سانائەت ئىنقىلابى ياۋروپانىڭ تارىختىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە، ياۋروپالىقلاردا دۇنياغا خوجا بولۇش غەرىزىنى تۇغدۇردى. گېرمانىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق مۇستەملىكىچى ئەللەر ئۆزلىرىدىكى دېڭىز قاتنىشى ھەم ئۇرۇش قوراللىرى ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا ئۇلار «غەرب مەركەز» تەلىماتىنى مەنىۋى تۈۋرۈك قىلىپ تۇرۇپ، شەرقلىقلەرگە ئۆز زوراۋانلىقىنى تاڭدى. ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرى تارىختىكى ئۇنتۇلغۇسىز زۇلمەتلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ياۋروپادىكى جاھانگىر كۈچلەر دۇنيا قۇرۇقلۇقىنىڭ %35دىن كۆپرەكىنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزۈۋالدى. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى غەلىبىسىنى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەربىي ھازىرلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بەلگىلىگەنىدى. ئاۋستىرىيە1718-يىلى قورال كۈچى، ھەربىي تېخنىكا، ئارقا سەپ تەمىناتى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى بىلەن ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئۈستىدىن ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى، شۇنىڭدىن باشلاپ ھەربىي ھازىرلىقلار جەھەتتىكى كۈچلۈك-ئاجىزلىق پەرقى ئېزىش-ئېزىلىشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى بەلگىلەپ قويدى. ھەربىي ھازىرلىقلار جەھەتتىكى ئاجىزلىقى تۈپەيلى، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ئېزىلگۈچى ئەللەر تاكى 2-دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقىچە قۇللۇق، خورلۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى، بۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە مىللەت، دۆلەت، مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك ئۇقۇملىرى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى ھۆكۈمران ئىدىيىگە ئايلاندى. ئىنسانلار ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن نەق مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولغاچقا، دۇنيانىڭ، ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى ئورتاق تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمىدى. ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى ئەل ئۆز داھىيلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى يۈكسەك بىلىشتى. ئېزىلىشكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي جەھەتتىن كۈچىيىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەممىگە ئايان بولدى. بىرىنچى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي ھازىرلىقلار پەرقىنىڭ تەھدىتىنى كۈچەيتىۋەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ دۇنيادا ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى باشلىنىپ كەتتى. ھەرقايسى مۇستەقىل ئەللەر ئوتتۇرىسىدا قورال-ياراق سودىسى، ھەربىي تېخنىكىغا مەبلەغ سېلىش بەس-بەس بىلەن ئەۋج ئالدى. پەن-تېخنىكىنىڭ ئىختىراسى سۈپىتىدىكى قىرغۇچى قوراللار ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. 2-دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىش ھارپىسىدا «ھالاكەت قورالى» دەپ ئاتالغان ئاتوم بومبىسى رەسمىي ئىختىرا قىلىندى ھەم شۇ قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىشلىتىلىپ، نەچچە يۈز مىڭ ئادەمنىڭ ھاياتى بەدىلىگە ئۆز ھەيۋىسىنى تولۇق نامايان قىلدى. بۇ قورالنى تۇنجى ئىشلىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن دۆلەت ئامېرىكا شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ دۇنيا ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئورنىنى تىكلىدى. ئامېرىكا پرېزىدېنتى روزۋېلتقا خەت يېزىپ، «ئاتوم بومبىسى» ياساش لايىھىسىنى سۇنغان ئۇلۇغ ئالىم ئېينشتېين گەرچە ئۆز قىلمىشىنىڭ خاتالىقىغا چەكسىز ئۆكۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كېچىككەنىدى. شۇنداقلا ئۇ بۇ قورالنىڭ 20-ئەسىردىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ تەشۋىش بوپقېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئاتوم بومبىسى ئىختىرا قىلىنغاندىن كېيىن، سوتسىيالىزم ھەم كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى لاگېر ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن سىياسىي رىقابەت ھەم كاپىتالىزم لاگېرىنىڭ سوتسىيالىزم لاگېرىغا ئىشلەتكەن بېسىمى دۇنيادا ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنى پەيدا قىلدى. 1990-يىلىغىچە بولغان دۇنيا ۋەزىيىتىدە ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى ئەڭ ئەۋجىگە چىقتى. رۇسىيە ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئەللەر خەلقئارا قورال سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن پايدا ئالدى ھەم خەلقئارا قورال-ياراق سودىسىنى پۈتكۈل دۇنياغا كېڭەيتتى. دەرىجىدىن تاشقىرى ئەللەرنىڭ زوراۋانلىقى شەكىللەندۈرگەن تەھدىت، ئىككىنچى، ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنى بۇ خەلقئارا سودىنىڭ ئاكتىپ خېرىدارلىرىغا ئايلاندۇردى. نەتىجىدە خەلقئارا قورال-ياراق سودىسى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن باشلاپ تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتىكى تۈۋرۈكلۈك كىرىم مەنبەسىگە ئايلاندى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرى بۇ سودىدىكى ئۈستۈنلۈكنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن قىرغىنچىلىق كۈچى يۇقىرى يېڭى-يېڭى قوراللارنى توختىماي بازارغا سالدى. بۇنى فرانسىيە ئىقتىسادشۇناسى كلاۋىد مۇنداق

خۇلاسىلەيدۇ: «ۋول - ستىرىت كوچىسىدىكى كاپىتالىستلارنىڭ ھايلىقى 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئون مىليون ئادەمنىڭ، 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىكى 30مىليون ئادەمنىڭ جەسىتى ئۈستىگە توپلانغان». ھەممىگە مەلۇملۇق، ھازىرغىچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دۆلەتلەر ئارا ئېلىپ بېرىلغان توقۇنۇشتا، رۇسىيە بىلەن ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت قارمۇ قارشى ئىككى تەرەپنى قورال بىلەن تەمىنلەپ، ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتىن پايدا ئېلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنلا دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھەربىي چىقىمى شىددەت بىلەن كۆپەيدى. 1987-يىلىغىچە بولغان يىللىق دۇنيا ھەربىي ئىشلار چىقىمى تەخمىنەن 100مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولغان بولسا، سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە دۇنيا ھەربىي ئىشلار چىقىمى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ يىلىغا2 تىرىليون 100مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. بۇ جەھەتتە يەنىلا تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ھەربىي چىقىمى ھەممىدىن يۇقىرى بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي چىقىمى دۇنيا بويىچە ھەممىدىن يۇقىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ھەربىي چىقىمىنىڭ بۇ دەرىجىدە يۇقىرى بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلار خەلقئارا قورال-ياراق سودىسى ئارقىلىق ئۆز ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلىشى بۇ بىر نۇقتىنى تولۇق دەلىللەيدۇ. ھازىرغىچە ئامېرىكىنىڭ قورال-ياراق ئېكسپورت ئومۇمىي مىقدارى دۇنيا قورال - ياراق سودىسى مىقدارىنىڭ %50نى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا غەرب ئەللىرى بىر تەرەپتىن مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق دېگەنلەرنى تەرغىب قىلغاندەك قىلسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى دەپسەندە قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار ھەربىي ئۈستۈنلۈك جەھەتتىكى زوراۋانلىقىغا تايىنىپ بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئۆلچەملىرىنى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرگە تاڭسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئارىلىقتا ئۆزلىرى پەيدا قىلغان توقۇنۇشتىن قورال-ياراق سېتىپ پايدا ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، دۇنيادىكى ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ قىرغىنچىلىق كۈچى ھەم ئۇنىڭ تەھدىتى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. 1980-يىللاردىكى بىر ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، رۇسىيە، ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتتىكى يادرو قورالىنىڭ مىقدارىلا يەرشارىنى نەچچە قېتىم پارتلىتىۋېتىشكە يېتەرلىك ئىكەندۇق. ئىنسانلار قىرغۇچى قوراللارنى ياساشتا يادرو بومبىسى بىلەنلا كۇپايىلەنمىدى، مانا ئەمدى بىئولوگىيىلىك، خىمىيىلىك قوراللار دۇنيادىكى ئۇرۇشلاردا ئىشلىتىلمەكتە. بۇنىڭ ئاپىتى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ھەم مۆلچەرلىگۈسىز.

ئۇرۇشنىڭ ئىنسانلارغا ئەكەلگەن بالايىئاپىتى ھەم تەھدىتى قىرغىنچىلىق، ئۆلۈم بىلەنلا ئاخىرلاشقىنى يوق. ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي مەسىلە، زىددىيەت ھەم تارىخىي ئاداۋەت، ئاچ-يالىڭاچلىق، سەرگەردانلىق، بالىلارنىڭ قىرىلىپ كېتىشىدەك مەسىلىلەر دۇنيانى ھازىر قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرگۈزۈپ قويدى. ئۇرۇش تۈپەيلى كېلىپ چىققان نامراتلىق، كۆچمەنلىك، يۇقۇملۇق كېسەل پۈتكۈل دۇنيادىكى ئىجتىمائىي ھادىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇرۇش پەيدا قىلغان دۇنيا مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشى، مەدەنىيەتنىڭ خارابلىشىشقا يۈزلىنىشى تېخى ئىنسانلارنى چۆچۈتكىنى يوق. 1987-يىلدىكى بىر دوكلاتتا، 1945-يىلدىن بۇيان دۇنيا بويىچە 1500قېتىمدىن ئارتۇق يادرو قوراللىرى سىنىقى ئېلىپ بېرىلغانلىقى، بۇنىڭ 500قېتىملىقى ھاۋا بوشلۇقىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، پەقەت ئامېرىكىلا 910قېتىمدىن ئارتۇق سىناق ئېلىپ بارغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇخىل سىناقلارنىڭ يەرشارى مۇھىتى ھەم ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە قانچىلىك زىيان يەتكۈزۈدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش قىيىن. ئۇنىڭدىن باشقا پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ مۇھىت بۇلغىنىشىغا ئەكەلگەن تەسىرىنى ئۇنىڭدىن خەۋەردار ھەربىر ئادەم ھېس قىلالايدۇ. ئەمدى تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتلارغا قاراڭ: ئۆلچەشلەرگە ئاساسلانغاندا، ئاتموسفېرادىكى كاربون IV ئوكسىدىنىڭ مىقدارى مۇشۇ يىگىرمە ئەسىر ئىچىدىلا %027 . 0تىن %032 . 0كە ئۆرلەپ كەتكەن بولۇپ، 2000-يىلىدىن كېيىن %04 . 0تىن ئېشىپ كېتىشى مۆلچەرلەنمەكتە. ھاۋارايىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ تەسىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاپەتلەرنىڭ بىرى. مۇشۇ 100يىل ئىچىدىلا يەرشارى تېمپېراتۇرىسى 5 . 0سىلتسىيە گرادۇس ئارتىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى 50يىلدا يەنە تەخمىنەن 3سىلتسىيەگرادۇس ئېشىپ كېتىشى مۆلچەرلەنمەكتە. يەنە ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىر يەرشارىدا يىلىغا 500مىليارد توننىدىن ئارتۇق سۇ ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بۇلغىنىپ تەبىئەتكە قايتۇرۇلىدىكەن، شۇنداقلا دۇنيادا يىلىغا 25000ئادەم بۇلغانغان سۇ ئىچىپ ئۆلۈپ كېتىدىكەن. بۇ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ھېس قىلالايدۇ، ئەلۋەتتە.

گەرچە بۈگۈنكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلدى دېيىلسىمۇ، لېكىن دۇنيا مەدەنىيىتىنى قاپلىغان بۇزۇقچىلىق، شەرمەندىچىلىك، گۇمراھلىقنى ئۆتۈپ كەتكەن ھەرقانداق بىر تارىخىي دەۋردىكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى مەدەنىيەت بايرىقى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن چېكىگە يەتكەن ئەكسىيەتچىلىك سەنئەتنىڭ

ئىزگۈلۈكنى يوقاتقانلىقىنى، مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئوقىدىن چەتلەپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئەمدى ئىنسانلار بۇنىڭدىن كېيىن رىم، مىسىر مەدەنىيەتلىرىگە ئوخشاش ئۆلمەس مەدەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتى دەۋرىدىكىگە ئوخشاش سەنئەت يارىتالماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى گۈزەللىك ئۆز يۈكسەكلىكىنى يوقاتقاندا، ئۇنىڭ ئورنىنى ئاسىيلىق ئالىدۇ. بۇلارغا بەلكىم ئۇرۇش بىۋاستە سەۋەبكاربولۇشى ناتايىن. ئەمما ئۇرۇش ئوتى كەلتۈرۈپ چىقارغان تەشۈش، زوراۋانلىق، ئاچارچىلىق، نامراتلىق، ئۇرۇش ياراتقان ئىدىيە، كۆز قاراشلار مەدەنىيەتنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋېتىشتە سەلبىي رول ئوينىمىدى، دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ.

يۇقىرىقىلار ئۇرۇش مۇساپىسى ھەم ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىلەر ئۈستىدىكى كىچىككىنە تەھلىل. ئەمدى ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق مۇساپىسى ئۈستىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىغا قاراپ باقايلى. گەرچە ئىنسانلار ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تىنچلىقنى ئۇنتۇپ قالمىدى. تىنچلىق بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدى، قان تۆكتى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلار تىنچلىق ئۈچۈن ھەرقايسى ئەللەر ئۆز مۇستەقىللىقىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە تەنتەنە قىلىش ياكى ئۇ ھەقتە قۇرۇق نەزەرىيە سۆزلەشتىن باشقا خەلقئارادا ئورتاق بىرلىككە كەلگەن بىرەر ھەرىكەت ياكى ئۆلچەم بېكىتمىدى، بۇ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيىتى ھەم كەلگۈسى ھالاكىتى. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى تىنچسىزلىقنىڭ تۈپ سەۋەبى باراۋەرلىك، ئادالەتنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى، ھەقىقەتنىڭ ھۆكۈمران ئىدىيىگە ئايلىنالماسلىقى بولۇپ، ئىنسانلار يەتمەكچى بولغان تىنچلىق ئەسلىدە ھەقىقەت قازىلىقىدىكى باراۋەرلىك ھەم ئادالەتنى شەرت قىلاتتى. ئەمما تارىخنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك ھەم ئادالەتنى ئىنكار قىلدى ياكى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، شۇنداقلا ھەقىقەتنىڭ مۇقەددەسلىكىمۇ تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىدى. ئادەمنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدەك ھايات ئەندىزىسى ھەم ئۇ تەمىنلىگەن ئالاھىدە ئىمتىياز، ئۇ شەكىللەندۈرگەن تۈزۈلمە، قانۇن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى «تۇغۇلۇشتىنلا باراۋەر بولۇش» تەك مۇۋازىنەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. پادىشاھ-پۇقرا، باي-گادايلىق تارىختىن بۇيانقى ئىنسانلار مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بوپكەلدى. دۇنيادىن ئورتاق مەنپەئەتلىنىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە ئىنسانلار ئۆزلىرى بەلگىلىگەن قانۇن، تۈزۈم، ئىقتىسادىي تەقسىمات ئۇسۇلىنى ئۆلچەم قىلدى. بۇخىل ئۆلچەملەر گەرچە ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئادالەتنى يېتەكچى قىلىپ تۈزۈلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىنسانلار ئىگى تەرىپىدىن ئىختىيارىي يوسۇندا قوبۇل قىلىنماستىن، زورلۇق ۋاستىسىنىڭ تەھدىتى بىلەن قوبۇل قىلىنىشى ھەم ئۇنىڭ ئادىل ئىجرا قىلىنماسلىقى، ئۇنىڭ ئىنسانلار ئېڭىدىكى يۈكسەكلىك ئورنىنى بەلگىلىيەلمىدى. شۇڭا، ئىنسانلار مەنپەئەت بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە تەبىئىي ھالدا مەنپەئەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. بۇھال تىنچلىقنىڭ ئىشقا ئېشىشىدا چوڭ توسالغۇ شەكىللەندۈردى.

ئەمدى باراۋەرلىك ھەم ئادالەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئورتاق تەلەپكە ئايلانغاندا، شۇنداقلا ئۇنىڭ يۈكسەكلىكى زوراۋانلىق ۋاستىسىغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى بىر ئالىي مەنىۋى كۈچ تەرىپىدىن قوغدالغاندىلا تىنچلىق ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ. بىراق بۇخىل مەنىۋى كۈچنىڭ ئىنسانىيەت ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشى ھەممىلا يەردە قارشى ئېلىنىشى ناتايىن. ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق مۇساپىسى داۋامىدا قوللانغان ئەڭ ئالىي ھەرىكىتى بەلكىم «ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى»، قوشنا ئەللەر ئارا ئورنىتىلغان ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق، ھەمكارلىق ئورنىتىش شەرتنامىلىرىنىڭ ئىمزالىنىشى بولۇشى مۇمكىن. بىراق بۇخىل ھەرىكەتلەرنىڭ ۋاقىتلىق ئۈنۈمى مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلالمىدى. شۇ نەرسە ئېنىقكى، مۇشۇ بىر ئەسىردىن بۇيان ئىنسانلار گەرچە تىنچلىق ھەققىدە كۈچەپ توختالغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇميۈزلۈك دۇنيا تىنچلىقى ئورنىتىلغىنى يوق. مۇشۇ بىر ئەسىر ئىچىدە دۇنيانى قاپلىغان پۇرۇخ ھىدى بىلەن قان ھىدى بۇ نۇقتىنى تولۇق دەلىللىيەلەيدۇ. گەرچە ئىنسانلار 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيا تەرتىپىنى باشقۇرغۇچى بىرەر ھوقۇقلۇق ئورگاننىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشىپ، «خەلقئارا ئىتتىپاق» ئەندىزىسى ئاساسىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، دۇنيادىكى كۆپ قىسىم مۇستەقىل ئەللەر ۋەكىللىرىنىڭ ئورتاق كېڭىشى ئارقىلىق دۇنيادىكى زور ئىشلار ئۈستىدە ئورتاق قارار چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن «يەرشارىلىشىش» دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن بۇ تەشكىلاتنىڭ خەلقئارا مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش جەھەتتىكى رولى زور چەكلىمىگە ئۇچرىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىر قىسىم قارارلىرى بەزى دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. غەرب ئەللىرى ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىيىسى، كىشىلىك ھوقۇق قاراشلىرى، ئىنسانپەرۋەرلىكىنى كۆز-كۆز قىلغاندەك، دۇنيادىكى ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالغان ئەللەردىكى بالىلار، كۆچمەنلەر، كېسەللەرگە دۇنيا قىزىل كرېست جەمئىيىتى، دۇنيا تىنچلىق فوندى جەمئىيىتى، دۇنيا بالىلار تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى... دېگەندەك خەلقئارا تەشكىلاتلار ئارقىلىق خەيرخاھلىق قىلىۋاتقاندەك قىلسىمۇ،

ليكىن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئەللەر دۇنيانىڭ قەيېرىدە ئۇرۇش بولسا شۇ ئۇرۇشقا قول تىقىپ، ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىپ كەلدى. شۇنداقلا ئۇلار يەنە بىر قىسىم ئەللەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، زوراۋانلىق تەھدىتى ئارقىلىق ئۇ ئەللەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، 1982-يىلىغىچە دۇنيا بويىچە دۆلەت سىرتىدىكى ھەربىي بازا ھەم مۇئەسسەسەلەرنىڭ سانى 3000گە يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا 500مىڭدىن كۆپرەك ئەسكىرىنى دۇنيادىكى 70نەچچە دۆلەتكە ئورۇنلاشتۇرغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا تىنچلىقىغا بىۋاستە تەھدىت بوپكېلىۋاتقان رېئال مەسىلىلەردۇر.

ئەلۋەتتە، خەلقئارالىق تەشكىلاتلارمۇ دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئەمما بۇ خىزمەتلەرنى يەنىلا دۇنيا قورال-ياراق سودىسى ھەم ئۇنىڭغا سەرپ قىلىنغان مەبلەغ ۋە كۈچ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. تىنچلىق ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان كۈچ بەلكىم تىنچسىزلىق شەكىللەندۈرۈۋاتقان ئامىللار ئالدىدا ھېچنېمىگە تەڭ بولالماسلىقى مۇمكىن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى دەۋرىگىچە 15قېتىم، سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدىن 1997-يىلغىچە 30قېتىم دۇنيادىكى ئۇرۇش يۈز بەرگەن ھەرقايسى ئەللەردە تىنچلىق ساقلاش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپ سانلىقى ئاسىيا - ئافرىقا ئەللىرى ھەم ئوتتۇرا شەرقتە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ بىر نۇقتا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، شۇنداقلا ئويغا سالىدۇ.

ئىنسانلار تىنچلىق ئۈچۈن ئۇرۇشتى، تىنچلىق ئۈچۈن قان تۆكتى، ئەمما تىنچلىق بەرپا قىلالمىدى. دۇنيا ھېلىھەم تىنچسىزلىق ئىچىدە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئىنسانلار دۇچ كەلگەن تەھدىتمۇ تەڭ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بۇخىل تەھدىت شەكىللەندۈرگەن تەشۋىش، قورقۇنچ ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق ئارزۇسىنى بەربات قىلىپ، ئىنسانلارنى يېڭى ئۇرۇش ئوتى ئىچىگە سۆرەپ كىرىۋاتىدۇ. ئۇرۇشنىڭ رەھىمسىزلىك دەرىجىسىنىڭ كۈنسېرى ئارتىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارمۇ رەھىمسىزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇخىل رەھىمسىزلىكلەر كىشىنى قايىل قىلارلىق نۇرغۇن نەزەرىيە، كۆز قاراش، ئاتالغۇلار بىلەن زىننەتلەنگەن. ئىنسانلار شۇخىل نەزەرىيە، كۆز قاراش، ئاتالغۇلارنىڭ قوغدىغۇچىلىرى سۈپىتىدە تۈرلۈك-تۈرلۈك مەسلەك، پىرقىلەرگە بۆلۈنگەن. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان مەۋھۇم ئىدىيە، كۆزقاراشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسەسىزلىك، قانلىق كۆرەشلەرمۇ ماھىيەت جەھەتتىن يەنىلا كۆز قاراش، مەيدان ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش. شۇڭا، تىنچلىق - بۈگۈنكى دۇنيادىكى تولىمۇ نىسپىي ئۇقۇم، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا زوراۋانلىق، زورلۇق ۋاستىلىرىنىڭ رولى پەقەت پاجىئە بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مۇبادا دۇنيادا ئىككىنچى قېتىم توپان بالاسى بوپقالسا، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇ پاجىئە ئۇنىڭ سەۋەبكارى بوپقېلىشى، شۇنداقلا ئىنسانلار يەنە نوھ ئەلەيھىسسالامدەك ئىككىنچى بىر نىجاتكارغا ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن.

---

ئاپتور: خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تىلماچى(M1)

بۇ سان 2002 - يىل 20 - يانۋاردا تىزىشقا يوللاندى، 30-مارتتا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت



# مۇھەررىرلىك ھوقۇق ئەمەس

ئادىل ئەكبەر

يېقىندا شەھىرىمىزنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە ئۇنتۇلغۇسىز ـ ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى. ئەسەرلىرىنىڭ خەلقچىللىقى ۋە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن ئەل قەلبىدىن ئورۇن ئالغان بىر مۆھتەرەم ئۇستاز، تالانتلىق يازغۇچىغا تون يېپىلدى.

بۇ ئىشتىن رادىئو-تېلېۋىزىيە ئارقىلىق خەۋەر تېپىپ، مەن ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدىغان، ئەسەرلىرىنى ئەزەلدىن سۆيۈپ ئوقۇيدىغان بۇ يازغۇچىنىڭ شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەشۇنداق ئەھمىيەتلىك بىر ئەنجۇمەنگە چاقىرىلمىغانلىقىمدىن كۆپ ئەپسۇسلاندىم. ئاڭلىشىمچە، قەلەمكەش بۇرادەرلەردىن بىر نەچچىسى شۇ سورۇندا دىرىكمىنى قىلىپ بۇنداق ئىلمىي يىغىلىشلارغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ كەلگەن مەندەك بىر ئاپتورنىڭ بۇ ئەنجۇمەنگە چاقىرىلمىغانلىقىدىن ھەرخىل پەرەزلەرنى قىلىشىپتۇ.

كېيىن بىلسەم، بۇ ئەنجۇمەنگە مەنلا ئەمەس، يەنە باشقا بىرنەچچە غوللۇق قەلەمكەشمۇ چاقىرىلماپتۇ. نېمىدەپ بىزنى چاقىرمىغاندۇ؟ دەپ كۆپ ئەپسۇسلاندۇق.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىشلارنىڭمۇ سىرى يېشىلدى. ئەسلىدە ئەشۇ ئىلمىي پائالىيەتنى ئۇيۇشتۇرغان ژۇرنالنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش مۇھەررىرى دەم ئېلىشقا چىققان باش مۇھەررىر بىلەن ئوبدان ئۆتۈشكەن بىرنەچچە قەلەمكەشكە ئىچىدە غۇم ساقلاپ يۈرگەچكە، باش مۇھەررىر دەم ئېلىشقا چىقىشى بىلەنلا ئەمدى پۇرسەت كەلدى دەپ بىلىپ، ئۇ قەلەمكەشلەردىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە بىزلەرگە ئۇقتۇرۇش ئەۋەتمىگەنىكەن. شۇ باش مۇھەررىر يەنە بۇنى ئاز دەپ بارغانلىكى يېرىدە ئەمدى بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزگە ژۇرنالدىن ئورۇن بەرمەيدىغانلىقىنى، ئەپنى تاپسا «يانپاشقا ئالىدىغان» لىقىنى

ئوقۇرمەنلەر سادالىسى

ئەزۋېلەپ سۆزلەپ يۈرگەنمىش.

ئويلىنىپ قالدىم: بۇ بىر ھەقىقىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە مۇھەررىرنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان گەپمۇ؟ ئۇنىڭچە بولغاندا مۇھەررىرلىك باشقىلار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشنىڭ، باشقىلاردىن ئۆچ ئېلىۋېلىشنىڭ، باشقىلارنى ئۆزىگە خوش-خوش دېگۈزۈۋېلىشنىڭ، نام-شۆھرەت، مال-دۇنياغا ئېرىشىۋېلىشنىڭ ۋاستىسى ئوخشىمامدۇ؟

يەنە مۇنداق بىر ئىشنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانلىقىم ئېسىمدە: مەلۇم بىر يەرلىك گېزىتتىكى كالتە قوشۇقنىڭ سېپىچىلىك مەنسىپى بار بىر مۇئاۋىن باشلىق بالىسىنىڭ توينى قىلىپ ئەتراپتىكى پۈتكۈل مۇخبىر، قەلەمكەشلەرگە باغاق تارقاتقان، شۇلاردىن بىر قەلەمكەشنىڭ زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالغاچقا، تويغا قاتنىشالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى «ئەمەلدار مۇھەررىر» تويغا قاتنىشالمىغان قەلەمكەشنىڭ ئارقىسىدىن مىڭنى تىللاپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى گېزىتكە ئىككىنچىلەپ باسمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

مانا بۇ كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق، بۇنىڭغا كۆز يۇمۇشقا پۈتۈنلەي ئامالسىزمىز. خىرىس ۋە رىقابەتكە تولغان دۇنيادا تۇرۇۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، رېئاللىق بىزنى ئۆزىمىز ھەققىدە، بولۇپمۇ ئۆزىمىزدىكى سەۋەنلىكلەر ھەققىدە كەسكىن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە زىيالىيلار قاتلىمىمىزدىكى ساپا ھەققىدىمۇ ئاز-تولا بىرنېمە دېمەي بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

مەتبۇئات بىر مىللەتنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى يېتەكلەشتە ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشتە سەل قارىغىلى بولمايدىغان رولغا ئىگە. بۇ مەنىدىن مەتبۇئات جەمئىيەت مەكتىپىدۇر.

مەتبۇئاتتا ئىپادىلىنىۋاتقان ئىدىيىۋى خاھىش ئاۋامنىڭ روھىي كەيپىياتى، ھەرىكەت مۇددىئاسىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا مەتبۇئات خەلقنى تەربىيىلەش، خەلقتە روھ يېتىلدۈرۈشتە ھەرقانداق ۋاستە ئورنىنى ئالالمايدىغان دەرىجىدە مۇھىم. شۇ مەنىدىن مەتبۇئات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان نەشرىياتچى - مۇھەررىرلەرنى بىر مىللەتنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى يېتەكلەيدىغان، روھىغا تەسىر قىلىدىغان مەنىۋى يولباشچى دېمەي بولمايدۇ. شۇڭا مۇھەررىرلەرنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەت ناھايىتى زوردۇر.

ۋەھالەنكى، بىزدە مۇھەررىرلىكنى مەسئۇلىيەت دەپ قاراشنىڭ ئورنىغا يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئۇنى بىرخىل ھوقۇق دەپ چۈشىنىدىغان ئادەملىرىمىزمۇ يوق ئەمەس، بەلكى ئۇلار خېلىلا زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنى مەدەنىيەت ساھەيىمىزدىكى بىر پاجىئە دېمەي بولمايدۇ.

ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى «ئەدەبىياتنىڭ قىياپىتى ۋە نوھىنىڭ كېمىسى» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق يازىدۇ: «ژۇرنالىستلىق ۋە نەشرىياتچىلىق ھەرگىزمۇ ئۇدۇل كەلگەن ئادەم قىلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس، ھوقۇق تېخىمۇ ئەمەس، ئۇ بىرخىل ئەدەبىي تەنقىد جەريانى. ھەقىقىي بىر نەشرىياتچى جەمئىيەت مائارىپىنىڭ يىرىك پېداگوگىدۇر. نەشرىياتچىلىقنى بىرخىل ھوقۇق ياكى ئىمتىياز دەپ قارايدىغان كىشىلەر مىللەتنىڭ ئەقىل خەزىنىسىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان چاشقانلاردۇر. ئۇلار ھەممىشە بىرەر شەپىدىن خاۋاتىرلىنىپ ياشايدۇ».

مۇھەررىرنىڭ ساپاسى ئۆزى ئىشلىگەن نەشرىي ئەپكارنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدۇ. قانداق مۇھەررىر بولسا شۇنداق نەشرىي ئەپكار بولىدۇ. بىرەر نەشرىي ئەپكار ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئاپتورلار قاتلىمى ۋە ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىغا ئاساسەن شۇ نەشرىي ئەپكارنىڭ سۈپىتى، ئىدىيىۋى خاھىشىغا باھا بېرىشكە بولىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى گېزىت - ژۇرنال باشقارمىسى تەمىنلىگەن ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىۋاتقان، مەملىكەت ئىچىدە بىرتۇتاش نومۇرى بولغان، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە ئاشكارا تارقىتىلىۋاتقان قەرەللىك ژۇرنال 69 خىلغا، ئىچكى ماتېرىيال خاراكتېرلىك قەرەللىك ژۇرنال 65 خىلغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە خېلى ئالدىدا تۇرغان.

ۋەھالەنكى، شۇنچە كۆپ ژۇرناللار ئىچىدىكى بەزى كەسپىي خاراكتېرلىك ژۇرناللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا زادى قانچىلىك رول ئوينىيالىدى؟

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى، ئۆزلۈك خاھىشىغا ئىگە قىرغىز ئوبزورچى مامبەت تۇردى ئەپەندى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان «20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بىر نەزەر ۋە يېڭى ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈزلىنىشى ھەققىدە» دېگەن تېمىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەدىبلەر سۆھبىتىدە ئۇيغۇر تىلىدا چىقىۋاتقان ئەدەبىي ژۇرناللىرىمىز ھەققىدە توختىلىپ سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاساسلىق ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر نېمە دېسە، ئۇنىڭ بىرى، ژۇرناللاردىن تولۇق پايدىلىنىش مەسىلىسى ھەل بولماي كېلىۋاتىدۇ. ‹شىنجاڭ مەدەنىيىتى› ژۇرنىلى مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكىتىنى باشلاپ بەردى ھەمدە ئۇنى بىر ئىزغا سېلىشقا ھەسسە قوشتى. ‹تەڭرىتاغ› ژۇرنىلىمۇ ئۇزۇن يىللىق تىرىشچانلىقتىن كېيىن، ئەدەبىياتىمىزدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئوبرازىنى نامايان قىلالماقتا. لېكىن نۇرغۇن ژۇرناللىرىمىز قەغەز ئىسراپ قىلىش بىلەنلا بوپكېتىۋاتىدۇ».

ئەشۇنداق قەغەز ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىۋاتقان ژۇرناللىرىمىزدا شۇ ژۇرناللاردا ئىشلەۋاتقان مۇھەررىرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى يوق ئەمەس. بۇ ئۇلارنىڭ خەلقىمىز نېمە كويدا؟ ئۇلارغا ھەقىقىي لازىم نەرسە نېمە؟ قانداق قىلساق خەلقىمىزنىڭ ئاچقان يېرىگە بارغۇدەك، ئۇلارغا ئېتىمغۇدەك روھىي ئوزۇق بېرەلەيمىز؟ . . . دېگەندەك ئەقەللىي تەلەپنىمۇ چىقىش قىلماي ئۆزىنىڭ تارنەزەر دائىرىسى بويىچە شەخسىي خاھىشىنى چىقىش قىلىپ، ژۇرنال چىقىرىش ئۈچۈنلا ژۇرنال چىقارغانلىقىنىڭ بىشارىتىدۇر.

كېيىنكى كەلگەندە بىر ئەر نەشرىي ئەپكارنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئىدىيىۋى خاھىشى خەلقنى تۈيۈق يولغا باشلاپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا بۇ مەسئۇلىيەت بىلەنلا تۈگەيدىغان ئىش ئەمەس، ئۇ جاۋابكارلىققا بېرىپ تاقىلىدۇ.

مۇھەررىرلىك بىر ئەمەلدار تۇغقىنى ياكى يۇرتدىشىنىڭ ھامىيلىقىدا كىرىپ ئولتۇرسا بولۇۋېرىدىغان چۆپقەت ئۈستىلى ئەمەس! ئۇ، ھوقۇق ئېخىمۇ ئەمەس! مۇھەررىرلىك خەلقىنىڭ ۋىجدانى، ۋەتىنىنىڭ، خەلقىنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن مەسئۇلىيەت. بۇ مەسئۇلىيەت تاردائىرىدىكى شەخسىيەتچىلىك، يۇرتۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق، چۆپقەتچىلىك، تەمەخورلۇق، پۇلپەرەسلىك، ئابرويخورلۇق بىلەن زادىلا چىقىشالمايدۇ، بەلكى ئۇنى ھەرۋاقىت تەرك ئېتىدۇ.

بىر مۇھەررىردە ئۆز ۋەتىنى، خەلقىگە نىسبەتەن يۈكسەك مەسئۇلىيەت ئېڭى بولمىسا، شۇ مۇھەررىرنىڭ قولىدىن چىققان نەشرىي ئەپكارنىڭمۇ جەمئىيەتتە ئېگىشلىك ئورنى بولۇشى ناتايىن. ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا رادىئو-تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرناللاردا نەشرىي ئەپكارلارغا مۇشتەرى بولۇش ھەققىدىكى ۋەز - نەسىھەت تۈسىنى ئالغان مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ئېلانلىرى قايناپ كېتىدۇ. مۇبادا نەشرىي ئەپكار خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقسا، ئۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپ ئۆزىنى بازارلىتىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟

ھازىر بەزى مۇھەررىرلەر ھە دېگەندە كىشىلەر گېزىت-ژۇرنالدىن زېرىكتى، كىتاب-ژۇرنال ئوقۇماس بوپكەتتى، كىتاب-ژۇرناللارنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كەتكەچكە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيۋاتىدۇ. . . دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئۆز ژۇرناللىرىنىڭ بازار تاپالمىغانلىقىغا سەۋەب ئىزدىمەكتە. ئەمما «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى باھاسىنىڭ قىممەتلىكى ۋە ئۆزىنى بازارلاتمايدىغانلىقىغا قارىماي، يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئەتىۋارلاپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بوپكەلمەكتە. ئەترابىمىزدا مۇشۇ ژۇرنال ھەققىدە ياخشى ئىنكاسلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋمىزغۇ؟

دىيارىمىزدا ئۆزگىچە خاھىشىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان، ياشلىرىمىزنىڭ تەپەككۇر مۇنبىرى بولغان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئەركىن نۇر ئەپەندى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 5-سانىدا ئېلان قىلغان «يېڭى ئەسىردىكى ئەدەبىي ژۇرناللار ۋە تور بېتى» ناملىق ماقالىسىدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «بىز ئۆتكەندىكى بىر ئەسىرلىك مۇساپىمىزگە نەزەر سالغىنىمىزدا، مەيلى جۇڭگو ئەدەبىياتى بولسۇن ۋە ياكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بولسۇن، يەنىلا 1980-يىللارغا سېغىنىمىز. چۈنكى بۇ چاغ‹ بارچە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش› تەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن، ھەممە بىردەك ئەدەبىيات-سەنئەتكە ھەر جەھەتتىن ئورتاق كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ھەربىر يازغۇچى، شائىر، ھەربىر ئوقۇرمەن قەلبىدە ئەدەبىياتقا چىن ئىخلاس بىلەن مۇھەببەت باغلىغان سەنئەت دەۋرى بولغانىدى؛ مۇشۇ يېقىندىن ئالغاندا بۇ دەۋرنى پەقەت جۇڭگونىڭ تاڭ دەۋرىدىكى گۈللەنگەن ئەدەبىيات دەۋرىگىلا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. ھالبۇكى، ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ، بىز يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە بولسا، ئۆزىمىز كۆتكەندىن ئەكسىچە، ئەدەبىياتتىكى بىرخىل يىگىلەش ياكى سولغۇنلۇقنى ھېس قىلماقتىمىز. بۇرۇنقى ئەدەبىي قىزغىنلىق، ئەدەبىياتقا بولغان بۇرۇنقى چوڭقۇر مۇھەببەت، بۇرۇنقى قايناق ئەدەبىي بەھس-مۇنازىرە، بۇرۇنقى كەڭكۆڭۈللۈك ئەدەبىي مۇھىت، بۇرۇنقى تۈمەنلەپ تىراژ ۋە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ياخشى ئەسەرلەر ئېقىنى. . . ھېچقايسىسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. گېزىت-ژۇرناللارنىڭ سۈپىتى ۋە تىراژى كۈنسايىن چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نەچچە يۈز مىڭلاپ تىراژى بار بولغان نى-نى نوپۇزلۇق ژۇرناللارنىڭ تىراژى بىراقلا ئۈچ-تۆت مىڭغا چۈشۈپ قالدى. ئەدەبىيات، جۈملىدىن ئەدەبىي ژۇرناللار ھەر جەھەتتىن خۇددى‹ تاشلاندۇق › بالىدەك يېتىمسىرەپ، غېرىبسىنىپ قالدى. پەقەت بەزى قىسمەن ژۇرناللار، ئالايلۇق‹ شىنجاڭ مەدەنىيىتى› گە ئوخشاش ئۇنىۋېرسال ۋە قۇرۇلمىسى ئىخچام بولغان، باشتىن ئاخىر كەڭ خەلق ئاممىسىغا يۈزلەنگەن ژۇرناللارلا بۇنداق سېرىقتال قىسمەتكە پىسەنت قىلماي، يەنىلا ئۆزىدىكى مەتانەتنى ساقلاپ قەد كېرىپ تۇرۇۋېتتۇ. شۇغىنىسى، دىيارىمىزدا مۇنداق ژۇرنالدىن يەنە قانچىسى بار دەيسىز؟ ! . . .

بۇ يالغۇز شىنجاڭدىكى ئەدەبىي ژۇرناللارلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جۇڭگو بويىچە ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ژۇرنال يولۇققان بىر ئورتاق قىسمەت! بۇ ھال شۇ ژۇرناللاردا ئىشلەۋاتقان ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنى ئازابلىماي قالمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، مۇھەررىرلەر، ژۇرنالىستلار بارلىق چارە-ئامالارنى ئىشقا سېلىپ، ئۆز ژۇرناللىرىنى قۇتقۇزۇشقا كۈچىنىڭ بارىچە ئۇرۇنماقتا».

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، دادىللىق بىلەن بازارغا يۈزلىنىپ، ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ۋە

ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالىغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنلىكى - ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات-سەنئەت باشقارمىسىنىڭ 1998-يىل 26-ئىيۇندا چاقىرغان ئەدەبىيات-سەنئەت ژۇرناللىرىنى كۆرۈپ باھالاش ھەيئىتىنىڭ قەرەللىك يىغىنىدا: «〈شىنجاڭ مەدەنىيىتى〉 ژۇرنىلى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ژۇرنال چىقىرىش ئىدىيىسىدە بۇرۇلۇش ياساپ، مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئۇسلۇبى، بەدىئىيلىكى ۋە ئىلمىيلىكىنى ھەقىقىي نامايان قىلىپ، ئىلمىي ئەدەبىيات قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ژۇرنال چىقىرىش نىشانىنى تەدرىجىي ئۆلچەملەشتۈرۈشكە قاراپ يۈزلەندۈرگەن، بۇ ناھايىتى ياخشى باشلىنىش» دەپ، 2000-يىلى 26-مايدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ 33-نومۇرلۇق «ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ باھالاش پىكرى» دە: «〈تەڭرىتاغ〉 ژۇرنىلى بىلەن 〈شىنجاڭ مەدەنىيىتى〉 ژۇرنىلى رېئال تېمىدىكى ئەسەرلەر كۆپ ئېلان قىلىنغان، مەزمۇنى مول، مۇھەررىرلەر كۆپ تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق جاپالىق ئىزدىنىۋاتقان بىر قەدەر ياخشى ژۇرناللار، دېيىشكە بولىدۇ» دەپ، يەنە شۇ يىلى ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقلىرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرناللىرىنى باھالاشتىن تارقاتقان 75-نومۇرلۇق «پىكىر» دە: «〈شىنجاڭ مەدەنىيىتى〉 ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، تېما دائىرىسى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر. بۇ ژۇرنالنىڭ يېقىنقى بىر قانچە سانى مەدەنىيەت تۈرىدىكى ماقالىلەر بىلەن ئۆز ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن؛ نەزەر دائىرىسى كەڭ، كۆز قاراش، نۇقتىنەزەرلىرى يېڭىچە بولغان بىر تۈركۈم ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەنلىكى؛ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرىگە ئاساسەن 1999-يىلى يانۋاردا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى تەرىپىدىن «شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتتە باھالانغان ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال» دەپ، 2001-يىلى دېكابىردا دۆلەت ئاخبارات-نەشرىيات باش مەھكىمىسى تەرىپىدىن «جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى» دىن ئورۇن ئالغان نەشرى ئەپكار دەپ، يەنە شۇ يىلى دېكابىردا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسى تەرىپىدىن ئۈچ تۈردە يەنە بىر قېتىم «شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ژۇرنال»، «شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرىدىكى ژۇرناللارنىڭ 2-نۆۋەتلىك سۈپەت باھالىشىدا 1-دەرىجىگە ئېرىشكەن ژۇرنال» دەپ نام بېرىلگەنلىكى ئاخبارات-نەشرىياتچىلىق ساھەسىگە ۋە ئوقۇرمەنلەرگە سىر ئەمەس، ئەلۋەتتە.

دەرۋەقە، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى پىكىر يولىغا يېتەكلەشتە بايراقدارلىق رول ئويناپ، خەلقىمىز ئارىسىدا بىر مەيدان مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكىتىنى قوزغاپ بەردى ۋە ئۇنى بىر ئىزغا سالدى. بۇ نۇقتىدىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ تۆھپىسىنى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قالاق، كونا فېئودالىزمنىڭ پىكىر ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماي كەلگەن خەنزۇ زىيالىيلىرىغا يېڭى پىكىر مۇھىتى ھازىرلاپ، بىر مەيدان ئىدىيە ئويغىنىش ھەرىكىتى قوزغاپ، دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىدىن تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ. يەنە كېلىپ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۆز تىل-يېزىقىمىزدا نەشر قىلىنىپ، ئۆزىمىزنى مەزمۇن ئوبيېكتى قىلغانلىقى بىلەن بىزگە «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىدىنمۇ قىممەتلىك.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى باشقا ژۇرناللاردەك كەسكىن بازار رىقابىتى ئالدىدا «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەپ ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇشىنى كۈتۈپ ياتماستىن دادىل بازارغا يۈزلىنىپ، ھۆكۈمەت مەبلىغىسىزمۇ ئۆ مەۋجۇدلۇقىنى يوقىتىپ قويماي ئۆز بۇرچىنى تولۇقى بىلەن ئادا قىلىپ كەلمەكتە. يەنە بۇ ژۇرنالدا باشقا تەھرىر بۆلۈملىرىدىكىدەك ئون-يىگىرمىلەپ ئادەم بولماستىن، باش مۇھەررىر قۇربان مامۇت بىلەن مۇئاۋىن باش مۇھەررىر رىسالەت مۇھەممەت - ئىككىلا ئادەم بار.

«سېنىڭ دۈشمىنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ يازمىلىرىدا يېڭى پىكىر، سەنئەت يۈكسەكلىكى، خەلقىمىزگە پايدىلىق تەرەپلەر بولسىلا ئۇنى قەدىرلەپ ئالدى بىلەن ئىشلىتىشىڭ كېرەك. بىز مانا مۇشۇنداق قىلىمىز. نەشرىي ئەپكار دېگەن شەخسنىڭ مۈلكى ئەمەس بەلكى بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىيەت داستىخىنى» دېگەندى بىر قېتىملىق سۆھبەتتە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى قۇربان مامۇت ئەپەندى يۈرىكىدىكى گەپنى قىلىپ.

مانا بۇنى مۇھەررىردىكى مەسئۇلىيەت، ئالىيجاناب روھ دېمەي بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ھەربىر مۇھەررىر ئۆزىدە مۇشۇنداق ئاڭنى يېتىلدۈرۈشى تولىمۇ زۆرۈر.

قۇربان مامۇت ئەپەندى رايونىمىزنىڭ كۇچا ناھىيىسىدىن، ئەمما ئۇ باشقۇرۇۋاتقان ژۇرنالدا كۇچالىق ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى يوق دېيەرلىك. قۇربان مامۇت ئەپەندى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدە سەرخىل زىيالىيلار مۇھىتىدا ياشايدۇ. ئەمما ئۇ

چىقىرىۋاتقان ژۇرنالدا سەرخىل زىيالىيلارنىڭ ئەسەرلىرىلا ئەمەس، يەنە چەت يېزا ـ قىشلاقلاردىكى دېھقانلاردىن تارتىپ پارقازان ئىشچىلىرىغىچە، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پروفېسسورلىرىدىن تارتىپ مەدىكارلارغىچە ھەرخىل قاتلامدىكى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ ئاپتورلارنىڭ كۆپ قىسمى قۇربان مامۇت ئەپەندىگە ناتونۇش.

ئادەمگە ئەمەس، ئەسەرگە قاراش قۇربان مامۇت ئەپەندىنىڭ ژۇرنال چىقىرىشتا باشتىن ئاخىر ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان توپ پرىنسىپى. «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلىنىڭ رايونىمىزدىكى ژۇرناللارنىڭ سەركىسىگە ئايلىنالىشىنى قۇربان مامۇت ئەپەندىنىڭ مۇھەررىرلىكنى ھوقۇق ئەمەس، بەلكى مەسئۇلىيەت دەپ قاراپ، ئۆزىدە شەخستىن ھالقىغان بۇرچ تۇيغۇسىنى يېتىلدۇرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ھۆكۈمەت فونكسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ نەشرىي ئەپكارلىرى خېلى بۇرۇنلا ھۆكۈمەتنىڭ قولىدىن مۇستەسنا ھالدا بازارغا يۈزلىنىپ، ھايات-ماماتلىق رىقابەت جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، نەچچە يۈز مىليون يۈەنلىك مەبلەغكە ئىگە گۇرۇھ ـ شىركەتلەربولۇپ تەشكىللەندى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نەشرىي ئەپكارلارنىمۇ مۇشۇ رىقابەتنى كۈتۈۋالمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. شۇنداق كۈن كەلگەندە مۇھەررىرلىكنى ھوقۇق دەپ چۈشەنگەنلەر بىرىنچى بولۇپ ئاتتىن چۈشىدۇ. چۈنكى ئۇ چاغدا ئاپتورلار مۇھەررىرلەرگە ئەمەس، مۇھەررىرلەر ئاپتورلارغا بېقىنىدۇ. تار دائىرىدىكى شەخسىي زىددىيەتنىڭ ئورنىنى كەڭ دائىرىدىكى رىقابەت كۈرىشى ئىگىلەيدۇ-دە، ئادەمگە ئەمەس، ئەسەرگە قارايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ.

بۇ نۇقتىنى ئالدىن چۈشىنىپ يەتكەن «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى رىقابەتنىڭ تۇنجى قەدىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باستى. ئۆزگىچە قاراشقا ئىگە، مۇستەقىل تەپەككۇر ئىقتىدارى بار قەلەم ساھىبلىرىنى دوست تۇتتى، ئادەمگە ئەمەس، بەلكى ئەسەرگە قاراپ مۇئامىلە قىلدى.

ئەمما بەزى مۇھەررىرلىرىمىز يۇقىرىقىدەك رىقابەت كىرىزىسىدىن مۇستەسنا ھالدا مۇھەررىرلىكنى ھوقۇق كوزىرى قىلىۋېلىپ، مەزھەب تەشكىللەپ، گۇرۇھۋازلىق، يۇرتۋازلىق قىلىپ ، پالانى مېنىڭ دۈشمىنىم، ئۇنىڭ بىلەن بېرىش-كېلىش قىلغانلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بەرمەيمەن، دەپ ئۆكتەملىك قىلىپ بىر قىسىم ئاكتىپ قەلەم ساھىبلىرىنى چەتكە قاقماقتا.

مۇھەررىرلىكنى ھوقۇق دەپ قارىغۇچىلارغا شۇنداق دېگۈم كېلىۋاتىدۇ: ئەجىبا، شۇ نەشرىي ئەپكار سىزنىڭ شەخسىي ژۇرنىلىڭىزمۇ؟ سىزنىڭ پالانىنىڭ ئەسىرىنى بەرمەيمەن، پۇستانىغا ژۇرنالدىن ئورۇن يوق دېيىشكە نېمە ھەددىڭىز؟ شەخسىي زىددىيەتنى نېمىدەپ ئومۇمنىڭ ئىشىغا ئارىلاشتۇرۇۋالىسىز؟ بىلىپ قېلىڭكى، ھۆكۈمەت قانۇنلۇق نەشر قىلغان ئەشۇ ژۇرنالدا ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇني كاپالەتكە ئىگە بولغان ھەرقانداق بىر گراژدانىنىڭ ئەسەر ئېلان قىلىش ھوقۇقى بار. پەقەت ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ساغلام بولسىلا، نەشر ئۆلچىمىگە يەتسىلا سىزنىڭ ئۇنى ژۇرنالغا بېرىش مەسئۇلىيىتىڭىز بار. بۇ، سىزدىكى مەجبۇرىيەت، خالاس. (M2)

«شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى





باش مۇھەررىر: قۇربان‌مامۇت(M1)    مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت(M2)



# ژۇرنىلىمىزنىڭ شان-شەرىپى

## ژۇرنىلىمىز «جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىن ئورۇن ئالدى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۈچ تۈردە ژۇرنالچىلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

● 2001-يىلى نويابىردا بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو ژۇرنال كۆرگەزمىسى» دە مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردا چىقىدىغان 7000 دىن ئارتۇق ژۇرنال كۆرگەزمە قىلىنغان بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاخبارات-نەشرىيات باش مەھكىمىسىنىڭ 2001-يىلى 19-دېكابىردا چىقارغان 1682-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرغان ژۇرناللاردىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قاتارلىق 20 خىل ژۇرنال نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقان ژۇرناللار دەپ قارىلىپ، «جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى» دىن ئورۇن ئالدى. بۇ، ژۇرنىلىمىز ئېرىشكەن دۆلەت دەرىجىلىك ئەڭ ئالىي نەشرىياتچىلىق مۇكاپاتى ھېسابلىنىدۇ.

● ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسى ئۆتكۈزگەن «شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈردىكى 2-نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ژۇرناللار مۇكاپاتى» ۋە «شىنجاڭ بويىچە 2-نۆۋەتلىك ژۇرناللار مۇكاپاتى» نى باھالاش 2001-يىلى دېكابىردا غەلىبىلىك ئاياغلاشتى. 25 خىل ژۇرنال «شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال» مۇكاپاتىغا، 20 خىل ژۇرنال «شىنجاڭ بويىچە ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بۇ قېتىمقى باھالاشتا «شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ژۇرنال»، «شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈردىكى ژۇرناللارنىڭ 2-نۆۋەتلىك سۆھبەت باھالىشىدا 1-دەرىجىگە ئېرىشكەن ژۇرنال» بولۇپ ئۈچ تۈر بويىچە باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. بۇ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1999-يىلى «شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتتە باھالانغان ئىجتىمائىي پەنلەر تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال» دەپ مۇكاپاتلىنىپ نام بېرىلگەندىن كېيىن ئىزچىل تۈردە بۇ شان-شەرەپنى ساقلاپ بۇ قېتىم يەنە ئۈچ تۈر بويىچە مۇكاپاتلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسى بۇ قېتىمقى مۇكاپاتلاش پائالىيىتى توغرىسىدا چىقارغان 2001-يىل 31-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

بۇ نۆۋەت ئېلىپ بېرىلغان ژۇرناللار مۇكاپاتىنى باھالاش ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ «ئىجتىمائىي پەنلەر تۈردىكى ژۇرناللارنىڭ 2-نۆۋەتلىك سۆھبەت باھالاش ۋە مۇنەۋۋەر ژۇرناللار مۇكاپاتى ھەمدە شىنجاڭ بويىچە 2-نۆۋەتلىك ژۇرنال مۇكاپاتىنى باھالاش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (2001-يىل 14-نومۇرلۇق ھۆججىتى) دا بەلگىلەنگەن شەرتلەر ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىم باھالاشقا قاتناشتۇرۇلغان 134 خىل ژۇرنالنى جۇڭخۇا خەلق

جۇمھۇرىيىتى ئاخبارات - نەشرىيات باش مەھكىمىسى ئېلان قىلغان «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرىدىكى ژۇرناللارنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى»، باھالاشتا ئاشكارا، ئادىل-لىللا بولۇش پرىنسىپى بويىچە مۇتەخەسسىلەرنىڭ ئۈچ ئاي ئەستايىدىل كۆرۈشى ۋە ئوقۇشى، ژۇرناللارنىڭ سىياسىي يۆنىلىشى، كەسپىي سەۋىيىسى، تەھرىرلىك سۈپىتى ۋە نەشر قىلىش تەرتىپىدىن ئىبارەت تۆت جەھەتتىن ئەتراپلىق باھالىشى ئارقىلىق 40 خىل ژۇرنال 1-دەرىجىلىك، 85 خىل ژۇرنال 2-دەرىجىلىك، توققۇز خىل ژۇرنال 3-دەرىجىلىك ژۇرنال بولۇپ باھالاندى. 1-دەرىجىلىك ژۇرناللار ئاساسىدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق 25 خىل ژۇرنال «شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال» مۇكاپاتىغا، مۇشۇ ژۇرناللار ئىچىدىن 20 خىل ژۇرنال «شىنجاڭ بويىچە ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 25 خىل ژۇرنال تۆۋەندىكىچە:

ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ژۇرناللار: «شىنجاڭ ياچېيكا تۇرمۇشى»، «تارىم غۇنچىلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «تەرىمىلەر»، «شىنجاڭ مائارىپى»، «بۇلاق»، «مىراس»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»؛

خەنزۇ يېزىقىدىكى ژۇرناللار: «شىنجاڭ ياچېيكا تۇرمۇشى»، «غەربىي دىيار تەتقىقاتى»، «زامانىمىز ئاخباراتچىلىقى»، «شىنجاڭ باج ئىشلىرى»، «يېشىلزار»، «يىپەك يولى ساياھەتچىلىكى»، «چېگرا مۇداپىئە تۇرمۇشى»، «شىنجاڭ مائارىپى»، «ئامانلىق»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»؛

قازاق يېزىقىدىكى ژۇرناللار: «شىنجاڭ ياچېيكا تۇرمۇشى»، «ئۆسمۈرلەر پەن-تېخنىكىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «ئىلى دەرياسى» ۋە موڭغۇل يېزىقىدىكى «شىنجاڭ ياچېيكا تۇرمۇشى»، قىرغىز يېزىقىدىكى «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرناللىرىدىن ئىبارەت.

«شىنجاڭ بويىچە ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن 20 خىل ژۇرنال تۆۋەندىكىچە:

1. ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرىدىكى ژۇرناللار (جەمئىي 14 خىل):

ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ژۇرناللار: «تارىم غۇنچىلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «بۇلاق»، «مىراس»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»؛

خەنزۇ يېزىقىدىكى ژۇرناللار: «شىنجاڭ ياچېيكا تۇرمۇشى»، «غەربىي دىيار تەتقىقاتى»، «زامانىمىز ئاخباراتچىلىقى»، «شىنجاڭ باج ئىشلىرى»، «يېشىلزار»، «يىپەك يولى ساياھەتچىلىكى» ۋە قازاق يېزىقىدىكى «ئۆسمۈرلەر پەن-تېخنىكىسى»، «ئىلى دەرياسى»، موڭغۇل يېزىقىدىكى «شىنجاڭ ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرناللىرىدىن ئىبارەت.

2. تەبىئىي پەن تۈرىدىكى ژۇرناللار (جەمئىي ئالتە خىل):

ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ژۇرناللار: «قۇرغاق رايون جۇغراپىيىسى»، «شىنجاڭ ئورمانچىلىقى»؛

خەنزۇ يېزىقىدىكى ژۇرناللار: «شىنجاڭ نېفىت گېئولوگىيىسى»، «شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پەن-تېخنىكىسى»، «ھازىرقى زامان سۈپەتچىلىكى»، «شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دىن ئىبارەت.

بۇ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ژۇرناللار توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە ۋە نەشرىياتچىلىق فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ تەشۋىقات ئىنتىزامى ۋە دۆلەتنىڭ نەشرىياتچىلىققا ئائىت قانۇن-نىزاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، ساغلام ژۇرنال چىقىرىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ بازار رىقابىتىدە دادىل پۇت دەسسەپ تۇرغان؛ ئۆزىگە خاس ژۇرنال چىقىرىش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولغان؛ بىر قەدەر يۇقىرى ئىلمىيلىككە، مەدەنىيلىككە، بەدىئىيلىككە ئىگە؛ لايىھىلىنىشى كۆركەم، رەڭدار، باسما سۈپىتى بىر قەدەر يۇقىرى، تەھرىرلىك ۋە كوررېكتورلۇق سۈپىتى ئەلا، ئۇنىۋېرساللىقى ئالدىنقى نۆۋەتتىكى باھالاشقا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن. بۇ قېتىم ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرىدىكى ژۇرناللارنىڭ ئۇنىۋېرسال سۈپىتىنى باھالاش ئارقىلىق يەنە كۆپلىگەن مەسىلىلەرمۇ بايقالدى. مەسىلەن: 1999-يىلى «شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال» مۇكاپاتىغا ۋە «شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن بەزى ژۇرناللارنىڭ يېقىنقى ئىككى يىل مابەينىدە سۈپىتى چۈشۈپ كەتكەن، ھەتتا بەزىلىرى 2-دەرىجىلىك ژۇرنال قاتارىغا چۈشۈپ قالغان؛ يەنە بەزى ژۇرناللارنىڭ يۆنىلىشىدە مەسىلە كۆرۈلگەن، مۇقامى چۈشكۈن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇق سۈپىتى ناچار، تىراژى ئاز، رىقابەت ئىقتىدارى ئاجىز، نادىر ئەسەرلەر ئېڭى كەمچىل. ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم تۆۋەن بولۇش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ژۇرناللاردا ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا.

«شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال» لار مۇكاپاتى ۋە «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» نى ئۆتكۈزۈشتىن مەقسەت شىنجاڭنىڭ ژۇرنالچىلىق سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، نەشرىياتچىلىقنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نادىر ئەسەرلەر ئېڭىنى تىكلەپ، سەرخىل ژۇرناللارنى كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ژۇرناللار نەشرىياتچىلىقىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى باھالاش ئارقىلىق ھەرقايسى ژۇرناللار ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىشى، ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، نەشرىياتچىلىق بازىرىدا پۇت دەسسەپ تۇرالايدىغان توغرا رىقابەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى، ژۇرناللارنى پىلانلاش ۋە سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، تىراژىنى كۆپەيتىپ ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشى كېرەك. 2003-يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان ژۇرناللارنىڭ ئۇنىۋېرسال سۈپىتىنى باھالاش ۋە «مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ژۇرنال» لارنى تاللاش بويىچە 3-قېتىملىق باھالاش پائالىيىتىدە ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئەڭ ئاساسلىق ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

- رىسالەت مۇھەممەت(M2)



تۆت پەرزەنتنى مائارىپ، قانۇن، ئەدەبىيات ساھەلىرىدە مۇنەۋۋەر ئىختىساس
ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈرگەن پەخىرلىك ئانا، تونۇلغان ئەدىبە، سەمەرىلىك سەنئەت
تەتقىقاتچىسى ئاتىكە زەمىري خانىم



《新疆文化》　　(维吾尔文)
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2002 - يىل 2 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)


主办:新疆维吾尔自治区文化厅
编缉出版:《新疆文化》杂志编缉部
国际标准刊号:ISSN1008—6498
国内统一刊号:CN65—1073/G2
发行范围:国内外发行
地址:乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编:830001　电话:2856942
印刷:《新疆日报》印刷厂
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلىدۇ
خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى:CN65—1073/G2
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون:2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号:58—22　　定价:5 元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 _ 58　　باھاسى: 5 يۈەن